# كارنېگى ھېكمەتلىرى

تۈزگۈچى: جاۋيەنيۈن قاتارلىقلار
تەرجىمە قىلغۇچى: غالىب مەنسۇر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

卡耐基金言：维吾尔文/赵燕芸，田薇，林珊编；哈里甫.曼苏尔译. 一 喀什：喀什：维吾尔文出版社，2000.7
ISBN 7－5373－0797－0

Ⅰ.卡… Ⅱ.①赵… ②田… ③林… ④哈…
Ⅲ.名句－美国－汇编－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 39716 号

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 32/1 开本 10.875 印张 1 插页
2000 年 8 月第 1 版，2000 年 8 月第一次印刷
印数：1 — 3110 定价：13.50 元

# مۇندەرىجە

## جاھاندارچىلىق سەنئىتى


سەكسەن بەش پىرسەنت .................................... 1
ئۆلۈك ئىتنى ھېچ كىشى تەپمەيدۇ ................................ 1
زېھىن قويۇپ ئاڭلاشنىڭ خۇشامەت تۇسىنى بەزىلەر چۈشەنمەيدۇ 3
كىشىنىڭ يۈزىنى قىلىڭ ...................................... 6
بۇيرۇق ئەمەس، تەكلىپ بولسۇن .............................. 7
سۆھبەتدىشىڭىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ئەڭ
قىزىقارلىقتۇر ........................................................ 9
چۈشىنىش ھاسىل قىلىش كىشىلەرنى تەنقىدلىگەندىن كۆپ ياخشى 9
كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈڭ .............. 10
تاماشىبىنلىرىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈڭ ................................ 11
چىن دىلىڭىزدىن كۈلۈمسىرەڭ ...................................... 13
كىشىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ ...... 14
سەۋر - تاقەت كىشىلەرگە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ ......... 15
دوستلۇق ۋە ئىللىقلىق قەھر-غەزەپتىن مەڭگۈ ئۈستۈن تۇرىدۇ 18
خەقتىن ئۈستۈن تۇرسىڭىز چوقۇم تەنقىدتىن خالىي بولالمايسىز 18
مۇسابىقە ئېلان قىلىڭ ............................................. 20
قارشى تەرەپنىڭ قارىشىنى ئىگىلەڭ ............................ 20
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ ..................... 21
باشقىلاردىن قانداق مۇئامىلە كۈتسىڭىز سىزمۇ باشقىلارغا شۇن-
داق مۇئامىلە قىلىڭ ................................................ 22

مىجەزىڭىز غەلىتە بولمىسۇن .................................. 23

كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلىدىغىنى دەل ئۆزىدۇر .................. 25

كىشىلەرگە دائىم ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇڭ ...... 26

ئالدى بىلەن باشقىلارغا ئاز-تولا ئىش قىلىپ بېرىڭ ........... 26

كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى ........... 28

ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى بىراۋدىن ئۈستۈن چاغلايدۇ ............ 28

كىشىلەرگە سەمىمىي كۆيۈنۈڭ ....................................... 29

پايدىلىق كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىڭ ..................... 31

ئوخشاشمىغان پىكىرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك ......... 33

ئىت نېمە ئۈچۈن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ ............ 36

كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ ... 37

باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىڭ ........................... 38

ئاچچىقلىنىشنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر ................................ 41

ئەقىللىق بولۇڭ، بىراق خەقكە بىلدۈرمەڭ ......................... 43

رەقىبىڭىزنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىڭ ............................ 45

كىشىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈڭ ......... 46

ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى جاھىل كېلىدۇ .......................... 47

ناچار ئادەت كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ ................................. 49

باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىڭ .......................................................... 50

تۇرمۇشتىكى كەمتەرلىك كۆڭۈل ئازادىلىكىدۇر .................... 51

پەقەت بىرلا ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەرقانداق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ .................................. 52

نام، مەنپەئەت، مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىيىن ئۆت-كەلدىن ئۆتۈش كېرەك .............................................. 54

لىنكولىننىڭ خەقلەر بىلەن چىقىشىش سىرى ..................... 56

قۇسۇرخورلۇق ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدۇ ........................... 57

خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش ئۆزىنى ئاقلىغاندىن ئەۋزەل 58
ئانچىكىم ئىشلارغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك 59
كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇش 60
يۇمشاقتا قاتتىقنى يېڭىش 62
كۈلكە بىلەن جاۋاب بېرىڭ 63
ئىنسانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھېسداشلىققا موھتاج 64
كەمتەر پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈڭ 64
ئۆزىڭىزنى سەممىيلىك بىلەن بىراۋنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆرۈڭ 66
ئىشنى ماختاش ۋە ھەقىقىي زوقلىنىشتىن باشلاش كېرەك 67
بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ 67
بىراۋنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇڭ 68
دۈشمىنىڭىزنىڭ پىكرى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ 69

## سۆزلەش ماھارىتى

سۆزگە ماھىر بولۇشنى مەشىق قىلىڭ 71
بىراۋغا ھېسداشلىق قىلغاندا، ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇر-
غىلى بولىدۇ 72
ئەيىبلەشنى ئەمەس، ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ 73
رەھمەت سۆزىگە سەل قارىماڭ 75
ئىلھام كىشىنىڭ تالانتىنى جارى قىلدۇرىدۇ 77
مۇنازىرىلىشىشنىڭ پايدىسى يوق 78
ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز كېرەك 80
مۇۋاپىق تەنقىد ئۇسۇلىنى تاللاڭ 80
ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەش كىشىگە ئالىيجانابلىق ھېس قىلدۇرىدۇ 81
رەقىبىڭىزگە «ياق» دېيىش پۇرسىتىنى بەرمەڭ 82
قارشى تەرەپكە پىكرىنى تولۇق بايان قىلىش پۇرسىتى بېرىڭ 83

قانداق قىلغاندا سۆزلەش ھەۋسى بىلەن ماھارىتىنى ئۆستۈر-
گىلى بولىدۇ .......... 85
سۆز ماھارىتىنى مەشىق قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار .......... 86
كاتتا يازغۇچى بىراندشاۋنىڭ خاتىرىلەنمىگەن ئىشلىرى .......... 88
خۇشامەت قىلماي چىن دىلىڭىزدىن ماختاڭ .......... 89

## ھاياتلىق مېلودىيىسى

قەلب سادايىڭىزغا قۇلاق سېلىڭ .......... 92
خەتەردىن قورقۇپ بېكىنىۋالماڭ .......... 92
پۇتۇمدا ئاياغ بولمىغانلىقتىن كۆڭلۈم بەك يېرىم .......... 93
قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەڭ .......... 94
ئۆز ئارزۇسىنى بىلىش ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىنمۇ مۇھىم .......... 95
ھاياتلىقتىكى ئىككى نىشان .......... 97
كارنىگىنىڭ قىبلىنامىسى .......... 98
كۆرەشنىڭ ئوبيېكتى ئۆزىڭىز .......... 98
ھايات سەكرەپ قايتىش تاختىسىدۇر .......... 101
ئۆزىڭىزنى پەش قىلماڭ .......... 102
پۇرسەتنى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ .......... 102
«بىخەتەر» پاراخوت قىرغاقتىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ .......... 104
ياشاش ئىمكانىيىتى بولغان بىردىنبىر ۋاقىتتا قانائەتلىنەرلىك
ياشىشىمىز كېرەك .......... 104
«تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق» نى كۆپەيتىڭ .......... 106
جىسمانىي ئاجىزلىق ئۇلارنى تېخىمۇ تىرىشىشقا ئۈندىگەن،
تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرگەن .......... 108
ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇڭ .......... 109
راھەتپەرەسلىكنىڭ زىيىنى .......... 109

سىزگە ئاڭسىز روھىي ھالىتىڭىز قوماندانلىق قىلسۇن ········ 110

شۆھرەتپەرەسلىككە گول بولماڭ ························ 112

قىلسىمۇ تەنقىدكە ئۇچراش، قىلمىسىمۇ تەنقىدكە ئۇچراش ··· 113

يۈرەكلىك ھەم ئېھتىياتچان بولغاندا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ························ 114

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆزىگە مۇتلەق ئىشىنىدۇ ········ 117

كۈرەش تەۋرەنمەس ئېتىقادقا موھتاج ························ 118

ئىدىيە مېخانىزمىغا ئوخشىشىدۇ ························ 119

يېتەرسىزلىك ئاسانلىقچە ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ئىز ························ 120

ئەنگلىيە - فرانسىيە دېڭىز بوغۇزىدىن تۇنجى قېتىم ئۇچۇپ ئۆتكەن ئادەم ························ 120

تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ························ 122

ئىچكى توسالغۇغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ ························ 123

يېزا - قىشلاقلاردىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ ········ 123

مۇۋەپپەقىيەت ھەرقانداق كىشىگە ئوخشاش پۇرسەت بېرىدۇ 124

تەن تۇرمۇشتىكى زېھنىي كۈچ ئىسكىلاتى ························ 125

كۆلپەت ئىچىدە قالغان كىشى ························ 125

دەقىقە پۇرسىتىنىمۇ چىڭ تۇتۇڭ ························ 126

پارچە - پۇرات ۋاقىتتىن پايدىلىنىڭ ························ 129

قىممەتلىك سەھەر ························ 131

ھامان بىر - ئىككى ئېغىز مەدھىيە سۆزى پۈتۈنلەي ساختا بولىدۇ ························ 132

كىچىك يېزا - قىشلاقلار مەشھۇر كىشىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىش ئورنى ························ 134

ھورۇنلۇقنىڭ جازاسى ························ 134

سىزدەك مۇنەۋۋەر ئادەم يوق ························ 135

ھايات 40 ياشتىن باشلىنىدۇ ........................ 136
سىز مۇھىتنىڭ خوجايىنى ........................ 137
ھۇزۇرلۇق كەيپىياتى ۋە ئىدىيىسى كىشىنىڭ روھىي ھالىتىگە
تەسىر كۆرسىتىدۇ ........................ 138
بەش مىنۇت خېلى ئۇزاق ۋاقىت ........................ 139
ھۇزۇرلۇق كېسەللىكنى داۋالاش ........................ 140
يۈرەكلىك، باتۇر بولۇڭ ........................ 141
كىشىنى چۆچۈتىدىغان سەرپىيات ........................ 142
غايە كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ 143
مېڭە ھاياتلىق كۈچىنى كونترول قىلالامدۇ؟ ........................ 144
ئۇمۇ دەسلەپتە بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى ئادەم ئىدى ........................ 145
ۋاقىتنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىڭ ........................ 146

## تۇرمۇش قاپىيىسى

ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇڭ 148
تۇرمۇش تېخنىكىسى — ياشاش ئىقتىدارى ........................ 150
مۇزىكىنى قالغان ئۈچ تارىدا ئورۇنداش ........................ 151
ساغلام، خۇشال روھىي ھالەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا
ياردەم بېرىدۇ ........................ 153
ئۆزۈڭىزدىن باشقا ھېچكىم سىزگە خاتىرجەملىك بەخش
ئېتەلمەيدۇ ........................ 156
بىز — ئەتىدىكى ئەۋلىيا ........................ 157
«خۇشاللىق دوختۇرى» نىڭ ھەقسىز مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن
بولۇڭ ........................ 158
ھاياتلىق لەززىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇڭ ........................ 159
تۇرمۇشىڭىز تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولسۇن ........................ 160

ساۋابلىق ئىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 160

خەقنىڭ مىننەتدار بولۇشىنى ئۈمىد قىلماڭ ........................ 160

ئەندىشىگە «بۇ يەردە توختاپ قال» دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈرۈڭ 161

خۇشاللىق ھاياتلىقتىكى مۇھىم ئامىل ........................ 164

شۆھرەتپەرەسلىك ۋە سۆلەتۋازلىق ناچار پەزىلەتنى يوشۇرىدىغان
روھىي ھالەتتىن بارلىققا كەلگەن ........................ 170

قوشۇمىڭىزنى تۈرمەڭ، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ ........................ 172

سىز قورقۇنچنى يېڭەلەيسىز ........................ 174

جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇڭ ........................ 175

مۇھىتنىڭ خوجايىنى بولۇڭ ........................ 176

ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ........................ 177

ئۆزىمىز ياقتۇرمايدىغان ئادەملەرنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەيلى 177
قىساسچىمىزغا قارشى يانغان غەزەپ ئوتى ئۆزىمىزنى كۆيدۈرۈپ
قويىسۇن ........................ 178

كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان پىسخىك كۈچ ........................ 179

ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇڭ — ئاندىن خىجىل بولمايسىز ........................ 180

تىرىشچان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى چوقۇم تەسەللىگە ئېرىشىدۇ 181

سىزدە مەلۇم ھەۋەس بولۇشى كېرەك ........................ 182

بالىڭىزنىڭ ئىنتىلىشىنى مەسخىرە قىلماڭ ........................ 183

بالىنى ئەيىبلەشتىن بۇرۇن... ........................ 184

بالىلارنى ئارتۇقچە ئارزۇلاپ كېتىشكە بولمايدۇ........................ 187

ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىلدۈرگەندە تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن
ھەقىقىي ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ ........................ 190

توختىماي ئاغرىنىش ئەڭ ئەجەللىك زەربىدۇر ........................ 193

ئائىلىدىكى تەنقىدتىن ساقلىنىڭ........................ 195

بىراۋنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ھۆرمەتلەڭ ۋە ياقتۇرۇڭ........................ 196

كالىلا ئىشلىتىشنى خالايدىغان ئادەملەر ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ 196

رىتىملىق تۇرمۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ كاپالىتى 197
ھەرىكىتىڭىز سىزنى كىشىگە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ ...... 198
بۇگۈننى ئوبدان مۆلچەرلىگەندە ئەتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ...... 200
تۇرمۇشىڭىزنى پىلانلىق، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇڭ ........ 200
ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بىلىڭ.................... 201
ئاياللارنى ماختاشنى بىلمەي تۇرۇپ ھەرگىز توي قىلماڭ...... 203
كىچىك سوۋغىلارنىڭ ئاياللارغا بولغان ئەھمىيىتى.............. 205
تۇرمۇشىڭىزنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ ........................ 207
بىكار ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇڭ.................. 208

## خىزمەت رىتىمى

ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان خىزمەتنى قىلىڭ...................... 209
يەنە بىر خىل ئۇسۇلنى سىناپ كۆرۈڭ..................... 210
ئەتىلىك خىزمەتنى ياخشى پىلانلاڭ ...................... 211
يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىشقا سېلىشىڭىز
كېرەك ............................................ 212
زېھنىڭىزنى مۇۋاپىق ئىشلىتىڭ ........................ 213
توغرا ھۆكۈم ئىشلارنى ئۈنۈملۈك قىلىشنىڭ مۇھىم ئاملى 214
مەغلۇبىيەت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتنى يېتىلدۈرۈڭ ............ 215
ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەي ھەرىكەت قىلىڭ ................ 215
قىزغىنلىق — خاراكتېرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى........ 216
ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىشنى قىلىڭ ........................ 218
مەدھىيە ۋە ئىلھام كىشىنى تىرىشىپ ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ...... 220
ياخشى خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندە، خىزمەتمۇ بىر خىل
راھەتكە ئايلىنىدۇ ...................................... 222
رىتىملىق خىزمەت مۇھىتىنى ساقلاڭ ...................... 224

225 خىزمەتكە بولغان ئىشتىياقىڭىز بوشىشىپ قالمىسۇن ........
226 ھۆرۈنلۈقىڭىز ئۈچۈن باھانە ئىزدىمەڭ ........................
تەشكىللەش، ھوقۇق بېرىش ۋە يېتەكلەشنى ئۆگىنىۋېلىش
229 لازىم ....................................................
230 زېرىكىشلىك خىزمەتنى قىزىقارلىق خىزمەتكە ئايلاندۇرۇڭ ...
ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىڭىزنى ئويلىنىپ
231 كۆرۈڭ ....................................................
232 ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئىرادە ..............................
234 ھارغىنلىق ئادەتتە خىزمەتتىن پەيدا بولمايدۇ ..............
236 بىلىم - قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇڭ ..............
237 جىسمىڭىز كونا پايپاقتەك ئەركىن بولسۇن ..............
238 ھۆرۈنلۈقنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى ..............
240 پىلان تۈزۈڭ ............................................
241 ئىشتا كەسكىن بولۇڭ ....................................
242 ۋاقىت جەدۋىلىدىن ئەپچىل پايدىلىنىڭ ....................
پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى
243 بولمايدۇ ................................................
244 تېز بولۇشتا توغرا بولۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى كېرەك
245 ياخشى ئادەتتىن پايدىلىنىپ ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ........
246 ئىناۋەتنى ئاساس قىلىڭ....................................
246 ھاياتلىقنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش پۇرسىتى ......
248 خىزمىتىڭىزنى توختىتىپ قويماڭ ..........................
249 تۇنجى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭ ..........................
250 كەسكىنلىك ھەممىدىن ئەلا..................................
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىدىيىسى كىشىگە يېڭى ھاياتبەخش
251 ئېتىدۇ ..................................................
252 قىلغان ئىشىڭىزنىڭ باش - ئايىغى بولۇشى كېرەك ..........

بوشاشماي تىرىشىش روھى ................................ 253
قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان ئادەم ................................ 254
ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ ................................ 257
راھەت قوغلىشىش ئادىتىنى تاشلاڭ ................................ 258
ھەرقانداق ئورۇن، ۋاقىتتا ئىشلەۋېرىڭ ................................ 260
ئىشەنچ — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى ................................ 262
ياشلار بوشاڭ بولماسلىقى كېرەك ................................ 263
ئىككى قولنىڭ ئىشلىتىلىشى ................................ 264
بوش ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك ................................ 265
تەييارلىق بولسا، تالاپەت بولمايدۇ ................................ 266
خەقنىڭ قولى بىلەن گۈلگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ................................ 267
تالانت تېپىدىكى خىزمەت پوزىتسىيىسى ................................ 268
خىزمەتتە تەشكىللەش ئادىتى بولۇشى كېرەك ................................ 272

## كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى

ئوقۇغان كىتابىڭىز سىزنىڭ توغرا ھاياتلىق نىشانى تۇرغۇزۇ-
شىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ ................................ 274
لۇغەت كۆرىدىغان ئادەم ................................ 276
چەكلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ پايدىلىق كىتابلارنى كۆپرەك
ئوقۇش كېرەك ................................ 278
كىتابنى سىستېمىلىق، پىلانلىق ئوقۇش كېرەك ................................ 279
«ئاچلىق» ۋە «قورساق تويغۇزۇش» ................................ 281
بەدەل تۆلەشكە قارىماي يېڭى بىلىم ئىزدەش كېرەك ................................ 282
قوي يېتكەندىن كېيىن قوتاننى ئوڭلاش كېچىككەنلىك بولىدۇ 284
كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يېڭى بىلىملەرنى تولۇقلاش كېرەك 285

## پۇلنىڭ قىممىتى


ئىنسانلارنىڭ 70% قايغۇسى پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ......... 287
پۇلىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلىڭ ......... 287
مەڭگۈ قىمار ئوينىماڭ ......... 288
بىر قېتىمدا بىرلا كارىۋاتتا ئۇخلىغىلى بولىدۇ ......... 288
ئامانەت قويۇش ئارقىلىق بېيىش ......... 289
ئاچ قالسىڭىز قېلىڭكى، ھەرگىز پۇل قەرز ئالماڭ ......... 290
پاتېنت تەلەپ قىلمىغان كەشپىياتچى ......... 290
شۆھرەتپەرەسلىك — زاۋاللىقنىڭ باشلىنىشى ......... 292


## سودا ئېڭى


تەبەسسۇم كىشىنى بايلىققا ئېرىشتۈرىدۇ ......... 294
مىلاد بايرىمىدىكى بىر كۈلۈشنىڭ قىممىتى ......... 296
كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىسمىغا قىزىقىدۇ ......... 297
سىزدە غەلىبە قىلىش ئارزۇسى بولسۇن ......... 298
كىچىك ئىشلارنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرىدىغان تەسىرى ئەڭ
چوڭقۇر بولىدۇ ......... 300
لىنكولىننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇسۇلى ......... 301
ئەڭ ئۇنۇملۇك ئېلان ......... 302
خىزمەت ئۇستىلى ......... 303
خىزمەتچىلەرگە نەمۇنە بولۇش كېرەك ......... 303
ئادەمنى چۈشەنگەندە ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىغىلى بولىدۇ ... 304
قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىنىش كېرەك ......... 305
خىزمەتداشلار ئارا سەمىمىي بولۇش كېرەك ......... 306

زامانىۋى كەسىپ ئېقىمىغا ماسلىشىڭ ........................ 307
مال چوقۇم يېڭى بولسۇن ........................ 307
مۇستەقىل تىجارەت قىلىڭ ........................ 308
تىرىشچان بولغاندا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ 310
ئۆزىڭىزنى ئىش ئۈستىگە قويۇڭ ........................ 311
قار - شىۋىرغاننى باھانە قىلىش ........................ 312
قانداق قىلغاندا نەتىجىلىك ياش بولغىلى بولىدۇ ............... 313
مۇلازىمەتتە چوقۇم ئۆز دۇكىنىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قى-
لىش كېرەك ........................ 314
مۇلازىمەتنىكى قىيىنچىلىق ۋە ئاسانلىقنى بىلىش كېرەك ...... 315
ئېلان ساختىسىز، چىن بولۇشى كېرەك ........................ 316
تىجارەت باشلاش ۋە گېزىتتە ئېلان بېرىش سەنئىتى ............ 317
كەسپتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، تەقدىر ۋە كىشىلەردىن
ئاغرىنماسلىق كېرەك ........................ 318
زېرەك، كەسكىن بولۇش كېرەك ........................ 319
ئارسالدىلىق — ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغرىسى ............... 321
تىجەشلىك بولۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى ........................ 322
ھەشەمەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 323
قەرز ئېلىشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك ........................ 325
قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى خىزمىتىڭىزگە ئارىلاشتۇرۇڭ ......... 326
تىرىشچانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت ئورنى ئەڭ
قىممەتلىك ........................ 327
كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى كۈچ ئۆزىڭىزدە ......... 328
قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى سەمىمىيەتلىك بىلەن تەسىرلەندۈرۈڭ 329
نەتىجىسىز تىجارەت قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك ............... 331
ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تېپىڭ ........................ 333

# جاھاندارچىلىق سەنئىتى

## سەكسەن بەش پىرسەنت

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ 15%ى شۇ كىشىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارىدىن بولسا، 85% ى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە جاھاندارچىلىق سەنئىتىدىن كېلىدۇ.

## ئۆلۈك ئىتنى ھېچ كىشى تەپمەيدۇ

1929 ـ يىلى، بىر ئىش پۈتۈن ئامېرىكا مائارىپ ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر شۇ ئىشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چىكاگوغا يىغىلىشتى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، روبېرت خۇۋكىنس ئىسىملىك ياش يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇپ نىيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇ كۈتكۈچى، ياغاچ كېسىش ئىشچىسى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ۋە تانا ساتقۇچى بولغان. ئاردىن سەككىز يىل ئۆتۈپ، ئۇ پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئېلان قىلىنىدۇ. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ئىشقا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. مائارىپ ساھەسىدىكى ياشانغان زاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بېشىنى چايقاپ نارازى بولۇشىدۇ. بۇ «سېھىرلىك بالا» توغرۇلۇق: بەك ياش، تەجرىبىسى كەم، مائارىپ كۆزقارىشى كۆلكىلىك ھەم بىمەنە ئىكەن، دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل تەنقىدىي پىكىرلەر پەيدا

بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئەيىبلەشلەرگە ھەتتا گېزىت-ژۇرناللارمۇ قېتىلىپ كېتىدۇ.

يىگىت ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان تۇنجى كۈنى، بىرسى ئۇنىڭ دادىسىدىن:

— ئوغلىڭىز توغرىسىدا گېزىتتە ئېلان قىلىنغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق تەنقىدلەرنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ئوقۇدۇم، — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ ئۇ، — بۇ تەنقىدلەر ھەقىقەتەن قاتتىق، لېكىن ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، «ئۆلۈك ئىتنى ھېچ كىشى تەپمەيدۇ».

سىز ئامېرىكىلىق قايسىدۇر بىر كىشىنىڭ «ساختىپەز»، «ئالدامچى» ياكى «قاتىلدىن ياخشىراق ئادەم» دەپ ئەيىبلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇ؟ بىر گېزىتتىكى ھەجۋىي رەسىمدە، ئۇنىڭ جازا مەيدانىدا تۇرغانلىقى، كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىچ تەگكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى تىللاۋاتقانلىقى، ئۇنىڭغا ھاقارەت، مەسخىرىلەر ياغدۇرۇۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. سىز بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ دەل گېئورگى ۋاشىنگتون ئىدى.

دېمەكچىمىزكى، خەقنىڭ سىزنى تەپكەنلىكى ياكى يولسىز تەنقىد قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنى مۇھىم قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇنداق ئىشلار كۆپىنچە سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىڭىز ھەمدە كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر دىققەت قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق بىر خىل ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۆزىگە قارىغاندا ياخشىراق تەربىيە كۆرگەن ياكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئامراق، ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رەزىل ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ. ئېيتايلۇق، مەن مارشال ۋىلىيام بوسنى رادىئودا مەدھىيىلىگەن. ئۇ جاھان قۇتقازغۇچى ئارمىيىنىڭ قورغۇچىسى ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، مەن بىر خانىمنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە نامراتلارنى قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن 8000 دوللار ئىئانە پۇلنى مارشال بوسنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىنى ئەيىبلەپتۇ. دەرۋەقە،

بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ ئاساسى يوق ئىدى. بۇ خانىم ھېچقانداق ئاساسسىزلا شۇنداق رەزىللىك بىلەن بىر ئالىيجاناب ئادەمگە تۆھمەت قىلغان. مەن بۇ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتىم. خۇداغا شۈكرى، بۇ خانىم مېنىڭ ئايالىم بولۇپ قالماپتۇ. ئۇ مارشال بوسنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماستىن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرگەن. شوپېنخاد بۇ توغرۇلۇق: «بىلىمسىز كىشىلەر ئاتاقلىق شەخسلەردىن قۇسۇر تېپىشقا ئامراق كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى زور خۇشاللىقا ئېرىشىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئەگەر سىز يامان نىيەتتىكى تەنقىد ۋە ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالسىڭىز، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يامان نىيەتتىكى تەنقىد ئادەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن ماختاشتۇر. چۈنكى، ئۆلۈك ئىتنى ھېچ كىشى تەپمەيدۇ.

## زېھىن قويۇپ ئاڭلاشنىڭ خۇشامەت تۇسىنى بەزىلەر چۈشەنمەيدۇ

زېھىن قويۇپ ئاڭلاش بىزنىڭ بىراۋغا بولغان ئالىي ھۆرمىتىمىز. ۋۇئۇدفور ئۆزىنىڭ «ناتونۇشلارنىڭ مۇھەببىتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «زېھىن قويۇپ ئاڭلاشنىڭ خۇشامەت تۇسىنى بەزىلەر چۈشەنمەيدۇ.» مەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاشتىن سىرت، «ئۇلارنى سەمىمىيلىك بىلەن تەرىپلەيمەن.»

شۇنداق قىلالىسىڭىز، بىراۋ سىز بىلەن پاراڭلىشالايدۇ. بىراق، سىز يەنىلا بىراۋنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭىز، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشىڭىز لازىم.

سودا سۆھبىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى نەدە؟ ھەر ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغۇچى ئالىم ئىلىئات مۇنداق دەيدۇ: «سودا

سۆھبىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا باشقا ھېچقانداق سىر يوق. بىراۋنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش سىز ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم. باشقا ھەرقانداق ئۇسۇل ئۇنداق كۆڭۈللۈك بولمايدۇ.»

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۇقۇمنى چۈشىنىش ئۇچۇن سىزنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۆت يىل ئوقۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بەزى سودىگەرلەر ھەشەمەتلىك ماگىزىنلارنى ئىجارە ئېلىپ بېزەكچىلىك ۋە ئېلان تاختىلىرى ئۇچۇن بىرمۇنچە پۇل خەجلەيدۇيۇ، ئاخىرىدا بىراۋنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشنى بىلمەيدىغان، خېرىدارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىدىغان، ئۇلارغا سوغۇق سۆزلەيدىغان، ھەتتا ئۇلارنى ماگىزىندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدىغان مال ساتقۇچىلارنى ياللايدۇ.

دائىم باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەيدىغان، ھەتتا باشقىلارنى قوپال تەنقىد قىلىدىغان ئادەممۇ سەۋرچان، ھېسداش ئاڭلىغۇچىنىڭ ئالدىدا يۇمشاپ قايىل بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئاڭلىغۇچى غالجىر جېدەلخور زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش زەھەر چېچىۋاتقان چاغدىمۇ تىپتىنچ قۇلاق سالىدۇ. مەسىلەن، نيۇ - يورك تېلېفون شىركىتى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تېلېفونىستلارغا ھاقارەت قىلغان بىر ناچار خېرىدارغا يولۇققان. ئۇ، تېلېفون ھەققى خاتا ھېسابلانغان دەپ تېلېفون ھەققىنى تۆلەشنى رەت قىلىپ، تېلېفون شىركىتىنى غالجىرلىق بىلەن ھاقارەتلەپ گېزىتكە خەت يازغان ۋە تېلېفون شىركىتى ئۇستىدىن ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە قايتا-قايتا ئەرز سۇنغان.

كېيىن، شىركەت تەجرىبىلىك بىر «كېلىشتۈرگۈچى» نى بۇ تەرسا خېرىدارنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. «كېلىشتۈرگۈچى» لام - جىم دېمەي ياشانغان خېرىدارنىڭ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىشىنى كۈتۈپ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىپتۇ.

«كېلىشتۈرگۈچى» يازغۇچىلارغا خاس ئىپادىلەش شەكلى بىلەن، ئۆز تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ توختىماي سۆزلىدى، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەخمىنەن ئۈچ سائەت ئاڭلىدىم، كېيىن ئۇنىڭ

قېشىغا يەنە باردىم ۋە داۋاملىق ئۇنىڭ غۇدۇراشلىرىغا قۇلاق سالدىم. ئۇنىڭ قېشىغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت قېتىم باردىم. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق زىيارەتتە، مەن پەقەت ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپلا ئولتۇردۇم ۋە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىر مەسىلىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىمنى بىلدۈردۈم. مەن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفون شىركىتىدىن كەلگەن ئادەم سۈپىتىدە پاراڭلاشمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدە ياخشىلىنىش بولدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىكى مەقسىتىمنى دەسلىپىدە ئوتتۇرىغا قويمىدىم. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىم. بىراق، تۆتىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە مەن ئارازلىقنى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتۇرۇپ، تېلېفون ھەققىنى ئۇنىڭدىن تولۇق تۆلىتىپ ئالدىم. سۆھبەت جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە سۇنغان ئەرزىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. »

شۈبھىسىزكى، بۇ ئەپەندىنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن، ئاۋامنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىمەن، رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرىمەن دېيىشى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى مۇھىم كۆرسىتىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئىشنى ئۇ ئالدى بىلەن قۇسۇر تېپىش، نارازى بولۇش بىلەن باشلىغان. بىراق، شىركەت خادىمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇھىملىق ئارزۇسىغا يەتكەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئاغرىنىشتىن قىلچە ئەسەر قالمىغان.

ئەگەر سىز بىراۋ مەندىن قاچسۇن، مېنى زاڭلىق قىلسۇن، ھەتتا مېنى مەنسىتمىسۇن دېسىڭىز، بۇ يەردە بىر ئۇسۇل بار: ئۇنىڭ سۆزىگە زادىلا قۇلاق سالماڭ، توختىماي ئۆزىڭىز توغرۇلۇق گەپ سېتىڭ، باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇنىڭ سۆزلەپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن چېۋەرلىكىڭىزنى كۆز - كۆز قىلىڭ؛ مەن نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەرزىمەس سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋاقىت سەرپ قىلىدىكەنمەن، دەپ بىراۋنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىڭ ۋە گېپىنى بۆلۈۋېتىڭ.

ئادەمنى بىزار قىلغۇچىلار — ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ۋە ئۆزىنى

مۇھىم كۆرسىتىش ئارزۇسىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان تېتىقسىز كىشىلەردۇر.

سىز شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ باققانمۇ؟ مانا مەن ئۇچرىتىپ باققان، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار تېخى ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىدىكى ئاتاقلىق زاتلاردۇر.

ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلار پەقەت ئۆزى توغرۇلۇقلا سۆزلەيدۇ. كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور بادلېر مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنىلا ئويلايدىغان كىشىلەر ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان، تەربىيە يۇقماس كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرقانچە تەربىيىلەنگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنداقلارنى تەربىيە ئالغان دېگىلى بولمايدۇ.»

ئەگەر سىز سۆزلەشكە ماھىر ئادەم بولاي دېسىڭىز، بىراۋنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. مەسىلەن، لي خانىم ئېيتقاندەك: «ئەگەر بىراۋ ماڭا قىزىقسۇن دېسىڭىز، ئالدى بىلەن سىز ئۇنىڭغا قىزىقىڭ.» بىراۋ جاۋاب بېرىشنى ياقتۇرىدىغان سوئالنى سوراڭ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىشىگە ئىلھام بېرىڭ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىشى ئۆزى، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆزى ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە سىز ۋە سىز ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە قارىغاندا 100 ھەسسە قىزىقىدۇ. ئۇنىڭ چىش ئاغرىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن مىليونلىغان كىشىنىڭ ئاپەتتە قازا قىلغىنىدىنمۇ مۇھىم. ئۇ بويىنىدىكى كىچىككىنە چاقىنى ئافرىقىدا 40 قېتىم يەر تەۋرىگەندىنمۇ چوڭ بىلىدۇ. سىز كېلەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىنىڭىزدا بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

بىراۋ مېنى ياقتۇرسۇن دېسىڭىز، بىراۋنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا ماھىر بولۇڭ ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىشىگە ئىلھام بېرىڭ.

## كىشىنىڭ يۈزىنى قىلىڭ

كىشىنىڭ يۈزىنى قىلىش نەقەدەر مۇھىم - ھە! بىراق، بىز بۇ

نۇقتىغا دائىم ئېرەنسىز قارايمىز، كۆپ ھاللاردا سۇر كۆرسىتىپ، ئۆزد-
مىزنىڭكىنى راست قىلىپ ھەم خەقتىن قۇسۇر تېپىپ، پوپۇزا قىلىپ،
باشقىلارنىڭ ئالدىدا بالىلىرىمىز، خىزمەتچىلىرىمىزنى ئەيىبلەيمىز ھەمدە
بۇ قىلمىشىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن - تەگمىگەنلىكى بىلەن
ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمىز. ئەمەلىيەتتە، بىراۋنى نەزىرىمىزگە ئالساق،
ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولساقلا، بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى خۇ-
شاللىقتا ئايلاندۇرالايمىز.

ئەگەر ئۇنىڭ خاتا، ئۆزىمىزنىڭ توغرا بولغاندىمۇ يۈز - خاتىرە
قىلىشنى بىلمىسەك، ئۇ ئادەمنى نابۇت قىلغان بولىمىز. فرانسىيىلىك
يازغۇچى ئانتون سانئېبۇرى مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ باشقىلارنى كەمسىتى-
دىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ھەققىم يوق، بىراۋغا بىزنىڭ قارى-
شىمىز مۇھىم ئەمەس، بەلكى بىراۋنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشى مۇھىم،
شۇڭا باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش جىنايەتتۇر.»

## بۇيرۇق ئەمەس، تەكلىپ بولسۇن

ئوۋېن يان بىلەن ئىشلىگەن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئوۋېن يان-
نىڭ باشقىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇ بۇيرۇق
قىلماستىن، ئۆز پىكرىنى مەسلىھەت تەرىقىسىدە ئېيتىدىكەن. مەسىلەن،
ئۇ: «بۇنى قىلىڭ، ئۇنى قىلىڭ» ياكى «بۇنى قىلماڭ، ئۇنى قىلماڭ»
دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەيدىكەن؛ ئۇ: «سىز مۇنداق قىلسىڭىز بول-
غۇدەك» ياكى «سىزنىڭچە مۇنداق قىلساق بولارمۇ؟» دېگەندەك سۆزلەرنى
ئىشلىتىدىكەن. ئۇ دائىم يېزىلغان خەتلەرنى ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىپ
بولغاندىن كېيىن، ياردەمچىسىدىن: «سىزنىڭچە شۇنداق دېسەك بو-
لارمۇ؟» دەپ سورايدىكەن. ياردەمچىسى ئۇ يازغان خەتنى كۆرۈپ چىققان-
دىن كېيىن: «ئېھتىمال مۇنداق يازساق ياخشىراقمىكىن» دېگەندەك
سۆزلەرنى قىستۇرۇپ قويىدىكەن. ياردەمچىلىرىگە ئىش ئۆگىتىپ يۈر-

مەستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىپ، خاتالىق داۋامىدا ئۆگىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىكەن.

بۇ ئۇسۇل كىشىنىڭ خاتالىقنى تۈزىتىۋېلىشىغا قۇلاي بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ساقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ بىلەن قارشىلىقنى تۈگىتىپ، ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

قوپاللىق بىلەن قىلىنغان بۇيرۇق ناھايىتى ئېنىق بولغان خاتالىقنى تۈزىتىشكە قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئارازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پېنسىلۋانىيە شتاتىدا دان سانتارىل ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇ بىزگە مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەن:

مەلۇم ساۋاقداش ماشىنىسىنى بىنەپ يەرگە توختىتىپ، باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇپتۇ. بىر ئوقۇتقۇچى سىنىپقا ئېتىلىپ كىرگىنىچە: «يولنى توسۇپ قويغان قايسىڭنىڭ ماشىنىسى؟» دەپ سوراپتۇ. ماشىنا ئىگىسى جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇ: «دەرھال ماشىناڭنى بىر ياققا تارت، بولمىسا ئادەم چاقىرىپ سۆرىتىپ كېتىمىز» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ ئوقۇغۇچى ھەقىقەتەن خاتا قىلغان، ماشىنىنى ئۇ يەرگە توختاتماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق، شۇ كۈندىن باشلاپ، پەقەت شۇ ساۋاقداش مۇئەللىمدىن نارازى بولۇپلا قالماي، باشقا ساۋاقداشلارمۇ دائىم قەستەن چاتاق تۇغدۇرۇپ بۇ ئوقۇتقۇچىنى ئوسال قىلىپتۇ.

ئەگەر ئۇ ئوقۇتقۇچى بۇ ئىشنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلغان بولسا، نەتىجىسى قانداق بولار ئىدى؟ ئۇ چىرايلىق قىلىپ: «يولنى توسۇپ قويغان قايسىڭلارنىڭ ماشىنىسى؟» دەپ سورىغاندىن كېيىن، «كىرىپ - چىقىشقا قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن، ماشىنىڭىزنى چەتكە تارتىپ قويغان بولسىڭىز» دېگەندەك تەكلىپ بەرگەن بولسا، ئىشىنىمىزكى، ئۇ ساۋاقداش خۇشاللىق بىلەن شۇنداق قىلغان ھەمدە ھېلىقى ئوقۇتقۇچى باشقا ساۋاقداشلارنىڭمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىگەن بولاتتى.

## سۆھبەتدىشىڭىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ئەڭ قىزىقارلىقتۇر

غەيۋەتخورلۇق، ئۆزى توغرۇلۇق گەپ سېتىش كىشىنى بىزار قىلىدۇ، سۆھبەتدىشىڭىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىش ئەڭ قىزىقارلىقتۇر.

مولى قولتۇقىغا بېرىپ، روزۋېلتنى زىيارەت قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولماي قالمايتتى. بۇ توغرۇلۇق بلايدفور: «مەيلى ئۇ پادىچى بولسۇن ياكى ياۋايى چەۋەنداز بولسۇن، نيۇ - يوركتىن كەلگەن سىياسىئون بولسۇن ۋە ياكى دىپلومات بولسۇن، روزۋېلت ئۇلار بىلەن نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى» دەپ يازغان. ئۇ قانداق قىلاتتى؟ جاۋاب تولىمۇ ئاددىي، روزۋېلت ھەربىر زىيارەتچى بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى زىيارەتچى ئالاھىدە قىزىقىدىغان تېمىلار ئۈستىدە ماتېرىيال كۆرۈپ بولۇپ ئۇخلايتتى.

چۈنكى، روزۋېلت باشقا داھىيلارغا ئوخشاش كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ماھىر بولغاچقا، باشقىلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى. شۇڭا، سىز كىشىلەر مېنى ياقتۇرسۇن دېسىڭىز، ئۇلار كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىڭ.

## چۈشىنىش ھاسىل قىلىش كىشىلەرنى تەنقىدلىگەندىن كۆپ ياخشى

تەنقىد ئارقىلىق ھېچقانچە نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. تەنقىد بىراۋنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ، بەلكى تەنقىدلەنگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چارە - ئامال ئىزدىشىگە سەۋەبچى

بولىدۇ، خالاس. تەنقىد تولىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، بىراۋنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تەگكەندىن باشقا، ئۆزىنى مۇھىم دەپ قاراش تۇيغۇسىغا بەرھەم بېرىدۇ، ھەتتا كىشىدە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ.

كىشىلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىڭ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىڭ. بۇ، ئۇلارنى تەنقىدلىگەندىن كۆپ ياخشى ۋە قىزىقارلىق. چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ھېسداشلىق، مېھىر - مۇھەببەت ۋە سەۋرچانلىقنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق.

## كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈڭ

سىز بىراۋنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى بىلەمسىز؟ قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سىياسىي قابىلىيەتمۇ ئەمەس، چاقناپ تۇرىدىغان ئەقلىي قابىلىيەتمۇ ئەمەس، مۇلايىملىقمۇ ئەمەس، باتۇرلۇقمۇ ئەمەس ۋەياكى يۇمۇرىستىك تۇيغۇمۇ ئەمەس.

مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم دوست تۇتۇش قابىلىيىتى. تېخىمۇ ئېنىق، ئىخچاملاق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈش ئىقتىدارىدۇر.

دوست تۇتقاندا بىراۋنىڭ پىكرىگە ئىلھام ئاتا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل قارشى تەرەپنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇھىم دەپ قاراش ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەمەلىيەتتە ئۆزئارا ئىشىنىش مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئەگەر لەۋزىڭىزدە تۇرمىسىڭىز، سىز ئۇنىڭدىن ئوغرىلاپ كېتىدىغىنىڭىز ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلى بولماستىن، بەلكى ئۆتۈپ كەتسە مەڭگۈ كەلمەيدىغان قىممەتلىك ۋاقتىدۇر.

ئادەتتە سىز بەزى كىشىلەرنى ياقتۇرمايسىز، بۇنداق مىجەزنى ئۆز-

گەرتىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تېپىشتۇر. ئۇنى سىز چوقۇم تاپالايسىز.

كىشىلەرنى كۈلدۈرەلىگىنىڭىزدە دوستلۇق يولىنى ئاچقان بولىسىز، بىر ئادەم سىز بىلەن تەڭ كۈلگەندە ئۇ سىزنى مەلۇم دەرىجىدە ياقتۇرغان بولىدۇ.

## تاماشىبىنلىرىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈڭ

مەن نيۇ - يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ھېكايە يېزىقچىلىقى» دەرسىدىن بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ تەھرىرى بىزگە لېكسىيە سۆزلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھەركۈنى بىرمۇنچە ھېكايە ئۇنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ تۇرىدىكەن، ئۇ ھەربىر ھېكايىنىڭ بىرەر ئابزاسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان - بۆلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدىكەن. ئۇ: «ئەگەر ئاپتور ئوقۇرمەنلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئوقۇرمەنلەرمۇ ئاپتورنىڭ ھېكايىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ» دېگەن ئىدى.

يېزىقچىلىقتا شۇنداق ئىكەن، ئىشىنىشىڭىز كېرەككى، كىشىلەر بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرغاندىكى ئەھۋالمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

ئۆتكەن قېتىم خوۋارد شېرستون ياشانغانلار يىغىلىشىدا ماھارەت كۆرسەتكەندە، مەن ئۇنىڭ سەھنە ئارقىسىدىكى كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدە بىر كېچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇ كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان مەشھۇر سېھىرگەر بولۇپ، 40 يىلدىن بېرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىلـ-مۇخىل خىيالىي كۆرۈنۈشلەرنى يارىتىپ، تاماشىبىنلارنى تاڭ قالدۇر-غان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تەخمىنەن 60 مىليون كىشى بېلەت سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەن. ساپ كىرىمى تەخمىنەن 2 مىليون دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن.

مەن شېرستوننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىنى بىلمەكچى بولـ-

دۇم. ئەمەلىيەتتە ئۇ كىچىك تۇرۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆياق-بۇياقلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكتىن ئاساسەن مەكتەپ تەربىيىسى كۆرەلمىگەن. بەزىدە ئۇ بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ماشىنا كوزۇپلىرىغا مۆكۈۋېلىپ ھەقسىز بارغان. بەزىدە شاخ-شۇمبا ئىچىدە قونۇپ قېلىپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ يېمەكلىك تىلەپ يېگەن. يۈك ماشىنىلىرىغا چىقىۋېلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە، يول تاختىلىرىدىكى خەتلەرگە قاراپ بەزى خەتلەرنى تونۇيالايدىغان بولغان.

ئۇ راستىنلا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە سېھىرگەرلىكنى بىلەمتى؟ ئۇنداق ئەمەس، سېھىرگەرلىككە ئائىت كىتابلار شۇنچە كۆپ بولۇپ، بۇنى باشقا سېھىرگەرلەرمۇ شىرستونغا ئوخشاشلا ياخشى بىلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى ئىككى خىل ئەڭگۈشتەر باشقىلاردا يوق ئىدى. بىرىنچىسى، ئۇ سەھنىدە ئۆز خاراكتېرىنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەيتتى. ئۇ مەشھۇر سەنئەتكار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ سەھنىدىكى ھەربىر ھەرىكىتى، قول ئىشارىسى، ئىنتوناتسىيىسى ھەتتا قاش-كىرپىكلىرىنى ئوينىتىپ كۈلۈشى قاتارلىقلار ئالدىن ئەستايىدىللىق بىلەن رەپىتىس قىلىنغان ۋە كېتەرلىك ۋاقىت ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلانغان بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شىرستوننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى «ئادەم»گە كۆڭۈل بۆلۈش ئىدى. ئۇ ماڭا كۆپلىگەن سېھىرگەرلەرنىڭ تاماشىبىنلار ئالدىدا ئۆز-ئۆزىگە: «قاراڭ، ئۇ يەردە ئولتۇرغانلار بىر توپ كالۋالار، قارا قورساق سەھرالىقلار، ئۇلار ماھارىتىمدىن ئاغزىنى ئېچىپ داڭ قېتىپ قالىدۇ» دەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىراق، شىرستون ھەرگىز ئۇنداق دەپ ھېسابلىمىغان. ئۇ ھەر قېتىم سەھنىگە چىققاندا ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ كىشىلەرنىڭ ئويۇنۇمنى كۆرگىلى كەلگىنىگە رەھمەت، ئۇلار تۇرمۇشۇمنى خۇشاللىقتا ئېرىشتۇرىدۇ، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىشىم كېرەك» دەيتتى.

ئۇ سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۆز-ئۆزىگە: «مەن تاماشىبىنلارنى

سۆيىمەن، مەن تاماشىبىنلارنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزنى تەكرارلاشنى ھەرگىز ئېسىدىن چىققارمىغانلىقىنى ئېيتقان. سىزنىڭچە كۆلكىلىكمىكەن؟ بىمەنىمىكەن؟ مەيلى سىز قانداق ئويلاڭ، مەن بىر مەشھۇر سېھىرگەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرىنى ئېيتىپ بەردىم، خالاس.

## چىن دىلىڭىزدىن كۈلۈمسىرەڭ

بۇ يەردە كۈلۈمسىرەش سەنئىتىگە ئائىت بىرقانچە تەكلىپ بار. ئالدى بىلەن، سىزدە دۇنيا ۋە دۇنيادىكى كىشىلەرگە قارىتا چوقۇم توغرا پوزىتسىيە تىكلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىسىز. بىراق، ئىش بېجىرگەندىكىگە ئوخشاش كۈلۈمسىرەشنىڭمۇ رولى چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق كۈلۈمسىرەشمۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلالايدۇ ھەمدە ئوخشاشلا شۇ خىل شەكىلدە سىزگە قايتىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق بېغىشلاش كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا سىز ئاسانلا كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىۋالىسىز.

سىز كۈلۈمسىرىگەندە كۆڭلىڭىزدىكى غەم - قايغۇ ۋە نورمالسىز ھېسسىياتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. سىز بىراۋغا كۈلۈمسىرىگىنىڭىزدە، ھېچبولمىغاندا، ئۇنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭىزنى ئەپچىللىك بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىگەن بولىسىز. بۇنىڭ بىلەن بىراۋ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىدۇ ۋە سىزنى تېخىمۇ ياقتۇرىدۇ. كۈلۈمسىرەش ئادىتىنى سىناپ كۆرۈشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق.

ھەرىكەت تىلغا قارىغاندا جانلىقراق بولىدۇ، كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى كۆرگەنلىكىمدىن خۇشالمەن، مېنى خۇشال قىلىۋەتتىڭىز» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىتنى ياخشى كۆرۈشىدىكى سەۋەب مۇشۇ يەردە. ئىت

ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان هالدا بىزنى تېپىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا بىز تەبىئىي هالدا ئىتقا ئامراق بولۇپ قالىمىز. چىن دىلىمىزدىن كۈلمەي يالغاندىن هىجىيىپ قويساقچۇ؟ ئەلۋەتتە يالغان كۈلكە بىلەن هېچكىمنى ئالدىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ماشىنا ئادەمدەك كۈلۈشتىن هەممە ئادەم بىزار. مېنىڭ دەۋاتقىنىم هەقىقىي كۈلۈمسىرەش، كىشىگە ئىللىقلىق بەخش ئېتىدىغان، چىن دىلىدىن چىققان كۈلۈمسىرەش؛ هەقىقىي قىممەت يارىتىدىغان كۈلۈمسىرەشتۇر.

ساختا كۈلۈمسىرەشنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ ساختا. كۈلكە چوقۇم يۈرەك قېتىدىن، چىن دىلىدىن ئۇقچۇپ چىقىشى، ئۇنىڭ ئىپادىلىرى كۆز، ئاۋاز ۋە هەرىكەتتە ئىپادىلىنىشى لازىم. هەرىكەت ئىپادىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولسا، ئۆزىڭىزمۇ خۇشال بولىسىز.

## كىشىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ

روزۋېلت كىشىگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئېنىق، شۇنداقلا ئەڭ مۇهىم ئۇسۇلىنى بىلەتتى. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئەستە ساقلاپ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇهىملىقىنى هېس قىلدۇرۇشتۇر. بىراق، ئارىمىزدىكى قانچىلىك كىشى شۇنداق قىلالايدۇ؟

بىز كۆپىنچە ناتونۇش كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تونۇشىمىزيۇ، لېكىن خوشلاشقاندا، هەتتا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالىمىز.

«سايلىغۇچىلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئەستە ساقلاش سىياسىي تالانت، ئۇنتۇپ قېلىش يوقىتىشتۇر. بۇ بىر سىياسىئون ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىرىنچى دەرس هېسابلىنىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئەستە ساقلاش كەسىپ ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدا مۇهىم بولۇپلا قالماي، سىياسىي ئىشلاردىمۇ ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

بۈيۈك ناپالېئوننىڭ جىيەنى فرانسىيە پادىشاھى ناپالېئون II گەرچە دۆلەت ئىشلىرى بىلەن شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ، ئۆزى بىلەن كۆرۈشـكەن ھەربىر كىشىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئېسىدە ساقلىيالايدىغانلىقىدىن ماختىنىغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇسۇلى قانداقتى؟ ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ناپالېئون بىراۋنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بولسا: «كەچۈرۈڭ، ئىسمىڭىزنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم» دەيتتى. ئاز ئۇچرايدىغان ئىسىم فامىلەلەرنى ئاڭلىغاندا: «ئىسمىڭىز قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؟» دەپ سورايتتى.

ئۇ پاراڭلىشىۋاتقان كىشىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى زېھنى قويۇپ تەكرارلاپ تۇراتتى ھەمدە كاللىسىدا بىراۋنىڭ ئىسمى بىلەن چىرايى، تەقى - تۇرقى ۋە باشقا قىياپەتلىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇراتتى.

ئەگەر ئۇ مۇھىم كىشى بولسا، ناپالېئون تېخىمۇ زېھنى سەرپ قىلاتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ زەن سېلىپ ئولتۇراتتى ۋە چوڭقۇر ئەستە قالدۇرغاندىن كېيىن قەغەزنى يىرتىۋېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆرگىنى بىلەن ئاڭلىغىنىنى بىرلەشتۈرەتتى.

بۇ ئىشلار ئۇچۇن ۋاقىت سەرپ بولىدۇ. بىراق، ئېمىرسون: «ئېسىل پەزىلەت كىچىك بەدەلدىن كېلىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئەگەر سىز كىشىلەر مېنى ياقتۇرسۇن دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى تىلدىكى ئەڭ يېقىملىق ئىبارە دەپ بىلىپ ئېسىڭىزدە ساقلاڭ.

## سەۋر - تاقەت كىشىلەرگە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ

كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغانلىقى، ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كېلەلە-

گەنلىكى ۋە سالماق بولالىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاز سۆزلەش، كىشىلەر بىلەن زاكونلاشماسلىق نېمىدېگەن راھەت ـ ھە؟ ئاسان ئاچچىقلىنىش ۋە چۈسلۈق بىراۋنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئېغىر ـ بېسىقلىقتا داڭق چىققان بىر دۇكاندار بار ئىكەن. بىر كىشى ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى قەستەن سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ دۇكىنىغا بېرىپتۇ ۋە دۇككانغا كىرىپ، ئۇنى ـ بۇنى سوراپ بېقىپتۇ. ھەر خىل رەختلەرنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، بىر خىل رەختنى ياقتۇرۇپتۇ ـ دە:

— بۇ رەخت مۇۋاپىق كەلگۈدەك، بىر سېنتلىق كېسىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

خوجايىن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال رەختتىن كىچىككىنە بىر پارچە كېسىپ بىرسىگە چىرايلىق ئورانقۇزغاندىن كېيىن، تەكەللۇپ بىلەن خېرىدارغا بېرىپتۇ.

سىز مۇشۇنداق سەۋرچانمۇ؟ مۇشۇنداق ئاچچىقلانماي تۇرالامسىز؟ شۇنداق بىر خېرىدارنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ چاقچاقتا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇئامىلىسىدىن چىرايىڭىزنى ئۆزگەرتمەي ھەم نارازى بولماي تۇرالامسىز؟

بىز جاسۇسلارنىڭ ھەركىتىدىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر يۇقىرى تاقەتكە ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمىسە، جېنى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بىر جاسۇس دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال گاس ـ گاچا قىياپىتىگە كىرىۋالسا، مەيلى ئۇ قانداق ئۇسۇلدا سوراق قىلىنسۇن، تەھدىت، ئالداش ۋە ھاقارەتلەردىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئاخىرىدا سوراق قىلغۇچى ئۇنىڭغا: «بولدى، كەتسىڭىز بولىدۇ!» دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بىراق، سىزنىڭچە بۇ جاسۇس قانداق قىلار؟ ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولارمۇ؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كۈچىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇرۇنقىدەك ھېچ نەرسىنى سەزمىگەن ھالدا سوراق قىلغۇچىنىڭ بۇيرۇقىنى پەقەت ئاڭلىمىغان قىياپەتتە تۇرۇۋالسا، ئۇ غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

سوراق قىلغۇچى جاسۇسنى قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۆز ئۇسۇلى بىلەن ئۇنىڭ راست ياكى يالغان گاس - گاچا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. چۈنكى، جاسۇس ئەركىنلىككە ئېرىشكەن چېغىدا، كۆپىنچە ھاياجىنىنى بېسىۋالالمايدۇ. بىراق، جاسۇس بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشتە بولماي، سوراق قىلغۇچى سورىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇرۇۋەرسە، سوراق قىلغۇچى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ جاسۇسنىڭ راستتىنلا مېيىپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي تۇرالمايدۇ - دە: «بۇ ئادەم گاس - گاچا بولمىغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم بىر ساراڭ، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار!» دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، جاسۇسنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ئىدىيە ئەركىن ئىدىيىدۇر. ئەركىنلىك كۈچ دېمەكتۇر!

«لىنكولىن دەسلەپتە خاراكتېرى چۇس، كۈچتۈڭگۈر، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ، باشقىلار بىلەن دۇئېلغا چۈشۈپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان. بىراق، ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلىشنى مەشىق قىلىپ، ئاخىر سەۋر- تاقەتلىك ئادەمگە ئايلانغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈمنى كونترول قىلىشنى بىلىپ، سەۋرچانلىق ئادىتىمنى يېتىلدۈرگەندىن كېيىن، قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلىكىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.»

سىز بىر كىشىنىڭ قانچىلىك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدار-

غا قارىسىڭىزلا بولىدۇ.

سىز بىراۋنىڭ قاتتىق ھاقارەتلەنگەندىمۇ قىلچە ئاچچىقلانماي تۇرغان-لىقىنى كۆرگەنمۇ؟ بۇنداق كىشىلەر ھەقىقەتەن باتۇرلاردۇر!

## دوستلۇق ۋە ئىللىقلىق قەھر - غەزەپتىن مەڭگۈ ئۈستۈن تۇرىدۇ

مەن يالاڭ ئاياغ ئويناپ يۈرگەن ئۈسمۈر چاغلىرىمدا، ئىزوپ مەسەل-لىرىدىن بىرنى ئوقۇغان ئىدىم، ئۇنىڭدا قۇياش بىلەن شامال ھەققىدىكى ھېكايە سۆزلەنگەن ئىدى. بىر كۈنى، قۇياش بىلەن شامال ئۈستۈنلۈك تالىشىپ قاپتۇ، شامال قۇياشقا: «ئەلۋەتتە مەن ئۈستۈن تۇرىمەن، ئاۋۇ چاپان كىيىۋالغان بوۋايغا قارا، سەن بىلەن باغلىشىمەنكى، ئۇنىڭ چاپىنى-نى سەندىن مەن بالدۇر سالدۇرۇۋېتەلەيمەن» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شامال كۈچىنىڭ بارىچە بوۋايغا قاراپ ئۇشقىرتقىلى تۇرۇپتۇ ۋە بوۋاينىڭ چاپىنىنى بالدۇراق سېلىۋېتىشىنى ئۈمىد قىپتۇ، ئەمما شامال كۈچەيگەنسېرى، بوۋاي چاپىنىنى تېخىمۇ چىڭ ئورىۋاپتۇ.

ئاخىر شامال ھېرىپ قاپتۇ. قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ ئىللىق نۇرىنى چېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بوۋاي تەرلىرىنى ئېر-تىشقا باشلاپتۇ ھەمدە چاپىنىنى سېلىۋېتىپتۇ. قۇياش شامالغا قاراپ: «دوستلۇق ۋە ئىللىقلىق قەھر - غەزەپتىن مەڭگۈ ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەپتۇ.

## خەقتىن ئۈستۈن تۇرسىڭىز چوقۇم تەنقىدتىن خالىي بولالمايسىز

مەرھۇم ماتېۋ براش ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا خەلقئارا شىركىتىدە

لىدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭدىن: «سىز تاشقى دۇنيا-نىڭ تەنقىدىگە بەك سەزگۈرمۇ - قانداق؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «شۇنداق، ئەينى يىللاردا مەن تاشقى دۇنيانىڭ تەنقىدىگە بەك سەزگۈر ئىكەنمەن. ئۇ چاغلاردا كۈچۈمنىڭ بارىچە شىركەتتىكى ھەربىر خىزمەتچىنىڭ مېنى نۇقسانسىز ئادەم دەپ قارىشىنى ئۈمىد قىلات-تىم. ئەگەر بىرەر كىشى ئۇنداق قارىمايدىكەن، ئەس - يادىم شۇنىڭدا قالاتتى - دە، باشلامچى بولۇپ ماڭا قارشى تۇرغۇچىغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ياخشىچاق بولاتتىم. بىراق، مەن ئۇ كىشىگە يېقىن تۇرغانسېرى، باشقىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدۇم، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئىز-دەپ تەنقىدتىن خالىي بولاي دېگەنسېرى، ماڭا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلار-نىڭمۇ كۆپىيىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاخىرىدا شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغاندا چوقۇم تەنقىدتىن خالىي بولغىلى بولمايدىكەن. ئۇنداقتا ئامال بار باشقىلارغا ماسلىشىش كېرەكمۇ؟ بۇ ئويۇمنىڭ دەرۋەقە ناھايىتى چوڭ ياردىمى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىۋەردىم ۋە ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي كۈنلۈكۈمنى تۇتۇۋېلىپ بوينۇمغا تەنقىد يامغۇرلىرى چۈ-شۈشىنىڭ ئالدىنى ئالدىم.»

ئەگەر لىنكولىن زۇڭتۇڭ قوپال ئەيىبلەشلەرگە پىسەنت قىلماسلىق-نى ئۆگىنىۋالمىغان بولسا، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە چوقۇم چارچاپ ھالىدىن كەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئاساسسىز تەنقىدلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتىپ ئېيتقان ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك بىر ئابزاس سۆزىنى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئەڭگۈشتەر دېيىشكە بولىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېنېرال ماك ئارتور بۇ بىر ئابزاس سۆزنى قوماندانلىق شتابىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغان، چېرچىلمۇ بۇ بىر ئابزاس سۆزنى رامكىغا ئېلىپ قىرائەتخانىسىغا ئېسىپ قويغان. بۇ سۆز مۇنداق ئىدى: «بارلىق ھۇجۇم خاراكتېرىدىكى تەنقىدلەرگە جاۋاب بېرىش ۋاقتى مۇلاھىزە ۋاقتىدىن ئارتىپ كەتسە، بىز ئۇنى ئاڭلىماسلىققا سېلىشىمىز،

ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنى چوقۇم ئاخىرىغا چىقىرىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ توغرا بولسا، ئاشۇ قارشى پىكىرلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتورماڭ؛ خاتا بول- سا، 10 پەرىشتىنىڭ سىزنى ئاقلىغىنىمۇ بىكار.»

## مۇسابىقە ئېلان قىلىڭ

ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كاتتىلىقى، باشقىلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغانلىقى ھەمدە غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بو- لىدۇ. ئەگەر سىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولاي، قابىلىيەتلىك كىشىلەر مەن تەرەپتە تۇرسۇن دېسىڭىز، ئۇلارغا مۇسابىقە ئېلان قىلىڭ.

## قارشى تەرەپنىڭ قارىشىنى ئىگىلەڭ

«كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قارشى تەرەپنىڭ قارىشىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىڭىزغا ۋە مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا سىزنىڭكى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇشىڭىزغا باغلىق.» بۇ، ھېنرى فورتنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت سەن- ئىتى توغرىسىدا ئېيتقان قەلب سۆزى.

بۇ ھەقىقەتەن ئالتۇندەك سۆزدۇر. مەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئۆتەيكى: «كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قارشى تەرەپنىڭ قا- رىشىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىڭىزغا ۋە مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا سىز- نىڭكى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇشىڭىزغا باغلىق.»

بۇ ئاددىي، چۈشىنىشلىك قائىدىنى ھەرقانداق كىشى چۈشىنىدۇ.

بىراق، دۇنيادىكى 90% كىشى 90% ۋاقىتتا يەنىلا بۇنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىگە سەل قارايدۇ.

شەخسىيەتچىلىك ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا تولغان بۇ دۇنيادا ئاز ساندىكى شەخسىيەتسىز، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان كىشىلەر ناھايىتى زور نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇ ئىشتا بىراۋ بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. ئاتاقلىق ئادۋوكات ئوۋېن يان، ئامېرىكا سودا ساھەسىنىڭ ئاتاقلىق داھىيسى. ئۇ: «ئۆزى تۇرغانلىكى جايدا باشقىلارنى كۆزدە تۇتىدىغان، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشۈنىدىغان كىشىنىڭ ئۆز كەلگۈسىدىن غەم يېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن ئىدى.

بۇ يەردە بىز پروفېسسور ئوفچورنىڭ ئەقىل - پاراسەتكە تولغان سەممىمىي سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمىز: «ئالدى بىلەن باشقىلاردا ئارزۇ پەيدا قىلىش كېرەك. ئومۇمەن، مۇشۇنداق قىلالىغان ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، كۈنلىرى خۇشال ئۆتىدۇ.

## كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ

ئەگەر ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى بىر كىشى سىزگە ناچار تەسىر بەرگەن بولسا، سىز خرىستوس تەلىماتىدىن سۆزلىسىڭىزمۇ، ئۇنى قايىل قىلالىشىڭىز ناتايىن. بىر - بىرىنى ئەيىبلەشكە ئۇستا قۇدىلار، زومىگەر باشلىقلار، ئۆكتەم ئەرلەر، ۋالاقتەگكۈر خوتۇنلار كۆپچىلىككە ئايان: كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. سىز پەقەت دوستانە ۋە ئىللىق بولۇشىڭىز، باشقىلارنى ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىگە قېتىلىشقا زورلىماسلىقىڭىز لازىم، شۇنداق قىلالىسىڭىز باشقىلارنى يېتەكلەپ كېتەلەيسىز.

يۇقىرىقى سۆزنى لىنكولىن بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن ئېيتقان، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر گاللون ئۆت سۇيۇقلۇقىغا قارىغاندا، بىر

تامچە ھەسەل نۇرغۇن چىۋىننى جەلپ قىلالايدۇ. » ئادەملەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىدۇ. ئەگەر سىز كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتاي دېسىڭىز، ئالدى بىلەن بىراۋنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوست ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەندۇ-رۇڭ. شۇنداق بولغاندا، خۇددى بىر تامچە ھەسەل بىلەن جەلپ قىلغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يول ئېچىپ كىرەلەيسىز. بۇ، قەدى-مىي ۋە يىمىرىلمەس جاھاندارچىلىق ھەقىقىتىدۇر.

## باشقىلاردىن قانداق مۇئامىلە كۈتسىڭىز سىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭ

سىز دوستىڭىزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، قىممىتىڭىزنى بىلىشىگە موھتاج؛ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىچىككىنە دۇنياسىدا، شۇنداق چوڭقۇر مۇ-ھىملىق تۇيغۇسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىسىز. سىز ئەرزان باھانى، شەكلەن خۇشامەتنى ئەمەس، بەلكى چىن كۆڭۈلدىن چىققان مەدھىيىنى ياقتۇرى-سىز. چارلىز شابور ئېيتقاندەك: «باشقىلارنى راستچىللىق ۋە مەردلىك بىلەن ماختاش» نى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ مەڭگۈلۈك ھېكمەتنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز، باشقىلاردىن قانداق مۇئامىلە كۈتسەك، بىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا بۇنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش، قاچان ۋە قەيەردىن باشلاش كېرەك؟ جاۋاب شۇكى، ھەرقاچان، ھەر جايدا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن.

سىزنىڭ بۇ چارىنى فرانسىيە ئەلچىخانىسىدا باش ئەلچى بولغاندا ياكى ياتاقداشلار زىياپىتىنىڭ ساھىبخانى بولغاندا، ئاندىن ئىشلىتىمەن دېيىشى-ڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. سىز بۇ سىرلىق، تەڭداشسىز سېھرىي كۈچتىن دائىم پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

ئېيتايلۇق، ئەگەر سىز ئاشپۇزۇلدا ياڭيۇ قورۇمىسى بۇيرۇتقىنىڭىزدا ئايال كۈتكۈچى ياڭيۇ ئۈمچى ئېلىپ كەلسە، سىز: «كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. بىراق، مەن ياڭيۇ قورۇمىسىغا ئامراق ئىدىم» دېسىڭىز، ئايال كۈتكۈچى: «ھېچقىسى يوق» دەپ جاۋاب بېرىشى ھەمدە خۇشاللىق بىلەن ياڭيۇ قورۇمىسىغا يەڭگۈشلەپ بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، سىز ئۇنىڭغا ھۆرمىتىڭىزنى ئىپادىلىدىڭىز.

نۇرغۇن تەكەللۇپ سۆزلىرى ئىچىدە «كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم…»، «سىزنى …غا تەكلىپ قىلسام بولارمۇ؟»، «خالارسىزمۇ؟»، «…كۆڭلىڭىزگە كېلەرمۇ؟»، «رەھمەت» دېگەندەك سۆزلەر بار. مۇشۇنداق ئەدەپ ـ قائىدىلىك تەكەللۇپلار ئىچ پۇشۇقى ۋە جىددىيلىكنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇ يەنە بەزىدە سىزنىڭ ياخشى پەزىلىتىڭىزنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ!

## مىجەزىڭىز غەلىتە بولمىسۇن

كىچىك ئىشلارغا سەل قارايدىغان ياشلار ئاسانلا كىشلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. زاۋۇت، ئورگان، ماگىزىن ۋە مەيلى قەيەردە بولسۇن رەتلىك، پاكىز يۈرىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان خىزمەتچىلەر تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. تەقى ـ تۇرقى رەتلىك، ئەدەپ ـ قائىدىلىك، مۇئامىلىسى سالماق، ناچار مىجەزدىن خالىي ھەمدە كەيپ ـ ساپاغا بېرىلمەيدىغان ياشلارنى ھەر ساھە، ھەر كەسىپ قارشى ئالىدۇ.

نۇرغۇن ياشلار باركى، مىجەزى غەلىتە بولغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا كىشلەر بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق غەيرىي مىجەزنى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بىلىپ ـ بىلمەي يۇقتۇرۇۋالغان ھەمدە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئىختىيارسىز ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بۇ خىل ناچار مىجەزنى شۇ كىشى ئۆزى ھېس قىلىپ يەتسە، شۇنداقلا باشقىلار ئۇنىڭغا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش

ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرسە، بۇ خىل ناچار ئادەتنى تۈزىتىش تەس ئەمەس. كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىر پوزىتسىيىدە مۇلايىم بولۇش، ئەمما بۇنىڭغا كۆپلىگەن ياشلار دائىم سەل قارايدۇ. ئايانكى، ھەرقانداق كىشى ئۆزى ياقتۇرىدىغان، سەمىمىي، سۆيۈملۈك دوستلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئامراق، يۇرۇش - تۇرۇشى قوپال كىشىلەرگە يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر دائىم خۇشال ۋە ئىناق تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، بىئارامىلىق ئىچىدە ۋە ئىناقسىز مۇھىتتا ياشاشنى خالىمايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىز مۇلايىم بولمىسا، ئەدەپ - قائىدىنى بىلمىسىڭىز كىم سىزگە يېقىنلىشار؟ ئادەم بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ھېچكىم سىزگە يېقىنلاشمىسا، سىز كەسىپتە قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىز؟ غەلىتە مىجەز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ توسالغۇسى. ۋەھالەنكى، غەلىتە مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە تالانتى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

كۆپلىگەن ياشلار ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان، تەجرىبىسى مول، ئىقتىدارى ئالاھىدە بولۇپ، ماھىيەتتە كەسىپتە كۈنسېرى روناق تېپىپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلار جەمئىيەتتە باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ، ھەتتا ئابرۇيى تۆكۈلۈپ، ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالىدۇ. سەۋەب ئۇلارنىڭ مىجەزىنىڭ تولىمۇ غەلىتىلىكىدە، ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەر بىزارلىق ھېس قىلىدۇ. خىزمەتداشلىرى ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىمايدۇ، رەھبەرلىرى ئۇلارنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن يولغا سالىدۇ - دە، ئورنىغا مىجەزى ياخشى كىشىلەرنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ئوسال مىجەزلىك كىشىلەر دېگىنىمىزدە قائىدە بىلمەيدىغان، كۆڭلى قارا، روھى چۈشكۈن، مۇز چىراي كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇنداق ياشلار نەگىلا بارسا دەككىسىنى يەيدۇ. يۇرۇش - تۇرۇشى قوپال، يالغانچى، غەيۋەتخور ياشلارمۇ نەگىلا بارسا كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە

ئۇچرايدۇ. جاھىل، ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان ياشلارغىمۇ ھېچ كىشى يېقىنلاشمايدۇ. باشقىلارنىڭ كەينىدىن سۆز - چۆچەك تارقىتىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان ۋە دائىم خىزمەتداشلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئىش تېرىپ يۈرىدىغان ياشلاردىمۇ ئالغا ئىنتىلىش ئارزۇسى بولمايدۇ.

# كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلىدىغىنى دەل ئۆزىدۇر

ھەممىمىزگە ئايانكى، كىشىلەر پۈتكۈل ئۆمرىدە دائىم باشقىلارغا ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشنى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى ئويلايدۇ.

بۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، ئەلۋەتتە. مەيلى سەھەر، چۈش ياكى كەچكى تاماقتىن كېيىن بولسۇن، كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلىدىغىنى مەن ياكى سىز بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىدۇر.

نيۇ - يورك تېلېفون شىركىتى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ تېلېفوندا قايسى سۆزنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغان. ئويلىشىمچە، سىز چوقۇم بۇ سۆزنى پەرەز قىلىپ بولدىڭىز. بۇ دەل «مەن» دېگەن سۆز. 500 قېتىملىق سۆزلىشىشتە، بۇ سۆز تەخمىنەن 3900 قېتىم ئىشلىتىلگەن، «مەن» «مەن» «مەن»...

سىز باشقىلار بىلەن بىرگە چۈشكەن كوللېكتىپ سۈرەتنى كۆرگىنىڭىزدە، ئەڭ ئاۋۋال دىققەت قىلىدىغىنىڭىز كىم؟

ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى، بىزدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنىلا ئۈمىد قىلساق، ئۇنداقتا ھەقىقىي ۋە سەممىي دوستىمىز كۆپ بولمايدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھەقىقىي دوستقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

# كىشىلەرگە دائىم ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇڭ

ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىدە مۇھىم بىر قانۇنىيەت بار، ئەگەر بىز بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلساق، ئېھتىمال بەزى ئاۋارىچىلىكلەردىن خالىي بولالايمىز. ئەمەلىيەتتە، بىز شۇنداق قىلالىساق دوستلۇققا ۋە مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا ئېرىشەلەيمىز. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلساق، ئاۋارىچە-لىكلەردىن خالىي بولالمايمىز. بۇ قانۇنىيەت دائىم باشقىلارغا ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. جون دېۋېي بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ماھىيىتىدىكى ئەڭ زور تۈرتكىلىك كۈچ — مۇھىم ئەربابلاردىن بولۇش ئىستىكىدۇر.» ۋىلىيام جامۇس: «ئىنسان ماھىيىتىنىڭ تەقەززاسى — ئېتىراپ قىلىنىش ئىستىكىدۇر» دېگەن ئى-دى. دەل مۇشۇ ئىستەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەملەر ھايۋانلاردىن پەرق-لىنىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ تەلەپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىنسانلار مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەن.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوي - پىكرىگە باشقىلارنىڭ ئالتۇندەك ئوي - پىكرىدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىسىز، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۆز پىكرىڭىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ئەتمەكچى بولغىنىڭىز ئەقىلسىز-لىك ئەمەسمۇ؟ ئۆز پىكرىمىزنى تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويساق، خەقلەر ئۆزى ئويلاپ چۈشىنىۋالغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟

# ئالدى بىلەن باشقىلارغا ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىڭ

ئەگەر بىز دوست تۇتماقچى بولساق، ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئاز - تولا

ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك. دەرۋەقە، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت، كۈچ سەرپ قىلىشىمىزغا ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كىنەز-ۋېنسور ۋىلىستا شاھزادە چېغىدا جەنۇبىي ئامېرىكىغا ساياھەتكە بارماقچى بولىدۇ، ساياھەتكە بارغان يەرلەردە نۇتۇق سۆزلىگۈدەك بولۇش ئۈچۈن، بىرنەچچە ئاي سەرپ قىلىپ ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كىشىلەر ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ.

كۆپ يىللاردىن بېرى، مەن دوستلىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىلمەكچى بولۇپ كەلدىم. ھالبۇكى، مېنىڭ ئىلمىي نۇجۇمدىن قىلچە خەۋىرىم يوق ئىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ كىشىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ - ئەمەسمۇ دېگەن سوئالنى سوراشقا باشلىدىم. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دوستلىرىمنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنلىرىنى بىلىۋالدىم ھەمدە چاندۇرماي، بۇلارنى خاتىرىلىۋالدىم، ئۇنتۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، بۇ ماتېرىياللارنى كالېندارغا يېزىپ قويدۇم ۋە بىرسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەلگەندە، خەت ياكى تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۇنى مۇبارەكلىدىم. بۇنداق قىلىشىمنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغاندۇ؟ ئېھتىمال مەن بۇ دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولسام كېرەك!

ئەگەر بىز دوست تۇتماقچى بولساق، بىراۋ بىلەن سالاملاشقاندا قىزغىن ھەم تېتىك بولۇشىمىز كېرەك. پسىخولوگىيىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر بىراۋغا تېلېفون بەرگەندە، چوقۇم يېقىملىق ئاۋاز بىلەن «ياخشىمۇ سىز؟» دەيدۇ. ھازىر نۇرغۇن شىركەتلەر تېلېفون بەرگۈچىلەرگە جاۋاب بېرىشتە يېقىملىق ۋە قىزغىن بولۇشنى تېلېفونىستلارغا مەشىق قىلدۇرۇۋاتىدۇ. يېقىملىق ۋە قىزغىن جاۋاب بەرگەندە، تېلېفون بەرگۈچىلەر ياخشى تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، بىز تېلېفون بەرگىنىمىزدە بۇ مۇھىم نۇقتىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

# كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى

يېقىندا مەن نيۇ - يوركتا بىر زىياپەتكە داخىل بولدۇم. بىر مىراسخور خانىم كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم ۋە ئالماس، مەرۋايىتلار بىلەن ئۆزىنى بېزىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىدىن شەخسىيەتچىلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ خانىم ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللارنىڭ كەيپىياتى ياسىنىشىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن (ئايالىڭىز ياسانغاندا بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ).

سىۋاپ ئەپەندى ماڭا ئۆز تەبەسسۇمىنىڭ 1 مىليون دوللارغا ئەرزىگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ ئېھتىمال دەل مۇشۇ ھەقىقەتنى ئىما قىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى، سىۋاپ ئەپەندىنىڭ مىجەزى، سېھرىي كۈچى، كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىش ماھارىتى، ئۇنىڭ ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر. كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ مىجەزىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئامىلدۇر. نيۇ - يوركتىكى بىر تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىدىكى خىزمەتچىلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ماڭا، باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتكۈزمىگەن، ئەمما كۈلۈمسىرەشنى بىلىدىغان بىر ئوماق قىزنى ئىشلىتىشكە رازى ئىكەنلىكىنى، سۆرۈن تەلەت پەلسەپە دوكتورىنى ئىشلىتىشنى ھەرگىز خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

# ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى بىراۋدىن ئۈستۈن چاغلايدۇ

سىز ئۆزىڭىزنى ياپونلاردىن ئۈستۈن چاغلامسىز؟
ئەمەلىيەتتە، ياپونلار ئۆزىنى سىزدىن خېلىلا ئۈستۈن چاغلايدۇ!

ئېيتايلۇق: ئاق تەنلىكلەر بىلەن تانسا ئويناۋاتقان ياپون قىزلىرىنى كۆرگىنىدە، مۇتەئەسسىپ ياپونلۇقلار ئاچچىقىنى باسالماي قالىدۇ.

سىز ئۆزىڭىزنى ھىندىلاردىن ئۈستۈن چاغلامسىز؟

بۇ سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز. بىراق، مىليونلىغان ھىندىلار ئۆزىنىڭ سىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىنى كەم سۇندۇرمايدۇ، ھەتتا سىزدەك غەيرىي دىن مۇخلىسىنىڭ سايىسى چۈشكەن يېمەكلىكلەرنى يەپ قېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق بۇلغانغان يېمەكلىك بىلەن ئەقلىنى بۇلغىۋېلىشنى خالىمايدۇ - دە!

سىز ئۆزىڭىزنى ئېسكىمونلاردىن ئۈستۈن تۇرىمەن دەپ قارامسىز؟

بۇمۇ سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز. بىراق، ئېسكىمونلارنىڭ سىزگە بولغان ھەقىقىي قارىشىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ خوش، ئۇلاردا لايغەزەللەر يوق دېيەرلىك. ئۇلار بىكار تەلەپ، ئەرزىمەس كىشىلەرنى «ئاق تەنلىك» دەپ ئاتاپ كەمسىتىدۇ.

ھەربىر دۆلەت ئۆزىنى باشقا دۆلەتلەردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بارلىققا كەلگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشمۇ كېلىپ چىققان.

سىز ئۇچراتقان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى مەلۇم جەھەتتە سىزدىن ئۈستۈن چاغلايدۇ. بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇل شۇكى، ئۇلارنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى مەلۇم ۋاستە ئارقىلىق ئۇلارغا ئىپادىلەڭ، كىشىلەرنىڭ كىچىك دۇنياسىدا ئۆزلىرىنى مۇھىم ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى، شۇنداقلا سەمىمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىڭىزنى ئۇلارغا بىلدۈرۈڭ.

## كىشىلەرگە سەمىمىي كۆيۈنۈڭ

غەمخورلۇق كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرىدە دېيىلگەندەك سەمى-

ـمي بولۇشى كېرەك. غەمخورلۇق قىلغۇچى سەمىمىي بولۇپلا قالماي، غەمخورلۇق قىلىنغۇچىمۇ ئەلۋەتتە سەمىمىي بولۇشى زۆرۈر. بۇ قوش يۆنىلىشلىك يول بولۇپ، ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق.

نيۇ - يوركنىڭ لوڭ - ئايلېند ئارىلىدا بىزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت دەرسىمىزنى ئۆگىنىۋاتقان مارتىن گىنسبېرگ بىر سېستىرانىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقى بىلەن ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش بولغانلىقى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«مەن 10 ياشقا كىرگەن يىلىدىكى مىننەتدارلىق بايرىمى كۈنى، شەھەردىكى بىر ھەقسىز داۋالاش دوختۇرخانىسىدا ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. ئەتىسى شەكىل تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلىنسام، بىرنەچچە ئايغىچە سىرتقا چىقالمايتتىم، ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىشىمگە، جاراھىتىمـ ـنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتۈشۈمگە توغرا كېلەتتى. دادام ئۆلۈپ كەتـ ـكەن، ئانام بىلەن مەن كىچىككىنە بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ قۇتقۇزۇشىغا موھتاج ئىدۇق. بايرام كۈنى ئانام مېنى كۆرگىلى كېلەلمىگەن ئىدى.

مەن تولىمۇ يالغۇزلۇق، ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچ ھېس قىلدىم. ئۆيدە ئانام ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ مەندىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە تاماق يېگۈدەك ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى، ھەتتا ئۇنىڭدا مىننەتدارلىق بايرىمى ئاخشىمى غىزالانغۇدەك پۇل يوقلۇقىنى بىلەتتىم.

بۇلارنى ئويلاپ كۆز ياشلىرىم ئېقىشقا باشلىدى. يىغا ئاۋازىنى باشقىـ ـلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، بېشىمنى يوتقانغا يۆگىۋالدىم، بىراق ئارامـ ـسىزلانغانلىقىمدىن پۈتۈن بەدىنىم توختاۋسىز تىترەيتتى.

بىر پراكتىكانت سېسترا يىغا ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قالدى بولغاي، دەرھال كېلىپ يوتقانني قايرىپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى. ئاندىن ئۆزىـ ـنىڭ بۈگۈن ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن جەم بولالمىـ ـغانلىقتىن، يالغۇزلۇق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە مەندىن ئۆزى بىلەن بىرگە تاماق يېيىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىمنى سورىغاندىن

كېيىن، توخۇ گۆشى، ياڭيۇ ئاتلىسى، ماناندالىن مۇرابباسى، ماروژنى قاتارلىقلاردىن ئىككى كىشىلىك ئېلىپ كىردى. ئۇ مېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 4 دە ئىسمىنا ئالماشقانغا قەدەر مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇ يەنە سائەت 11 دە كېسەلخانىغا قايتىپ كېلىپ، ماڭا ھەمراھ بولدى. مەن ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ئۇ قايتىپ كېتىپتۇ.

مەن 10 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، مىننەتدارلىق بايرىمى تالاي قېتىم كېلىپ - كەتكەن بولسىمۇ، ئاشۇ قېتىمقى مىننەتدارلىق بايرىمى ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ. شۇ غۇربەت كۆڭلەردە مەن غېرىبلىق، ئوكۇشسىزلىق ۋە قورقۇنچ ھېس قىلغان، شۇنداقلا بىر ناتونۇش كىشىدىن مېھرىبانلىق ۋە غەمخورلۇققا ئېرىشكەن ئىدىم.»

ئەگەر سىز بىراۋ مېنى ياقتۇرسۇن دېسىڭىز ياكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ياخشى بولسۇن دېسىڭىز ۋەياكى ياردەمگە ئېرىشمەكچى، بىراۋغا ياردەم قىلماقچى بولسىڭىز، مۇنۇ قائىدىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ: كىشىلەرگە سەمىمىي كۆيۈنۈڭ.

# پايدىلىق كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىڭ

دوست بىز ئۈچۈن كىتاب ئوقۇغانغا ئوخشىشىدۇ. ھەقىقىي دوست سىزنىڭ مەيۈسلەنگەنلىكىڭىزنى كۆرگەندە قاراپ تۇرماستىن، ئىلھام بېرىپ جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتىدۇ. دوستلار تۆيۈق يولدىن توغرا يولغا باشلىغۇچىلاردۇر.

كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش ئادەتتە پەرەز قىلغىنىمىزدىكىدەك قىيىن ئەمەس، ئورنى يۇقىرى ئادەملەر بىلەن تونۇشۇشمۇ تەس ئەمەس.

كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشتا ياشانغانلارغا قارىغاندا ياشلار تەشەببۇسكار

كېلىدۇ، ئۇلار ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن ئورنى يۇقىرى كىشىلەرگىمۇ يېقىنلىشالايدۇ.

دېھقان ئوغلى ئارتور خوكنى مىسال كەلتۈرەي: ئۇ ژۇرناللاردىن بەزى سودا ـ سانائەتچىلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تېخىمۇ تەپسىلى چۈشىنىش ياكى ئۇلارنىڭ سەمىمىي مەسلىھىتىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ.

بىر كۈنى، ئۇ نيۇ ـ يوركقا بارىدۇ ـ دە، خىزمەتچىلەرنىڭ سائەت نەچچىدە ئىشقا چۈشىدىغانلىقىنى سوراپ يۈرمەستىن، ئەتىگەن سائەت 7 بىلەن ۋىلىيام B ياستارنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە دۈمچەكرەك كەلگەن بىر خىزمەتچىنى ئۇچرىتىدۇ.

ئىشخانا ئېمىغا ياستارنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق بولۇپ، سۈرەتتىكى قەددى ـ قامىتى ۋە قويۇق قاشلىرىدىن ئۇنىڭ كىملىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرغان ئىكەن. ئېگىز بويلۇق ياستار بۇ بالىدىن سەل بىزارلىق ھېس قىلىدۇ. بىراق، بۇ بالا: «مەن سىزدىن قانداق قىلغاندا مىليونېر بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم» دەپ سورىغاندىن كېيىن، ياستارنىڭ چىرايىدا مۇلايىملىق ۋە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تۇراقلىق مەبلەغ توغرىسىدا بىر سائەتچە پاراڭلىشىدۇ. ئاخىرىدا ياستار بۇ بالىغا سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى باشقا ئاتاقلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش لازىملىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ياستارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئارتور خوك بىرىنچى ئېقىمدىكى سودىگەرلەر، باش مۇھەررىرلەر ۋە بانكىرلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاخىر، سەھرادا چوڭ بولغان بۇ بالا بانكا مۇدىرىيەت ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ.

پۇل تېپىش جەھەتتە، سەمىمىي مەسلىھەتلەرنىڭ ئارتور خوكقا ھېچ-قانچە ياردىمى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كە-چۈرمىشلىرىدىن ئۆزىگە ئىشىنىشنى ۋە ئۆرنەك ئېلىشنى ئۆگىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنى زىيارەت قىلىشتەك بۇ ئالاھىدە ئۇسۇل ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قانداق سەرگۈزەشتىلەرگە دۇچ

كەلگەن بولسا، ئۇمۇ شۇنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىن، 20 ياشلىق ئارتور خوك ئەينى چاغدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن زاۋۇتنىڭ ئورتاق ئىگىدارى، 24 ياشقا كىرگەندە، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى بولۇپ، بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا مىليونېرغا ئايلىنىپ ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

بۇ، ئارتور خوكنىڭ ياش ۋاقتىدا نيۇ - يوركتا ئۆگەنگەن، كەسپىي ساھەدە 67 يىل پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىكى ئاساسىي ئەقىدىسىدۇر. بۇ ئاساسىي ئەقىدە پايدىلىق كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن پېشقەدەملەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

## ئوخشاشمىغان پىكىرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك

«تامچە» ناملىق كىتابتا قانداق قىلغاندا ئوخشاشمىغان پىكىرنىڭ مۇنازىرىگە ئايلىنىپ قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. ئوخشاشمىغان پىكىرنى قارشى ئېلىڭ

«ئىككى دوستنىڭ پىكرى دائىم بىر يەردىن چىقسا، ئۇلارنىڭ بىرى كېرەك بولمايدۇ.» سىز بۇ سۆزنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ. ئەگەر بەزى تەرەپلەرنى سىز ئويلاپ يېتەلمىگەن، لېكىن بىرسى ئېسىڭىزگە سالغان بولسا، ئۇنىڭغا چوقۇم چىن قەلبىڭىزدىن رەھمەت ئېيتىشىڭىز كېرەك. ئوخشاشمىغان پىكىر سىزنىڭ چوڭ خاتالىقلاردىن ساقلىنىشىڭىزدىكى ياخشى پۇرسەت.

2. ھېسسىي تەسىراتىڭىزغا ئىشىنىپ كەتمەڭ

بىراۋ ئوخشاشمىغان پىكىردە بولغاندا، سىزدە تەبىئىي ھالدا ئۆزد-

ڭىزنى قوغداش ئىنكاسى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئېھتىياتچان، سالماق بولۇشىڭىز، ھېسسىي ئىنكاسىڭىزغا دىققەت قىلىشىڭىز لازىم. ئۆزىڭىزنى قوغداش ئىنكاسى ئېھتىمال سىزنىڭ ياخشى تەرىپىڭىز بولماستىن، ئاجىز تەرىپىڭىز بولۇشى مۇمكىن.

3. ئاچچىقلانماڭ

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز بىر كىشىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئاچچىقلىنىشىغا قاراپ، شۇ كىشىنىڭ كۆڭۈل - كۆكسىنى ۋە ئاچچىقلىنىپ زادى قانچىلىك نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيسىز.

4. ئاۋۋال ئاڭلاڭ

رەقىبىڭىزگە سۆزلەش پۇرسىتى بېرىڭ، ئۇ سۆزىنى دېۋالسۇن. رەت قىلماڭ، مۇداپىئەلىنىمەن ياكى مۇنازىرىلىشىمەن دەپ يۈرمەڭ. بولمىسا ئارىلىقتىكى توسالغۇنى كۆپەيتىۋېتىسىز. ئوتتۇرىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، چۈشىنىش كۆۋرۈكى سېلىشقا تىرىشىڭ.

5. ئوخشاشلىقنى تېپىڭ

رەقىبىڭىزنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سىز قوشۇلىدىغان تەرەپنى ئويلاپ كۆرۈڭ.

6. سەمىمىي بولۇڭ

خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىڭ ۋە سەمىمىيلىك بىلەن سۆزلەڭ، ناماقۇل بولۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، رەقىبىڭىزنى قورال تاشلاتقۇزالايسىز ۋە ئۇنىڭ مۇداپىئەسىنى بوشىتالايسىز.

7. رەقىبىڭىزنىڭ پىكرىنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە ماقۇل بولۇڭ

ماقۇللۇق سەمىمىي بولۇشى كېرەك. رەقىبىڭىزنىڭ پىكرى ئېھتىمال توغرا بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ پىكرىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە ماقۇل بولۇش ئاقىلانە ئىش كۆرگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر رەقىبىڭىز: «بىز سىزگە بۇرۇنلا شۇنداق دېگەن، بىراق سىز قۇلاق سالمىدىڭىز» دېسە، سىز ئوسال ئەھۋالدا قالىسىز.

8. رەقىبىڭىز سىزگە كۆڭۈل بۆلسە، ئۇنىڭغا چىن قەلبىڭىزدىن رەھمەت ئېيتىڭ

ئوخشاشمىغان پىكىر بايان قىلغان ھەرقانداق كىشى سىزگە ئوخشاشلا بىرەر ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىڭىزگە ياردەمچى دەپ قارىسىڭىز، رەقىبىڭىز دوستىڭىزغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

9. ھەرىكەت قوللىنىشقا ئالدىرىماڭ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرۈشى ئۈچۈن ۋاقىت كېتىدۇ

يىغىننى شۇ كۈنى سەل كېچىكىپرەك ياكى ئەتىسى ئېچىشقا تەكلىپ بەرسىڭىز، بارلىق ئەمەلىي ئىشلارنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە پۇرسەت چىقىدۇ. كېلەر قېتىملىق يىغىن ئېچىشقا تەييارلىق كۆرگەندە: «رەقىبىمنىڭ پىكرى توغرىمۇ ياكى بىر قىسمى توغرىمۇ؟ ئۇ تۇرغان مەيدان ياكى كۆرسەتكەن سەۋەب قائىدىگە سىغامدۇ ـ يوق؟ مېنىڭ ئىنكاسىم زادى مەسىلىنى ھەل قىلىشمۇ ياكى ئوڭۇشسىزلىق تۇيغۇسىنى يەڭگىللىتىشمۇ؟ مېنىڭ ئىنكاسىم رەقىبىمنى مەندىن يىراقلاشتۇرامدۇ ياكى ماڭا يېقىنلاشتۇرامدۇ؟ مېنىڭ ئىنكاسىم بىراۋنىڭ ماڭا بولغان باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرەمدۇ ـ يوق؟ مەن غەلىبە قىلىمەنمۇ ياكى مەغلۇپ بولىمەنمۇ؟ ئەگەر غەلىبە قىلسام قانداق بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەر؟ ئوخشاشمىغان پىكىرگە سۈكۈت قىلسام مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولارمۇ؟ بۇ قېيىن مەسىلە مېنىڭ تۈنجى قېتىملىق پۇرسىتىممۇ ـ قانداق؟» دېگەنلەر ئۆزىڭىزدىن سوراپ كۆرۈشىڭىزگە تېگىشلىك.

تىياتىر ئۆمىكىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچىسى كىن پرىس توي قىلغىنىغا 50 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، بىر قېتىم ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئايالىم بىلەن خېلى بۇرۇنلا بىر كېلىشىم تۈزۈۋالغان ئىدۇق. مەيلى قايسىمىز قانچىلىك نارازى بولايلى، بۇ كېلىشىمگە باشتىن ـ ئاخىر رىئايە قىلىپ كەلدۇق. بۇ كېلىشىم بىرىمىز ئاچچىقلانغاندا بىرىمىز جىم تۇرۇپ ئاڭلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئىككىمىز تەڭ ئاچچىقلانغاندا، جېدەللا بولىدۇ ـ دە، ئۆزئارا يول قويۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.»

# ئىت نېمە ئۈچۈن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ

دوست تۇتۇشنى نېمە ئۈچۈن ئەڭ چىقىشقاق كىشىلەردىن ئۆگەنمەي، بۇ كىتابتىن ئۆگىنىمىز؟ ئۇنداقتا كىم ئەڭ چىقىشقاقتۇر؟ ئېھتىمال ئۇنى (ئىتنى) ئەتە كوچىدا ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ سىزنى بىرقانچە قەدەم نېرىدا كۆرۈپلا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ئەركىلەيدۇ. ئەگەر سىز توختاپ ئۇنى سىلاپ قويسىڭىز، ئۇ سىزگە ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرگىز يامان نىيەت يوق، ئۇ سىز بىلەن ئۆي - زېمىن سودىسى قىلماقچى ياكى سىز بىلەن توي قىلماقچى ئەمەس.

ئىتنىڭ ئەمگەك قىلماي تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ مېكيان تۇخۇم تۇغىدۇ، كالا سۈت بېرىدۇ، سېرىق قۇشقاچ سايراپ بېرىدۇ. بىراق، ئىت ھېچقانداق ئەمگەك قىلماستىن، سىزگە يېقىنچىلىق قىلىدۇ.

بەش ياش ۋاقتىمدا دادام 50 تىيىن خەجلەپ سېرىق يۇڭلۇق بىر كۈچۈك ئېلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىكى خۇشاللىقىم ۋە ئىدراكىمنىڭ قوزغاتقۇچىسى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىملاردا ھويلىمىزنىڭ ئالدىدا تۇگۈلگىنىچە يولغا كۆز تىكىپ ياتاتتى. ئەگەر مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قالسا ياكى مېنىڭ يالاقنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ قالسا، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قارشى ئالاتتى ھەمدە خۇشاللىقىدىن توختىماي ھاۋشىيتتى.

ئىت ئەزەلدىن پسىخولوگىيە ئۆگىنىپ باققان ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى ئارقىلىق، قىزغىنلىق بىلەنلا ئىككى ئاي ئىچىدە كۆپلىگەن دوستقا ئېرىشەلەيدۇ. بىراق، سىزنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش

ئارقىلىق دوست تۇتۇشىڭىز ناھايىتى قىيىن. بۇنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئۆتەي: «ئىت» ئىككى ئاي ئىچىدە كىشىلەرگە قىزغىن بولۇش بىلەن كۆپلىگەن دوستقا ئېرىشەلەيدۇ، بىراق سىزنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئارقىلىق دوست تۇتۇشىڭىز ناھايىتى قىيىن.

## كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ

ھازىرقى زامان سودا شەكلى دوستلۇقنىڭ سەممىي بولۇشىغا بارا-بارا زىيان يەتكۈزمەكتە. ئادەتتە، سودا ساھەسىدىكى زاتلار تولىمۇ ئالدىراش يۈرگەچكە، كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىشكە ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر چاكىنا كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ھەقىقىي دوست تۇتۇشقا تېخىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى سىرداش دوستلىرى تاشلىنىپ قالىدۇ، يېڭى دوستلىرى كونا دوستلىرىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر تىجارەتنى دەپ ھەرقانداق خۇشاللىقتىن ۋاز كېچىۋاتىدۇ. شۇڭا، كونا دوستلىرى يوقلاپ كەلسە تىجارەتنى باھانە قىلىپ، دوستلىرى بىلەن رەسمىيەت شەكلىدە پەقەت بىرنەچچە مىنۇتلا مۇئامىلە قىلىپ قويىدۇ.

ھالبۇكى، بۇنداق كىشىلەر ئاز-تولا بايلىققا ئېرىشكەندەك قىلسىمۇ، بىراق دوستلىرىنىڭ ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ قويىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور يوقىتىشتۇر. سىزنىڭ كىشىلەردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشىڭىز، يەككە-يېگانە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قېلىشىڭىز تولىمۇ خەتەرلىك، بۇ ئالغا بېسىشىڭىز ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا زور توسالغۇ بولىدۇ. ئەگەر سىز مەلۇم ئالاھىدە تەتقىقاتقا بېرىلىپ كېتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئېتىبارسىز قارىسىڭىز، دوستلىرىڭىز سىزنى يوق-

لاپ كەلسە، ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىمىگەن تەقدىردىمۇ، پوزىتسىيىڭىز ياخشى بولمىسا، دوستلىرىڭىز ئەلۋەتتە سىزنى قايتا يوقلاپ كەلمەيدۇ. ئۇمۇ كەلمىسە، بۇمۇ كەلمىسە، دوستلىرىڭىزنىڭ ھېچقايسىسى كەلمىسە، كۈتۈلمىگەن يەردىن بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭىزدە دوستلارنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىسىز، بىراق بۇ ئەھۋالدا قانداق قىلىشىڭىز مۇمكىن؟

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردىن ئۆز ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا قايسىبىرى دوستلىرىنىڭ ياردىمىگە تايانمىغان؟ يېقىندا بىر يازغۇچى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئىشەنچنىڭ ئۇلى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈشتۇر. سىزنىڭ چوقۇم دوستىڭىز بولۇشى كېرەك، ئاندىن سىزگە ياردەم قىلىدىغان، سىزنى قوللايدىغان ئادەم بولىدۇ، رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالايسىز. ئەگەر سىز ئىككى قولىڭىزغىلا تايانسىڭىز، ئېرىشىدىغىنىڭىز مەغلۇبىيەت بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس...» بۇ، تارىختىن بۇيان تەۋرەنمەي كەلگەن ھەقىقەت!

# باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىڭ

ئېھتىمال ئەتە سىزنىڭ بىرەر كىشىگە مەلۇم ئىش توغرۇلۇق ھاجىتىڭىز چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئېغىز ئېچىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدىن: «قانداق قىلسام بۇ كىشى شۇ ئىشنى قىلىپ بېرىش نىيىتىدە بولار؟» دېگەننى سوراڭ.

بۇ سوئال سىزنى ئالدىراقسانلىقتىن ساقلايدۇ. بۇنداق قىلمىسىڭىز، ئېھتىياجىڭىز بىلەنلا بولۇپ كېتىپ بىھۇدە ئاۋارە بولىسىز.

بىر قېتىم، مەن نيۇ - يوركتىكى بىر مېھمانخانىنىڭ زالىنى ئىجارى-

گە ئېلىپ، 20 كۈن پەسىل خاراكتېرلىك سىستېمىلىق نۇتۇق سۆزلەمەكچى بولدۇم.

نۇتۇق سۆزلەش كۈنى يېتىپ كېلەي دەپ قالغاندا، توساتتىن بىر ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇقتۇرۇشتا ئۆي ئىجارە ھەققىنى ئادەتتىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق تاپشۇرۇشۇم ئېيتىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا، باغاقلار بېسىپ تارقىتىلىپ بولغان، بارلىق ئۇقتۇرۇشلارمۇ تارقىتىلىپ بولغان ئىدى.

مەن دەرۋەقە ئارتۇق پۇلنى تۆلەشنى خالىمايتتىم. بىراق، مېھمانخانا خوجايىنىغا ئۆزۈمنىڭ ئېھتىياجىنى سۆزلىگىنىمنىڭ نېمە رولى بولسۇن؟ ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، خوجايىن بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم.

— خېتىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، تولىمۇ ھەيران بولدۇم، — دېدىم مەن كۆرۈشۈپلا، — بىراق سىلەرنى ئەيىبلىيەلمەيمەن، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا بولسام مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن، سىز مېھمانخانا خوجايىنى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، مېھمانخانىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇشىڭىز كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەگەر بۇنداق قىلمىسىڭىز، سىز بۇ خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز. ھازىر بىز بىر ۋاراق قەغەزگە بۇ ئىشنىڭ مېھمانخاناڭلارغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدا - زىيىنىنى ھېسابلاپ كۆرەيلى.

مەن بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ، ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ سىزىق سىزدىم. بىر بۆلىكىگە «پايدىسى»، يەنە بىر بۆلىكىگە «زىيىنى» دەپ يازدىم.

مەن «پايدىسى» دېگەننىڭ ئاستىغا مۇنۇلارنى يازدىم: «زالنى يەنە باشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، سىلەر ئېرىشىدىغان پايدا شۇكى، زال سىلەرگە بىكار قالىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ تانسا ئويۇنىشى ياكى يىغىن ئېچىشىغا ئىجارە بېرىلسە، ماڭا ئىجارە بەرگەنگە قارىغاندا بۇنىڭ كىرىمى كۆپرەك بولىدۇ. ئەگەر مەن زالنى 20 ئاخشام ئىشلەتسەم، ئېرىشىش ئېھتىمالى بولغان چوڭ پايدىدىن قۇرۇق قېلىشىڭلار مۇمكىن.

ئەمدى «زىيىنى» تەرىپىگە قاراپ باقايلى: بىرىنچىدىن، مەن سىلەرنىڭ ئىجارە پۇلۇڭلارنى تۆلىيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە باشقا يەردىن ئورۇن تاپىمەن، شۇنداق بولغاندا سىلەر مېنىڭ پۇلۇمغا ئېرىشەلمەي قالىسىلەر. ئىككىنچىدىن، بۇ سىستېمىلىق نۇتۇق سۆزلەش يىغىلىشى ياخشى تەربىيە كۆرگەن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلارنى مېھمانخاناڭلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىشقا قىزىقتۇراتتى، بۇ تولىمۇ ياخشى ئېلان پۇرسىتىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئەگەر سىلەر گېزىتكە ئېلان بەرسەڭلار، ھەر قېتىمىغا 5000 دوللار خەجلەيسىلەر. بىراق، ئۇنچىۋالا كىشىنىڭ مېھمانخاناڭلارنى قىزىقىپ زىيارەت قىلىشى ناتايىن، شۇنداق بولغان ئىكەن، مېنىڭ ئىجارە ئېلىشىم مېھمانخاناڭلار ئۈچۈن ئەرزىيدىغان ئىشقۇ؟

مەن سۆزلىگەچ «زىيىنى» تەرىپىگە بايا دېگەن سۆزلىرىمنى يازدىم ۋە ئۇ قەغەزنى خوجايىنغا سۇنۇپ:

— سىزنىڭ تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىزنى ھەمدە ئاخىرقى قارارىڭىزنى ئىمكان بار بالدۇرراق ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم.

ئەتىسى ئۇ ماڭا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. خېتىدە، ئىجارە ھەققىنىڭ ئەسلىدىكى 300% ئەمەس، پەقەت 50% ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

قاراڭ، مەن ئۆز ئېھتىياجىمدىن ئازراقمۇ گەپ ئېچىپ يۈرمەستىن، باھانى چۈشۈرۈپ بېرىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. باشتىن - ئاخىر قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتتۇم ھەمدە ئۇنىڭغا قانداق يېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردىم.

ئەگەر مەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسى بويىچە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا غەزەپ بىلەن ئۇسۇپ كىرىپ: «سىلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۈچ ھەسسە ئۆرلىتىۋېتىشىڭلاردىكى مەقسىتىڭلار نېمە؟ باغاق ۋە ئۇقتۇرۇشلارنى بېسىپ تارقىتىۋەتكەنلىكىمدىن خەۋىرىڭلار بارغۇ؟ ئىجارە ھەققىنى بىراقلا ئۈچ ھەسسە ئۆرلىتىۋېتىپسىلەر! شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ؟

تازىمۇ يولسىزلىقتە بۇ! مەن بۇ پۇلنى بېرىشنى رەت قىلىمەن» دېگەن بولسامچۇ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار ئىدى؟ بىز دەرۋەقە بىرھازا تاكاللىشاتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاكاللىشىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسىز. بەلكىم مەن قارشى تەرەپنى قايىل قىلارمەن ھەمدە ئۇنى قارشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەرمەن. بىراق، ئۇنىڭ ئازار يېگەن غۇرۇرى ماڭا چوقۇم كۆپ يول قويۇشنى خالىمايدۇ.

# ئاچچىقلىنىشنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر

بىر پارتىيىنىڭ داھىيسى ئىزباسار بولغۇچى نامزاتقا قانداق قىلغاندا تەجرىبىلىك سىياسىئون بولغىلى ۋە كۆپرەك ئادەمنىڭ سايلاش بېلىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەلىم بېرىپتۇ.

داھىي ئىزباسارى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ:

— ئەگەر سىز مېنىڭ تەلىپىمگە بىر قېتىم خىلاپلىق قىلسىڭىز بەش دوللار جەرىمانە ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئىزباسار قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

— بولىدۇ، مەن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— قاچان باشلايمىز، — سوراپتۇ داھىي.

— ھازىر باشلايمىز!

— خوش، بىرىنچى قىلىپ شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، مەيلى كىم سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلسا، ھەرگىز ئاچچىقلانماڭ، ھەتتا سىزنى ھاقارەت قىلسىمۇ سەۋر قىلىڭ.

— بۇ ئاسان ئىشقۇ، خەقنىڭ مېنى تەنقىد قىلغىنى، ئەيىبلىگىنى مېنى سەگەكلەشتۈرگىنى ئەمەسمۇ؟ مەيلى ئۇلار قانداق يامان گەپ قىلسۇن، كۆڭلۈمگە ئالمىساملا بولىدىغۇ؟

— توغرا، بۇ دەل مېنىڭ سىزگە ئۆگەتمەكچى بولغان قائىدىلىرىم-

نىڭ بىر ماددىسى، ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتقايسىز! بىراق، راستىمنى ئېيتـ-
سام، مەن سىزدەك بىر ئەبلەخنىڭ سايلىنىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايمەن!

— ئەپەندى، سىز مېنى…

— بەش دوللار!

— ئاپلا، بۇ سىزنىڭ ماڭا ئۆگەتمەكچى بولغان بىرىنچى قائىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، بۇ قائىدىنىڭ بىرىنچى ماددىسى، قالغان دەرسلەردىمۇ ئاساسەن شۇنداق.

— سىز تازىمۇ قوپال…

— كەچۈرۈڭ، بەش دوللار!

ئىزباسار مەيۈسلەنگىنىچە:

— يەنە بىر قېتىم ئۇتتۇرۇۋەتتىم، 10 دوللار ئاسانلا كەتتىغۇ! — دەپتۇ.

— شۇنداق، بۇنداق قىلىشقا ئۆزىڭىز قوشۇلغان، تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر بۇ پۇلنى ماڭا بەرمىسىڭىز قەرزدار دېگەن ناچار نامغا قالىسىز.

— سىز راستىنلا ھىيلىگەر ئەبلەخ ئىكەنسىز!

— كەچۈرۈڭ، بەش دوللار!

— ئاپلا، يەنە ئۇتتۇردۇم، بولدى، ئەمدى ئاچچىقلانمايمەن!

— بولدىلا، ئەمەلىيەتتە مەن سىزدىن جەرىمانە ئېلىپ ئولتۇرمايـ-
مەن. چۈنكى، سىزنىڭ كېلىپ چىقىشىڭىز نامرات، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىڭىزنىڭ نام - ئاتىقى ئانچە ياخشى ئەمەس.

— سىز ئۇچىغا چىققان لۈكچەك ئىكەنسىز!

— بەش دوللار! ئەمدى كۆكەمىلىك قىلماڭ.

بۇ قېتىم ئۇ بەش دوللارنى تۆلەشكە رازى ئىدى. چۈنكى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىمەن دېگەندىن كېيىنمۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان ئىدى.

داھىي ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى سىز ھەرقانداق چاغدا ئېھتىياتچان بولۇڭ، بەش دوللار دەرۋەقە ناھايىتى ئاز، بىراق بىلىشىڭىز كېرەككى، بىر قېتىم ئاچچىقلانـ ـسىڭىز، بىر سايلىنىش ھېلىتىدىن مەھرۇم قالىسىز. بۇنى بەش دوللارغا سېلىشتۇرغانـدا قانـچىلىك قىمـمـەتكە ئىگە ئىكەنـلىكـىـنى مۆلچەرلەش قىيىن.

شۇنداق، مەيلى كىم بولسۇن، ئۆزىدە سەۋر قىلىدىغان ۋە سالماق مىجەزنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بىر كىشىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، خۇشـ خۇي مىجەزى دوختۇرنىڭ دورىسىدىن كۆپ ياخشى. ئەكسىچە، مىجەزى ئوسال، ئىدىيىسىدە ئەخلاقسىزلىق خاھىشى بولسا، ئۇنىڭ كېسەللىككە قارشى كۈچى تۆۋەنلەپ، سالامەتلىكى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر ئاپەت — غەزەپ.

## ئەقىللىق بولۇڭ، بىراق خەقكە بىلدۈرمەڭ

تايىپ روزۋېلت ئاق سارايدىكى مەزگىلدە، ئەگەر چىقارغان ھۆكۈمـ ـمىنىڭ 75%ى توغرا بولسا، قىلغان ئىشىمدا يۇكسەك ئارزۇيۇمغا يەتـ ـكەن بولىمەن دەپ قارىغان.

مۇشۇنداق ئاتاقلىق زاتنىڭ ئۆزىگە قويغان تەلىپى شۇنچىلىك بولغان يەردە، سىز بىلەن مېنىڭ قانچىلىك بولۇشى كېرەك؟

ئەگەر ھۆكۈمىڭىزنىڭ 55% ى توغرا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالىسىـ ـڭىز، ۋارد كوچىسىغا بېرىپ تاماشا قىلىسىڭىز بولىدۇ؛ ھۆكۈمىڭىزنىڭ 55% ى توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرەلمىسىڭىز، خەقنى داۋاملىق خاتالىق ئۆتكۈزىسەن دەپ قانداق ئەيىبلىيەلەيسىز؟

سىز كۆزىڭىز، ئاۋازىڭىز ياكى قول ئىشارىتىڭىز ئارقىلىق خەقنىڭ خاتالىقىنى ئەيىبلىيەلەيسىز. بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ سالمىقى سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەنگە ئوخشاش بولىدۇ. بىراق، ئەگەر سىز قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز، قارشى تەرەپ مۇشۇ تۈپەيلى سىزنىڭ

قارىشىڭىزغا قوشۇلارمۇ؟ ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! چۈنكى، سىز ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، يەكۈنى، شان - شۆھرىتى ۋە غۇرۇرىغا بىر مۇشت بىلەن زەخىم يەتكۈزدىڭىز. بۇ قىلىق قاراشنى ئۆزگەرتمەكتە يوق، قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېھتىمال سىز پلاتون ۋە كوندلارنىڭ لوگىكا نەزەرىيىسى ئارقىلىق رەددىيە بېرىشىڭىز مۇمكىن، بىراق بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، سىز ئۇلارنىڭ دىلىنى زېدە قىلىپ بولدىڭىز - دە.

سىز ھەرگىز ھە دېگەندىلا: «مەن سىزگە ئۇنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن، بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن دەپ يۈرمەڭ. ئەگەر شۇنداق دېسىڭىز، بۇ «مەن سىزدىن ئەقىللىق، مەن سىزنىڭ پىلانىڭىزنى ئۆزگەرتكۈزۈۋېتەلەيمەن» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، بۇ بىراۋغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق قىلىش شۈبھىسىزكى، قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىراۋنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان بۇنداق ئاۋارىچىلىكنى تارتىپ نېمە قىلىسىز!

ناۋادا سىز بىرەر مەسىلىنى ئىسپاتلىماقچى بولسىڭىز، ھەرقانداق كىشىگە بىلدۈرمەڭ. ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئەپچىللىك بىلەن ئىش كۆرۈڭ. شائىر بوف دېگەندەك: «بىراۋغا تەلىم بەرگىنىڭىزدە، دېمەكچى بولغان ئىشلارنى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەممە ئادەم ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك ئىختىيارسىز ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

300 نەچچە يىل ئىلگىرى، ئالىم گالىلې: «سىز بىراۋغا بىرەر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويالمايسىز، بىراق ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسىنى بايقىشىغا ياردەم بېرەلەيسىز، خالاس» دېگەن ئىدى.

سېرچېستفىرمۇ ئوغلىغا: «خەقتىن ئەقىللىق بول. بىراق، ئۇلار بىلمىسۇن» دېگەن.

سوقرات ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىغا دائىم: «مېنىڭ بىردىنبىر بىلىدىغىنىم ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىم» دەيتتى.

# رەقىبىڭىزنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىڭ

فرانكلىن ئۆزىنىڭ شەپقەتسىز بىر رەقىبىنى ئۆمۈرلۈك دوستىغا ئايلاندۇرغان. فرانكلىن ئەينى چاغدا تېخى ياش بولۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئامانەت پۇلىنى كىچىك بىر باسمىچىلىق كەسپىگە سېلىنىما قىلغان. فرانكلىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇ دوستىنىڭ فىلادېلفىيە پارلامېنتىنىڭ كاتىپلىقىغا سايلىنىشىغا تىرىشتى. ئۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باسما ماتېرىياللىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ باساتتى. بۇ خىزمەتنىڭ پايدىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، فرانكلىن داۋاملىق مۇشۇ ئىشنى قىلىشنى خالايتتى، بىراق ئۇنىڭ ئىستىقبالىدا خەۋپ پەيدا بولدى. پارلامېنتتىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق بىر كىشى فرانكلىننى پەقەت ياقتۇرمايتتى، ئۇنى ياقتۇرمىغاندىن سىرت، ھەتتا نۇتۇقلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلاتتى.

ئۇ كىشى فرانكلىنغا ناھايىتى زور خەۋپ ئىدى. شۇڭا، فرانكلىن ھېلىقى كىشىنى ئۆزىنى ياقتۇرىدىغان قىلىشقا بەل باغلىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن فرانكلىن قانداق قىلىشى كېرەك؟ بۇ بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. رەقىبىگە ياردەم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسۇنمۇ؟ ياق، بۇنداق قىلسا ئۇنىڭدا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشى، ھەتتا فرانكلىننى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

فرانكلىن بەك ئەقىللىق، تولىمۇ زېرەك ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشتىن قايمۇقۇپ قالمىدى، ئەكسىچە رەقىبىدىن بىر ئىشقا ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

فرانكلىن رەقىبىدىن بىرەر تىيىن پۇل قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلمىدى، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدى! بەلكى ئۇ كىشى ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر ئىشنى، ئۇ كىشىدە شۆھرەت تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان بىر ئىشنى، ئۇ كىشىنى ھۆرمەت - ئىززەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر ئىشنى، فرانكلىن ئۇنىڭ بىلىمى، ئۇتۇقلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن نامايان قىلىدىغان بىر

ئىشنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

تۆۋەندىكىسى فرانكلىننىڭ ئۆزىنىڭ بايانى:

«مەن ئۇنىڭ قىرائەتخانىسىدا بىر پارچە مەخپىي كىتاب بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى كۆرۈپ بېقىش ئارزۇيۇم بارلىقىنى، بىرنەچچە كۈن ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ قىسقىلا بىرپارچە خەت يازدىم.»

«ئۇ كىتابنى دەرھال ئەۋەتتى. مەن تەخمىنەن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، كىتابنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە بولغان رەھمىتىمنى تەكىتلەپ يەنە بىر پارچە خەت يازدىم.»

«كېيىن بىز يىغىن زالىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن گەپ ئاچتى (ئىلگىرى ئۇ ماڭا پەقەت گەپ قىلمايتتى). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، ماڭا ياردەمدە بولۇپ كەلدى. شۇڭا، بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بۇ دوستلۇقىمىز ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى.»

فرانكلىن ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 150 يىل بولدى، لېكىن ئۇ تەتبىق قىلغان پسىخولوگىيە ئىلمى — رەقىبىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئىلمىدىن كىشىلەر ھازىرغا قەدەر پايدىلانماقتا.

## كىشىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈڭ

كىشىلەر ھەر خىل يېتەرسىزلىك، ئاجىزلىق، كەمچىللىك ۋە كۆڭۈل ئاغرىقلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. بىز ئالىيجانابلارغا خاس روھ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈشىمىز لازىم. خېلى كۆپ ئادەم بىراۋنىڭ يېتەرسىزلىك، ئاجىزلىق، كەمچىللىك ۋە كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى كىشىلەر بىلسە بولمايدىغان ۋاقىتتا، چاقچاق شەكلى

ئارقىلىق ئاشكارىلىنىۋېتىدۇ. بۇ قىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ ـ دە، ئۇنى سىزنىڭ سايىڭىزنى كۆرسىمۇ سەسكىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھە دېسىلا خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان كىشىلەر ھەر قېتىم چاقچاق قىلغىنىدا، بىرمۇنچە دوستىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

بۇنداق ئادەملەر دوستلىرىنى رەنجىتىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ تۇرۇقلۇق، كونا قىلىقىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، داۋاملىق تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىپ يۈرىدۇ. خەقنىڭ زىتىغا تېگىشكە، ئۇلارنى ئوسال قىلىشقا بولمايدۇ، بولمىسا دوستلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش ماھارىتى تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش قورالىدۇر. بۇنىڭ قىممىتى كىتابتىكى بىلىملەرگە قارىغاندا كۆپ ئارتۇق. ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى بىلمەيدىغان مال ساتقۇچى بازارغا چىقسا ھېچقانچە نەرسە ساتالمايدۇ. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى بىلمەيدىغان سودىگەر خېرىدارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويىدۇ.

ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى بىلمەيدىغان ئادۋوكات سوتقا چىقىپ دېلو ئاقلىسۇن ياكى ئالاقىدار كىشىلەرگە ۋاكالىتەن سۆھبەت ئۆتكۈزسۇن، چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. دوختۇرلار كېسەللەرگە تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. خوجايىن بىلەن خىزمەتكار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارى بولۇشى زۆرۈر. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارى بولغاندىلا كەڭ كۆلەمدىكى ئىش تاشلاش دولقۇنىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىياندىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش ماھارىتىنىڭ خاسىيىتى چەكسىز.

## ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى جاھىل كېلىدۇ

لوگىكىلىق پىكىر قىلىدىغان ئادەم كۆپ ئەمەس، بىز كۆپچىلىكە-

مىزدە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان، مەسىلىلەرگە بىر تەرەپلىمە قارايدى-
غان يېتەرسىزلىكلەر بار، ئارىمىزدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە جاھىللىق،
ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، قورقۇنچاقلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشتەك
ئاجىزلىقلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر سىز بىراۋنىڭ خاتالىقىنى كۆرسى-
تىپ بەرمەكچى بولغىنىڭىزدا، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن،
تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزنى ئوقۇپ چىقىڭ. بۇ سۆز پروفېسسور جامۇس
ھاۋر روبىنسىنىڭ چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە «قەتئىي نىيەتكە
كېلىش» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان:

«بىز بەزىدە ھېچقانداق قارشىلىقسىز ياكى قايناق ھېسسىيات ئىچىدە
ئويىمىزنى ئۆزگەرتىمىز، بىراق ئەگەر بىرسى بىزنى خاتالاشتىڭ دېسە،
ئەكسىچە بىزنىڭ ئۇنىڭغا غەزىپىمىز كېلىدۇ ۋە ئۆزىمىزنىڭ پىكرىدە
تېخىمۇ چىڭ تۇرىمىز. بىز قىلچە ئاساسسىزلا ئۆز ئويىمىزنى شەكىللەندۈ-
رىمىز. بىراق، ئەگەر بىرسى بىزنىڭ ئويىمىزغا قوشۇلمىسا، ئەكسىچە
پۈتۈن نىيىتىمىز بىلەن ئۆز ئويىمىزنى قوغدايمىز. روشەنكى، بىز ئۇ-
چۈن قىممەتلىك بولغىنى بىزنىڭ ئاشۇ ئوي‌لىرىمىز بولماستىن، بەلكى
غۇرۇرىمىزنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقى، ‹ ...مېنىڭ› دېگەن بۇ ئاددىي
سۆزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى رولى ناھايىتى مۇھىم. بۇ سۆز لايىقىدا
قوللىنىلسا ئەقىل بۇلىقى بولىدۇ. ‹مېنىڭ› كەچلىك تامىقىم، ‹مې-
نىڭ› كۈچۈكۈم، ‹مېنىڭ› ئۆيۈم، ‹مېنىڭ› دادام، ‹مېنىڭ› ۋەتى-
نىم ياكى ‹مېنىڭ› تەڭرىم دەيلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش كۈچكە
ئىگە. بىز سائىتىم توغرا ماڭمايتۇ ياكى ماشىنام بەك كونىراپ كەتتى
دېيىشنى ياقتۇرمايلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ پويىز توغرىسىدىكى تونۇ-
شىمىزنى ۋە سالىتسىمىتىسىنىڭ دورىلىق قىممىتى ۋە ياكى ئوسرىيە
پادىشاھى ساركاڭ I نىڭ ھايات ـ ماماتلىق يىللىرىدىكى خاتالىقلىرىمىزنى
تۈزىتىپ بېرىشىدىنمۇ بىزارمىز... بىز ئىلگىرى ئىشىنىپ ئادەتلەنگەن
ئىشلارغا داۋاملىق ئىشىنىشنى خالايمىز. ئەگەر بىز ئىشەنگەن ئىشلار
باشقىلاردا گۇمان پەيدا قىلسا، ئۆز ئېتىقادىمىزنى ئاقلاش ئۈچۈن كۆرسەت-

ـمگەن سەۋەبمىز قالمايدۇ. نەتىجىدە، بىزنىڭ كۆپچىلىك ئەقلىي يەكۈ-نىمىز بىز ئىشىنىپ كېلىۋاتقان شەيئىگە باھانە تېپىپ ئىشىنىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ.»

ئاتاقلىق پسىخولوگ كارىل روكىس ئۆزىنىڭ «قانداق ئادەم بولۇش كېرەك» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان:

«مەن كىشىلەرنى چۈشىنىشكە باشلىغان چاغدا، بۇ ئىشنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇنداق دېسەم سىز بەلكىم ھەيران قالارسىز. بىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىمىزنىڭ راستتىنلا زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ مېنىڭچە زۆرۈرىيىتى بار. بىراۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا بىزنىڭ ئىنكاسىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىشنى بىلىش بولماستىن، بەلكى باھالاش ياكى يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بىراۋ ئۆزىنىڭ تۇيغۇسى، پوزىتسىيىسى ياكى ئېتىقادى توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، بىز تەبىئىي ھالدا ‹دېگىنى توغرا› ياكى ‹ھەقىقەتەن كۈلكىلىك›، ‹بۇ نورمال ئەمەسقۇ؟›، ‹بۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس›، ‹بۇ توغرا ئەمەس› ياكى ‹بۇ تازا ياخشى ئەمەس› دېگەندەك يەكۈن چىقىرىشقا مايىل بولۇپ قالىمىز. بۇ سۆزلەرنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيمىز.»

## ناچار ئادەت كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ

ناچار ئادەتنىڭ بىرمۇنچىسى كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ. ئالايلۇق، روھىي كېسەللەرگە ئوخشاش پۇت - قولى جىم تۇرماسلىق، روتۇرالماسلىق، كەيپىياتى مۇقىم بولماسلىق ۋە يەڭگىلتەكلىك قىلىشقا ئوخشاش ئادەتلەر مەزكۇرنىڭ ئادىتى ناچارلىقىنى، كۆڭلى - كۆكسىنىڭ تارلىقىنى ۋە چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ. مىجەزى غەلىتە، كۆڭلى - كۆكسى تار كىشىلەرنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تېنى ساغلام بولسىمۇ، بىراق ئۇلار كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى

پۈكمەيدۇ، شانلىق نەتىجە يارىتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ. مېنىڭچە ئۇلارنىڭ مىجەزى تولىمۇ غەلىتە، گەپ - سۆزلىرىنىڭ تۇتامى يوق. نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئەسلىدە ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسىمۇ، باشقىلار توغرا دېگەن نەرسىنى، ئۇلار قەستەن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس دەپ قارايدۇ. مىجەزى غەلىتە، خاراكتېرى جاھىل كىشىلەر ھەممە يەردە كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدۇ، خەقلەر بۇنداق كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىمايدۇ. خەقلەر بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، بىراق ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە، چىقىشقاقلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق كىشىلەر ھامان چەتكە قېقىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىپايان زېمىندا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چۆل ئارالغا ئېقىپ بېرىپ قالىدۇ. بۇ ھالدا ئۇلار قانداقمۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ؟ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ؟

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىرادە باغلىغان ياشلار، سىلەر ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار. ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى كاشىلىلارنى، ناچار ئادەت ۋە غەيرىي مىجەزىڭلارنى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرگىنىڭلاردا پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايسىلەر.

## باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىڭ

كىشى ئۆزىدىكى خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغاندا، ئۇ خاتالىقنى تۈزەتمىگەن تەقدىردىمۇ بىراۋنىڭ ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىۋېلىشىغا يەنىلا ياردىمى بولىدۇ. تۆۋەندىكىسى كلاس زېئىلشۇسېنىڭ 15 ياشلىق ئوغلىنىڭ تاماكا چېكىشكە قىزىقىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى بايانىدۇر:

«مەن داۋدنىڭ تاماكا چېكىشىنى ئەلۋەتتە ياقتۇرمايمەن، — دەيدۇ زېئىلشۇسېن، — بىراق ئۇنىڭ ئانىسى ھەر ئىككىمىز تاماكا چېكىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر ياخشى ئۈلگە بولالمىدۇق. مەن داۋدقا ياش ۋاقتىمدا تاماكا چېكىشنى قانداق ئۆگىنىپ قالغانلىقىمنى، تاماكىنىڭ نەقەدەر زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ھازىرغا كەلگەندە تاماكىنى تاشلاشقا چارىسىز قېلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم. ئەگەر ئۇ بىرنەچچە يىل تاماكا چەكسە، ماڭا ئوخشاش داۋاملىق يۆتىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردۇم.»

«مەن ئۇنىڭغا تاماكا چەكمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلمىدىم ياكى تاماكا چېكىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپمۇ يۈرمىدىم. پەقەت ئۆزۈمنىڭ قانداق قىلىپ تاماكىغا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىمنى، كېيىن ئۇنىڭ زىيىنىنى قانداق تارتقانلىقىمىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم، خالاس.»

«داۋد بىرھازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ھېچبولمىغاندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە تاماكا چەكمەي تۇرۇش قارارىغا كەلدى. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، داۋد قايتا تاماكا چەكمىدى ۋە تاماكا چېكىش ئويىدىمۇ بولۇپ باقمىدى.»

«ئاشۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، مەنمۇ تاماكا تاشلاش قارارىغا كەلدىم. ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم.»

كىشىلەرنى ئۆزگەرتىشتە تېرىكتۇرۇپ قويماي ياكى بىزار قىلماي دېسىڭىز، ئۇلارنى ئەيىبلەشتىن بۇرۇن، ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىڭ.

## تۈرمۇشتىكى كەمتەرلىك كۆڭۈل ئازادىلىكىدۇر

گالۋاڭلىق كەسپتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە پايدىسىز، تەكەببۇر-

لۇق بولسا ئۇنىڭ كىچىك پۇتىقىغا ئوخشاش بولۇپ، كەسپتە مۇۋەپپەقىد-
يەتكە ئېرىشىشكە توسالغۇ بولىدۇ، ئۇمۇ گالۋاڭلىقتىن ئانچە قېلىشماي-
دۇ. ھەرقانداق مال ساتقۇچى مىجەزى جاھىل بولسا، ھەممە يەردە خېرىد-
دارلارنى رەنجىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قانچىلىك سودىنى قاچۇرۇپ قويغاند-
لىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ساراي غوجىدارى كەمتەر بولمىسا، مېھمانغا
ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ - دە، مېھماننىڭ بۇ يەردىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ.
مۇھەررىر كەمتەر بولمىسا نۇرغۇن ئاپتور ۋە مەشھۇر يازغۇچىلار يىراقلىد-
شىپ كېتىدۇ. مانا بۇلار تەكەببۇرلۇقىنىڭ زىيىنى. يۇقىرىقىلار تەكەب-
بۇرلۇقىنىڭ كەسپتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە كۆرسىتىدىغان
تەسىرىدۇر.

ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشتىكى كەمتەرلىكنىڭ خاراكتېر يېتىلدۇرۇش
جەھەتتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە دائىم كەمتەر-
لىكنى مۇھىم دەپ بىلگەندە كۆڭۈل ئازادە تۇرىدۇ. سىلىق - سىپايە
بولغاندا مەنىۋى تۇرمۇش ئىنتايىن خۇشال ئۆتىدۇ.

## پەقەت بىرلا ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەرقانداق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ

دۇنيادا پەقەت بىرلا ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىنى ھەرقانداق ئىشقا
سالغىلى بولىدۇ. سىز بۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرگەنمۇ؟ شۇنداق،
كىشىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەرقانداق ئىشقا سالغىلى بولىدىغان
بىرلا ئۇسۇل بار.

ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

دەرۋەقە، تاپانچىڭىزنى بىراۋنىڭ كۆكسىگە تاقاپ تۇرۇپ، ياۋاشلىق
بىلەن سائىتىڭىنى تاپشۇر دېيەلەيسىز. بىلىقىنى ياغدا قورۇش تەھدىتى

بىلەن خىزمەتچىلەرنى ئۆزىڭىزگە بويسۇندۇرالايسىز، تەن جازاسى ياكى قورقۇتۇش ئارقىلىقمۇ بالىلىرىڭىزنى گېپىڭىزگە ئۇنىتالايسىز. بىراق، بۇ قوپال ئۇسۇللار ئىنتايىن ناچار تەسىر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.

سىزنى ئىشقا سېلىشتىكى بىردىنبىر ياخشى چارە سىزنى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىڭىزگە ئىگە قىلىش.

ئۇنداقتا سىز نېمىگە ئېرىشمەكچى؟

فلويىدنىڭ سۆزى بويىچە، بىزنىڭ ئىش قىلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز جىنسىي ئىنتىلىش ۋە ئۇلۇغلۇققا بولغان تەشنالىقتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ.

ئامېرىكىلىق مول بىلىملىك پەيلاسوپلارنىڭ بىرى بولغان جون دوۋىل يەنە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ زور قوزغاتقۇچى كۈچ «مۇھىملىققا بولغان ئارزۇ» دىن ئىبارەت دەيدۇ. بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ: «مۇھىملىققا بولغان ئارزۇ» ھەقىقەتەن مۇھىم. بۇ ھەقتە كىتابىمىزدا يەنە كۆپ توختىلىمىز.

سىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە نېمە؟ ئۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. بىراق، ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، بىرنەچچە خىل نەرسە باركى، ئۇلار سىزدە بولمىسا بولمايدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىگە كېرەكلىك نەرسە:

1. ساغلاملىق ۋە جاننى ئاسراش
2. يېمەكلىك
3. ئۇيقۇ
4. پۇل ۋە پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان نەرسىلەر
5. كەلگۈسى تۇرمۇش كاپالىتى
6. جىنسىي قانائەت
7. پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى
8. ئېتىبارغا ئېرىشىش تۇيغۇسى

يۇقىرىقى تەلەپلەرنى قاندۇرۇش قىيىن ئەمەس — پەقەت ئۇنىڭ ئېچىدىكى بىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا. ئەمما، ئاشۇ بىر تەلەپ كىشىلەرنىڭ تاماق بىلەن ئۇيقۇغا بولغان تەلىپىدىن قېلىشمايدۇ. بۇ دەل فىلويىد ئېيتقان: «ئۇلۇغلۇققا بولغان تەشنالىق» ياكى دوۋىي ئېيتقان «مۇھىملىققا بولغان ئارزۇ» دۇر.

لىنكولىن بىرسىگە يازغان خېتىدە: «ھەرقانداق كىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن. ۋىليام جامۇسمۇ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك تەلەپ: مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولغان تەشنالىق» دېگەن. ئۇ «ئۈمىد»، «تەلەپ» ياكى «ئارزۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەستىن، «تەشنالىق» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن.

بۇ خىل تەشنالىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى توختىماي غاجىلايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى بىلىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەر باشقىلارنى ئەپچىللىك بىلەن كونترول قىلالايدۇ.

## نام، مەنپەئەت، مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش كېرەك

ئادەتتە، ياشلار كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئاسانلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتا ئۈچ چوڭ خەتەرلىك ئۆتكەل بار. ياشلار بۇ ئۈچ ئۆتكەلدىن ئاسانلىقچە ئۆتەلمەيدۇ.

بۇ ئۈچ ئۆتكەل قايسى؟ بىرىنچىسى نام ئۆتكىلى، ئىككىنچىسى مەنپەئەت ئۆتكىلى، ئۈچىنچىسى مۇھەببەت ئۆتكىلى.

ياخشى نام بولۇش يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ياخشى نام بولۇش سەۋەبىدىن كىشىلەر يامان ئىش قىلىپ نامىنى بۇلغاشتىن خالىي بولالايدۇ. بىراق، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان نام شۆھرەتپەرەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. شۆھرەتپەرەسلىك ئابرۇي قوغلىشىپ ئەمەلىيەتنى كۆرمەسلىك دې-

گەنلىكتۇر. مەسىلەن، سىز بۇ مەكتەپنىڭ ئالدامچىلىق بىلەن پۇل تاپ-
دىغان، چىرىكلەشكەن مەكتەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ، لېكىن-
دىپلومىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماستىن ئۇنىڭغا ئوقۇشقا
كىرىسىز. بۇ ئىشنىڭ ھۆكۈمەت مەنپەئىتىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بى-
لىپ تۇرسىڭىزمۇ، ئورنىڭىز يۇقىرى ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ خۇشامى-
تىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن سىز بۇ ئىشنى قىلىسىز.
شۇنىڭ بىلەن «نام» دىن ئىبارەت قىيىن ئۆتكەلدىكى پاتقاققا پېتىپ قال-
سىز. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، باشقىلار-
غىمۇ زىيان يەتكۈزىسىز. مەنپەئەت ئۆتكىلى دېگىنىمىز شەخسىي مەنپەئەت-
نى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، باشقىلارنىڭ دەرد-
ئازابى بىلەن كارى بولماسلىق، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماستىن شەخسىي
مەنپەئەتكە بېرىلىپ، خەتەرلىك ھەم ئازابلىق بولغان مەنپەئەت پاتقىقىغا
پېتىپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەببەت ئۆتكىلى — ئەزەلدىنلا تۇرمۇشتا
قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆتكەل. ئەمما، ئادەتتە بىر قىسىم ياشلار
ئۇنى ھاياتلىقتىنمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ. مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغاندا
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان مىساللارنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ، كۆڭۈل-
نى ئىدراكنىڭ ئۈستىگە قويغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز بۇ قىيىن
ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيسىز.

ياشلار بۇ ئۈچ قىيىن ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتەلىگەندە، كۈرەشتە
ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشتە ئۆزىنىڭ
ئىرادىسى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىگە تايىنىش كېرەك. ئەگەر سىزدە
قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىرادىسى بولمىسا، مەيلى قانداق كۈرەش
قىلماڭ، مەقسىتىڭىزگە مەڭگۈ يېتەلمەيسىز. ئۆمرىڭىزمۇ ۋاقتىنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن مەنىسىز ئاخىرلىشىدۇ. سۆيۈملۈك ياش دوستلار، تىرى-
شىڭلار! مەنىۋى دۇنيايىڭلارنى توغرا قۇرۇپ چىقىپ، ئۇلۇغ ئىقتىدارىڭ-
لارنى مۇستەھكەملەپ، بارلىق رەزىل كۈچكە قارشى ئاخىرغىچە كۈرەش
قىلىپ، پارلاق ھايات يولىغا يۈرۈش قىلىڭلار!

# لىنكولىننىڭ خەقلەر بىلەن چىقىشىش سىرى

لىنكولىن ئەڭ ئاخىرقى نەپەسىدىن توختىغاندا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى لىتانتون: «بۇ يەردە ياتقان كىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ھۆكۈمراندۇر» دېگەن ئىدى.

لىنكولىننىڭ خەقلەر بىلەن چىقىشىش سىرى نەدە؟ مەن 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلدىم، ئاندىن يەنە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «لىنكولىننىڭ يەنە بىر قىياپىتى» دېگەن كىتابنى يازدىم ۋە ئۆزگەرتىپ چىقتىم. ئىشىنىمەنكى، لىنكولىننىڭ خاراكتېرى ۋە ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىم باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا تەپسىلىي ۋە مۇكەممەل بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن چىقىشىش ئۇسۇلى مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. لىنكولىن خەقنى تەنقىد قىلىشقا ئامراقمىدى؟ شۇنداق، ئۇ ھىندىيانا شتاتىنىڭ گوۋان جىلغىسىدا تۇرغان چېغىدا تېخى ياش بولۇپ، راست - يالغانغا باھا بېرىشنى ياخشى كۆرگەندىن باشقا، باشقىلارغا خەت، شېئىر يېزىپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇ يازغان خەتلىرىنى ھەمىشە ئالاقىدار كىشىلەر ئاسانلا بايقايدىغان قىشلاق يولىغا تاشلاپ قوياتتى. بۇ خەتلەرنىڭ ئىچىدە بىر پارچىسى كەلتۈرگەن ئاقىۋەت ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالغان.

لىنكولىن ئىللىنوئىس شتاتىنىڭ باھار ئېتىزى بازىرىدا ئادۋوكاتلىق پراكتىكىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ، گېزىتتە رەقىبلىرىگە ئوچۇق - ئاشكارا رەددىيە بېرەتتى. بىراق، بۇنداق ئىشلار تاسادىپىي بولۇپ قالاتتى.

1842 - يىلى كۈزدە، ئۇ يەنە ماقالە يېزىپ، ئۆزىنى خېلى كاتتا چاغلايدىغان جامۇس ھىلسنى مەسخىرە قىلغان. «باھار ئېتىزى گېزىتى»

دە نامىسىز خەت يېزىپ ھىلىسىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن ھىلىس پۈتۈن يېزىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان. تەمەنناچى ھەم سەزگۈر ھىلىس قاتتىق غەزەپلىنىپ بۇ خەتنى يازغان كىشىنى ئاخىر تېپىپ چىققان. ئۇ ئاتقا مىنىپ لىنكولىننى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ خەت يازغان. لىنكولىن بىلەن دۇئېلغا چۈشۈشنى تەلەپ قىلغان. لىنكولىن دۇئېلغا چۈشۈشنى ئارزۇ قىلمايتتى. بىراق، شارائىتنىڭ بېسىمى ۋە شان - شۆھرىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ قورال تاللاش ھوقۇقى بار ئىدى، بىلىكى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، چەۋەندازلار قىلىچىنى تاللىدى ۋە غەربىي ئوفېتسىرلار مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىدىن قىلىچۋازلىقنى ئۆگەندى. پۈتۈشكەن ۋاقىت توشقاندا، ئۇلار مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇچرىشىپ بىر قېتىملىق ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشى قىلماقچى بولدى. بەختكە يارىشا، بىر كىشى ئۇلارغا نەسىھەت قىلغاچقا، ئۇلار بۇ ئۇرۇشنى قىلماي قويدى.

بۇ لىنكولىننى ئۆمرىدە ئەڭ قاتتىق چۆچۈتكەن ۋە ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن ئىش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خەت يېزىپ باشقىلارنى ھاقارەتلىمەيدىغان ۋە مەسخىرە قىلماي-دىغان بولدى ھەمدە ئاشۇ ئىشتىن كېيىن مەيلى قانداق ئىش بولسۇن كىشىلەرنى ئەيىبلىمىدى.

## قۇسۇرخورلۇق ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدۇ

كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلىش، قۇسۇر ئىزدىگەنلىك بولمايدۇ. ئەگەر سىز كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك دېگەننى قۇسۇر ئىزدەش دەپ چۈشەنسىڭىز، ئېغىر خاتالاشقان بولىسىز.

قۇسۇر ئىزدەشنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر. ئۇ سىزنىڭ نېرۋىڭىز، روھىي ھالىتىڭىز ۋە كەيپىياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن،

بەلكى سالامەتلىكىڭىزگىمۇ زىيانلىق. بىزنىڭ كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك دېگىنىمىز، چوڭ ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇش لازىم، ئىشلارنى كىچىكىدىن باشلاش دېگەننى كۆرسىتىدۇ. نەزەرىمىزنى يىراققا تىكىشىمىز، غايىمىز يۈكسەك بولۇشى كېرەك. بىراق، ئىشلىرىمىز كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدۇ.

قۇسۇر ئىزدەش ئۈچۈن كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلساق، بۇنىڭ نەتىجىسى ئەكسىچە بولىدۇ. بۇنداقلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تولىمۇ تار بولىدۇ. ئۇلار بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن باشقا يەرنى كۆرەلمەيدىغان بولىدۇ. كېلەچەك بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۇلار كىچىك ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، يىراق كەلگۈسى پىلان تۈزمەيدۇ. تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالىدۇ. قۇسۇر ئىزدىگۈچىلەر بارلىق ياردەمدىن، دوستلۇق ۋە مېھىر - مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولىدۇ. جەمئىيەتتە يەككە - يېگانە بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيەتتە يەككە - يېگانە ياشىغۇچىلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ.

ئەگەر سىزنىڭ قۇسۇر ئىزدەيدىغان، ئەرزىمەس خاتالىقلارنى ئەيىبلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ناچار مىجەز، ناچار ئادىتىڭىز بولسا، ئۇنى تېز ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك. ئۆز - ئۆزىڭىزنى چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى يېتىلدۈرگەيسىز!

## خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش ئۆزىنى ئاقلىغاندىن ئەۋزەل

قىلغىنىمىز توغرا بولغان چاغدا، چوقۇم مۇلايىملىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلىشىمىز كېرەك؛ قىلغىنىمىز خاتا بولغان چاغدا — ئەگەر ئۆزىمىزگە سەمىمىي بولساق — خاتالىقىمىزنى سەمىمىيلىك بىلەن زىممىمىزگە ئېلىشىمىز زۆرۈر. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق

كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق نەتىجە قازىنىپلا قالماستىن — ئىشىنەمسىز- ئىشەنمەمسىز ئىختىيارىڭىز — بەلكى مەلۇم شارائىتتا، بۇ ئۇسۇل ئۆزىنى ئاقلىغاندىن كۆپ ئەۋزەل.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى: «تالىشىش يولى بىلەن مەڭگۈ قانائەت تاپالمايسىز، بىراق يول قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئارزۇ قىلغىنىڭىزدىنمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشەلەيسىز.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بىراۋنىڭ پىكرى مېنىڭكى بىلەن بىر يەردىن چىقسۇن دېسىڭىز، شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭكى، خاتالاشقان بولسىڭىز، دەرھال سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىڭ.

كۆڭلىڭىزدە غۇم ساقلاپ يۈرمەڭ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا باتۇرلۇق بىلەن باش ئېگىڭ. چاكىنا ئادەملەر ئۆزىنىڭ جاھىللىقىغا تەمەننا قويىدۇ. خاراكتېرى ئالىيجاناب كىشىلەر بىراۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆز خاتالىقىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ ۋە ئىشنى باشتىن باشلاشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

ئەگەر سىز بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، خاتالىقنىڭ سىزگە پايدىسى بولغان بولىدۇ. چۈنكى، بىر خاتالىقنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتى ئېشىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىڭىزگە بولغان ھۆرمىتىڭىزمۇ ئاشىدۇ.

## ئانچىكىم ئىشلارغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك

بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ ھېچقانچە زېھىن، كۈچ تەلەپ قىلمايدۇ، بىراق بۇ سۆزلەر ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئۈمىدسىز كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرگىلى، كۆپلىگەن رەزىل روھلارنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى

بولىدۇ.
مەلۇم بىر كىشى ھەيكەلتىراش كېنفورنىڭ ئاتاقلىق بىر كىشىنىڭ ھەيكىلىنى ياساۋېتىپ ھەيكەلنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا بولقىدا ئاستا ئۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرگەن. ھەيكەلتىراشنىڭ ھەرىكىتى تولىمۇ يېنىك بولغان.
— سىز مۇشۇنداق قىلىپ ئوينايدىكەنسىز - دە؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى كېنفوردىن.
كېنفور ئۇ ئادەمگە قاراپ قويۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن:
— ئادەم ئەگەر كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلمىسا، بۇ، مەغلۇپ بولۇشنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن.
كىشىلەر كۆپ ھاللاردا بىرەر سۆز تۈپەيلى بەختكە ئېرىشىدۇ ياكى زىيان تارتىدۇ. ئىشكىنى يېپىشقا سەل قارىغانلىق تۈپەيلى بىرمۇنچىلىغان مال - دۇنيانى يىتتۈرۈپ قويىمىز. بالىلارنىڭ سەرەڭگە ئوينىغانلىقى تۈپەيلى بىر كوچىدىكى ئۆي - ئاراملار كۈلگە ئايلىنىدۇ.
ئۇششاق ئىشلارغا دىققەت قىلمايدىغان ئادەم چوڭ ئىشلاردا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.
يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۇششاق ئىشلارغا سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىنى، ھەرقانداق چوڭ ئىش كىچىك ئىشقا دىققەت قىلىشتىن باشلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

# كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇش

دۇنياغا مەشھۇر پسىخولوگ سىكىنو ھايۋانلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبىسىدە ئىسپاتلىشىچە، ياخشى ھەرىكىتى تەقدىرلەنگەن ھايۋاننىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتى تېز بولۇشتىن سىرت، داۋاملاشتۇرۇش كۈچىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن؛ يامان ھەرىكىتى جازالانغان ھايۋاننىڭ مەيلى ئۆگىنىش سۈرئىتى بولسۇن ياكى داۋاملاشتۇرۇش كۈچى بولسۇن ناچار بولىدۇ.

كەن. يېقىنقى تەتقىقاتلاردا مەلۇم بولۇشىچە، بۇ پرىنسىپنى ئادەملەرگە تەتبىقلىغاندىكى نەتىجىمۇ هايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش بولغان. دېمەك، تەنقىد ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيلا قالماي، ئەكسىچە پەقەت ئۆچمەنلىكنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەنە بىر پسىخولوگ هانس خىلمۇ: «نۇرغۇن ئىسپاتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز ھەممىمىز كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقىمىز» دېگەن.

تەنقىد كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىزا ۋە ئۆچمەنلىك خىزمەتچىلەر، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپلا قالماي، ياخشىلاشقا تېگىشلىك ئەمەلىي ئەھۋالغا قىلچىلىك پايدىسى بولمايدۇ.

ئوكلاخوما شتاتىدىكى گېئورگى جونسۇن مەلۇم بىر بىناكارلىق شىركىتىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرگۈچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى ئىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيگەن - كىيمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ خىزمەت ۋاقتىدا بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيمەي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ كەسپىي ھوقۇقى بىلەن ئىشچىلارغا بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىۋېلىشنى ئېيتقان. بۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولغان: تۈزىتىشكە مەجبۇرلانغان ئىشچىلار دائىم نارازى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ كەتكەندىن كېيىن بىخەتەرلىك قالپىقىنى يەنە ئېلىۋەتكەن.

كېيىن جونسۇن تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى لايىق تاپقان. ئىككىنچى نۆۋەت ئىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيمىگەنلىكىنى كۆرگەندە، ئىشچىلاردىن بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيگەندە بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقى ياكى قالپاق نومۇرىنىڭ مۇۋاپىق كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سوراپ كۆرگەن ھەمدە مۇشۇ خۇشخۇي ئاۋازى بىلەن ئىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىۋېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

ئەسكەرتىپ، ئۇلاردىن خىزمەت ۋاقتىدا ئەڭ ياخشىسى قالپاقنى كىيىۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسى ئالدىنقى قېتىمقىدىكىدىن كۆپ ياخشى بولغان، شۇنداقلا ئىشچىلاردىمۇ نارازىلىق كەيپىياتى كۆرۈلمىگەن.

## يۇمشاقتا قاتتىقنى يېڭىش

سۇقراتتىن ئىبارەت بۇ «ئافىنا كۆكۈيۈنى» ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تارىختا قىلالايدىغانلار بەك ئاز بولغان. چۈنكى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەن. 2400 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر ئۇنى يەنىلا ئەڭ پاراسەتلىك قايىل قىلغۇچى دەپ ھۆرمەتلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ زىددىيەتكە تولغان بۇ دۇنيادىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولماقتا.

ئۇنىڭ بۇنداق شان - شەرەپكە ئېرىشىشىنىڭ سىرى نەدە؟ ئۇ خەقنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ تۇرامتى؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى كىشىلەر ھازىر «سۇقرات قانۇنى» دەپ ئاتىماقتا، يەنى بىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «شۇنداق» دېگەن سۆزنى ئىنكاس قايتۇرۇش ماھارىتى قىلماقتا. ئۇ ئاۋۋال قارشى تەرەپ قوشۇلىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىن بارا - بارا سىزنى ئۆزى كۆزلىگەن تەرەپكە باشلاپ بارىدۇ. ئۇ توختىماي سوئال سورايدۇ، سىز ئۈزۈلدۈرمەي «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىسىز. كېيىن سىز سەزگىنىڭىزدە سىلەر يەكۈن چىقىرىپ بولغان بولىسىلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كېلەر قېتىم خەقنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىڭىزدە، سۇقراتنىڭ ئۇسۇلىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ. سورايدىغىنىڭىز ئىللىقراق مەسىلىلەر، يەنى قارشى تەرەپ «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىشنى خالايدىغان مەسىلىلەر بولسۇن.

جوڭگولۇقلارنىڭ يۇمشاقتا قاتتىقنى يېڭىش دەيدىغان بىر جۈملە ئەقلىيە سۆزى بولۇپ، بۇ سۆز شەرقلىقلەرنىڭ ئەقىل - پاراستىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇلار 5000 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئادەم تەبىئىتىنى تەتقىق قىلغان ھەمدە بۇ تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن پۇقرالارغا تەربىيە ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا يۇمشاقتا قاتتىقنى يېڭىشتىن ئىبارەت چوڭقۇر مەنىلىك سۆزنى يەكۈنلەپ چىققان.

ئەگەر سىز بىراۋنىڭ پىكرى مېنىڭكى بىلەن بىردەك بولسۇن دېسىڭىز، بىراۋنىڭ «شۇنداق» دېيىشىنى قولغا كەلتۈرۈڭ.

## كۈلكە بىلەن جاۋاب بېرىڭ

چارلېز شابور بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئۆمرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرگەن. «شابور پولات زاۋۇتى» دا ئىشلەيدىغان بىر گېرمانىيىلىك كىشى خىزمەتداشلىرىنىڭ ماجىراسىغا ئارىلىشىپ قاپتۇ، ئەينى چاغدىكى ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن. ئاخىر بىرنەچچە ئىشچى ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. «ئۇ ئىشخانىغا كىرگەن چېغىدا، — دەيدۇ شابور ئەپەندى، — ئۇستىۋېشى لاي بولۇپ كەتكەن ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ئۇ كىشىلەرگە نېمە دېگەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا: (پەقەت كۈلۈپ تاشلىدىم شۇ) دەپ جاۋاب بەردى».

«كۈلكە بىلەن جاۋاب بېرىڭ» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭگۈشتىرىم قىلىۋالدىم، دەيدۇ شابور ئەپەندىم.

سىز قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ئازابتا قالغان چېغىڭىزدا، بۇ بىر جۈملە سۆز بەك ئەسقاتىدۇ. خەق نېمىلا دېسۇن، سىز ئۇلارغا ھامان گەپ تېپىپ بېرەلەيسىز، بىراق «كۈلۈپلا تۇرغان» ئادەمگە نېمىمۇ دېيەلەيسىز؟

# ئىنسانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھېسداشلىققا موھتاج

دوكتور گوس ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەسىرى «مائارىپ پسىخولوگىيىسى» دېگەن كىتابىدا: «ئىنسانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھېسداشلىققا موھتاج. بالىلار ئۆزىنىڭ دەردىنى ئىپادىلەشكە تەقەززا بولىدۇ، ھەتتا بىر يېرىنى قەستەن زەخىملەندۈرىدۇ، شۇ ئارقىلىق چوڭقۇر ھېسداشلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، چوڭلارمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەقسەتتە دەردىنى ئىپادىلەشكە، ئۇچرىغان كېلىشمەسلىكلەرنى، ئاغرىقلىرىنى ياكى ئوپېراتسىيىگە ئائىت تەپسىلىي ئەھۋاللارنى بايان قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. رېئال ياكى خىيالىي بەختسىزلىكلىرىگە 〈ھېسداشلىق〉 ئىزدەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل ئورتاق ئادەت» دەپ يازغان.

دېمەك، ئەگەر سىز بىراۋنىڭ پىكرى مېنىڭكى بىلەن بىردەك بولسۇن دېسىڭىز، قارشى تەرەپنىڭ ئويى ياكى ئارزۇسىغا ھېسداشلىق قىلىڭ.

# كەمتەر پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈڭ

ئەگەر سىز كەمتەرلىك توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرمىگەن بولسىڭىز، مانا ئەمدى ئويلىنىپ كۆرۈڭ، تۆۋەندىكى تەكلىپلەر سىزنىڭ ئادەت خاراكتېرىدىكى كەمتەر پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ:

1. كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭ. بىزارلىق پوزىتسىيىسىدە بولماڭ ياكى چىرايىڭىزدا «مەنمۇ بىلىمەن» دېگەن ئىپادە ئەكس ئەتمىسۇن.

2. بىراۋنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەڭ. مەيلى ئۇ سىزدىن ئاغرىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋېلىشىغا يول قويۇڭ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتسىڭىز، گېپىنىڭ ئاڭلاش قىممىتى يوق دېگەننى ئىپادىلەپ قويىسىز.

3. ئەگەر سۆزلەۋاتقان كىشى ناتونۇش بولسا، ئامال بار ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى بىلىۋېلىڭ، گېزى كەلگەندە پايدىلىنىسىز.

4. ئەگەر سۆزلىگۈچىنىڭ گېپى خاتا بولسا، قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمەڭ. زۆرۈر تېپىلسا، بىراۋ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا دەڭ. ئىلگىرى سىز دائىم شۇنداق قاراپ كەلگەن بولسىڭىز، قوشۇمچە قىلىپ دەپ قويۇڭ، ئەگەر سىز خاتالاشقان بولسىڭىز، خۇشاللىق بىلەن تۈزىتىشنى قوبۇل قىلىڭ.

5. ئۆزىڭىزنى كاتتا چاغلىماڭ. سۆزلىگۈچى ياكى دوستىڭىز ھەر جەھەتتىن سىزگە يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالمىسۇن. سىز ئۆزىڭىزنى ناچار دەپ قارىمايسىز، بىراق سىز بىراۋنىڭ ناچارلىقىنى ئىپادىلەپ قويسىڭىز، ئۇ سىزدىن نەپرەتلىنىدۇ. سىز ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرسىڭىزمۇ، ئۇ بۇنى سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىز دەپ قارىماستىن، سىزنىڭ تەلىيىڭىز دەپ قارايدۇ.

6. ئەگەر سىز خاتا قىلغان بولسىڭىز ناماقۇل بولۇڭ. ھازىر بىز ناھايىتى قاتىلاڭ زاماندا ياشاۋاتىمىز. شۇڭا، سۆزىڭىز بولسا تېز ئېيتىڭ، مۇھىم نۇقتىنى دېسىڭىزلا بولدى، ئۆزگىگىمۇ سۆزلەش پۇرسىتى بېرىڭ. بىز كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىز ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ تەمەننا قويغۇچىلىكى يوق. بۇ دۇنياغا ھەممىمىز بىر مېھمان. بىرەر ئەسىردىن كېيىن ھەممىمىز پۈتۈنلەي ئەستىن كۆتۈرۈلىمىز. ھايات تولىمۇ قىسقا. ئۆزىمىزنىڭ ئەرزىمەس نەتىجىسى بىلەن ئۆزگىنى تېرىكتۈرۈپ قويماستىن، ئۇنى كۆپرەك سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز لازىم.

# ئۆزىڭىزنى سەممىيلىك بىلەن بىراۋنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆرۈڭ

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، قارشى تەرەپ پۈتۈنلەي خاتا قىلغان تەقدىردە-مۇ پەرۋايىغا ئالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنى ئەيىبلەپ يۈرمەڭ، ئەيىبلەش نادانلارنىڭ ئىشى، ئۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. پەقەت دانا، كەڭ قورساق ۋە ئالاھىدە كىشىلەرلا مۇشۇنداق قىلالايدۇ.

قارشى تەرەپ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ ۋە شۇنداق ئويلايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى بار. مۇشۇ سەۋەبنى تېپىپ چىقالىغىنىڭىزدا، بىراۋنىڭ ھەرىكىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىگىلىيەلەيسىز.

سىز ئۆزىڭىزنى سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆرۈڭ.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزدىن: «ناۋادا مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالدا بولسام قانداق تەسىرات ۋە ئىنكاستا بولاتتىم؟» دەپ سوراپ كۆرۈڭ. شۇنداق قىلغىنىڭىزدا ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلىشتىن ۋە ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولالايسىز. چۈنكى، «سەۋەبكە قىزىققاندا، نەتىجە ئاسانلىقچە بىزار قىلمايدۇ.» بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بىرمۇنچە ماھارەتكە ئىگە بولالايمىز.

«بىر مىنۇت توختىۋېلىڭ.» گود ئۆزىنىڭ «ئادەم قانداق قىلغاندا ئالتۇندەك بولىدۇ» دېگەن كىتابىدا: «بىر مىنۇت توختىۋېلىپ، ئۆزىڭىز سەزگۈرلۈك بىلەن قىزىقىدىغان ئىشقا ئادەتتىكىچە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتىسىزكى، دۇنيادىكى سىزدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سىزدەك ھېس قىلىدۇ! كېيىن، لىنكولىن، روزۋېلتلارغا ئوخشاش تۇرمە باشلىقلىق خىزمىتىدىن باشقا ھەرقانداق خىزمەتكە پۇختا ئاساس سالالايسىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىراۋنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشتا

ئۇنىڭ ھېسداشلىقىغا تايانغان ئاساستا نۇقتىئىنەزىرىنى ئىگىلەڭ.

## ئىشنى ماختاش ۋە ھەقىقىي زوقلىنىشتىن باشلاش كېرەك

كولىج ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، مېنىڭ بىر دوستۇم مەلۇم بىر ئازنا كۈنى ئاق سارايدا مېھمان بولۇپتۇ. ئۇ زۇڭتۇڭنىڭ شەخسىي ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە زۇڭتۇڭنىڭ ئايال كاتىپىغا: «سىزنىڭ بۈگۈن كىيگەن كىيىمىڭىز تولىمۇ يارىشىپتۇ، سىز بەك چىرايلىق قىزكەنسىز» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

بۇ بەلكىم كەم سۆز كولىجنىڭ ئۆمرىدە ئايال كاتىپىغا ھەدىيە قىلغان ئەڭ چىرايلىق ماختىشى بولسا كېرەك. بۇ ماختاش تولىمۇ تاسادىپ ۋە ئالاھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزچاق قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان. كولىج ئارقىدىنلا يەنە: «كۆڭلىڭىز ئازادە تۇرسۇن دەپ شۇنداق دېدىم. خىجىل بولماڭ، ھازىردىن باشلاپ تىنىش بەلگىلىرىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.

بۇ ئۇسۇل سەل قوپال بولسىمۇ، لېكىن كولىج پسىخولوگىيە ئىلمىدىن ناھايىتى ئەپچىل پايدىلانغان. بىز ئارتۇقچىلىقلىرىمىزغا ئائىت تەرىپلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئاڭلىغىنىمىزدا ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايمىز.

## بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ

مەيلى سىز ياكى مەن بولاي 10 يىلغىچە تۈگىمەس، تا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنتۇلماس ئازارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىراي دەيدىكەنمىز، بىرنەچچە ئېغىز يامان گەپ بىلەنلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئىدراكلىق ھايۋان بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتچان، بىر تەرەپلىمە قاراش، ھەتتا تەكەببۇرلۇق، شۆھ- رەتپەرەسلىك چىرمىۋالغان ھايۋان بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېسى- مىزگە چۈشىدۇ.

بىزنىڭ ئاۋازىمىز، كۆزىمىز ياكى بىر قول ئىشارىتىمىز، ئېغىزدا دېگىنىمىزگە ئوخشاش قىممەتتە بىراۋنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەي- دۇ — بىراق سىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرەلەرسىزمۇ؟ مۇمكىن ئە- مەس! چۈنكى، سىز ئۇنىڭ ئەقلىگە، ھۆكۈمىگە ۋە ئابرۇيىغا تەگدىڭىز. بۇ ھالدا ئۇ سىزگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇكى، ئۆزىنىڭ پىكرىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. مەيلى سىز پلاتون ياكى ئىمانول كوند- نىڭ بارلىق لوگىكىسىنى تەتبىق قىلىڭ، ئۇنىڭ پىكرىنى ھەرگىز ئۆز- گەرتەلمەيسىز. چۈنكى، سىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتتىڭىز - دە.

## بىراۋنىڭ بىپەرىسىزلىكىنى ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇڭ

خېلى بىر قىسىم كىشىلەر بىراۋغا ھەقىقىي مەدھىيە ئوقۇغاندىن كېيىن، سۆزىنى ئەگىتىپ كېلىپ: «بىراق» دېگەننى قېتىپ قويىدۇ، ئاندىن ئارقا - ئارقىدىن تەنقىد قىلىدۇ. مەسىلەن، بىراۋ بالىسىنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئېرەنسىزلىكىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن: «جون، سېنىڭ بۇ قېتىملىق نەتىجەڭدە ئىلگىرىلەش بوپتۇ، بۇنىڭدىن بىز ناھايىتى خۇش، لېكىن ماتېماتىكا دەرسىڭنى ياخشى ئۆگىنىپ كېتەلىگەن بولساڭ، تېخى- مۇ ياخشى بولاتتى» دېيىشى مۇمكىن.

بۇ مىسالدىكى ئىلھام ئېلىشقا تېگىشلىك جون «لېكىن» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەدھىيىدىن گۇمانلىنىپ ،

قېلىشى مۇمكىن. مەدھىيە ئۇنىڭغا تەنقىدنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسىدەك تۇيۇلىدۇ. مەدھىيىنىڭ چىنلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ۋە جوننىڭ ئوقۇش پوزىتسىيىسىگىمۇ ھېچقانداق ياردىمى بولمايدۇ.

بىز بۇ جۈملىدىكى بىر سۆزنى ئۆزگەرتكىنىمىزدە، ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ گەپ: «جون، سېنىڭ بۇ قېتىمقى نەتىجەڭدە ئىلگىرىلەش بوپتۇ. بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولدۇق، ئەگەر سەن داۋاملىق تىرىشساڭ، ماتېماتىكىدىكى نەتىجەڭمۇ چوقۇم باشقا دەرسلەردىكىگە ئوخشاش ياخشى بولۇپ كېتەر ئىدى» دېيىلىشى كېرەك.

مۇشۇنداق بولغاندا جون بۇ مەدھىيە سۆزنى چوقۇم قوبۇل قىلالايدۇ، چۈنكى ئاخىرقى بۇ بىر جۈملە سۆزگە ئىنكار سۆز قوشۇلمىغان، بىز ئۇنىڭ تولۇقلاشقا تېگىشلىك ئىشنى ۋاستىلىك ئۇقتۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزدىكى ئارزۇغا قانداق يېتىشنى بىلىۋالىدۇ.

بىراۋنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇش بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويغاندىن ياخشى، بىراۋنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

## دۈشمىنىڭىزنىڭ پىكرى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ

ھاماقەتلەر كىچىككىنە تەنقىدنى ئاڭلاپلا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ، بىراق دانالار بولسا ئۆزلىرىنى ئەيىبلىگۈچىلەردىن، قارشى چىققۇچىلاردىن ۋە «يولدا ئۆزلىرىگە كاشىلا قىلغۇچىلار»دىن تېخىمۇ كۆپ تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق شائىر ۋېتمان: «سىز بىلىدىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى سىزگە زوقى كېلىدىغان، سىز بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ۋە داۋاملىق سىز تەرەپتە تۇرىدىغان كىشىلەردىن ئۆگەنگەنمۇ؟ سىزگە قارشى تۇرىدىغان، سىزنى ئەيىبلەيدىغان

ياكى يولدا سىزنىڭ ئالدىڭىزنى توسۇغانلاردىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى بىلىۋالالايسىزغۇ؟ » دېگەن ئىدى.

دۈشمىنىمىزنىڭ بىزنى ياكى بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى تەنقىد قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقىمىز، بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆز-ئۆزىمىزنى قاتتىق تەنقىد قىلغۇچىلاردىن بولۇشىمىز، دۈشمىنىمىز ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى تولۇق تۈزىتىشىمىز كېرەك.

«دۈشمىنىمىزنىڭ پىكرى، — دەيدۇ روككىيفانك، — بىز ئۆزىمىزنىڭ پىكرىگە قارىغاندا ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن.»

بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مەن كۆپ قېتىم تونۇپ يەتكەن، بىراق بىركىم مېنى ھەر قېتىم تەنقىد قىلغاندا، ئازراقلا دىققەت قىلمىسام، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈمنى ئاقلاشنى دەرھال باشلىۋېتەتتىم، ھەتتا مېنى تەنقىد قىلغان كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاقمۇ سالمايتتىم. ھەر قېتىم شۇنداق بولغاندا، مەن ناھايىتى پۇشايمان قىلاتتىم. بىز ھەممىمىز بىراۋنىڭ تەنقىدىنى ياقتۇرمايمىز، بەلكى ئۇلارنىڭ ماختىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. مەيلى بۇ خىل تەنقىد ياكى ماختاش ھەقلىق بولسۇن - بولمىسۇن.

ئەگەر بىز خەقنىڭ يامان گېپىمىزنى قىلغىنىنى ئاڭلىساق، ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. ھاماقەت كىشىلەرلا شۇنداق قىلىدۇ. بىز خەققە ئوخشاشمايمىز، شۇڭا كەمتەر بولۇشىمىز، ئىلمىي بولۇشىمىز ۋە بىزنى تەنقىد قىلغان ئادەمنىڭ ئالدىغا بارالىشىمىز ھەمدە «ئەگەر تەنقىد قىلغۇچى مېنىڭ بارلىق خاتالىقىمنى بىلەلىسە، چوقۇم ھازىرقىدىنمۇ قاتتىق تەنقىد قىلىشى مۇمكىن» دېيەلىشىمىز، خەقنى ئۆزىمىزگە قايىل قىلىشىمىز كېرەك.

# سۆزلەش ماھارىتى

## سۆزگە ماھىر بولۇشنى مەشىق قىلىڭ

سۆزلەش بىر خىل سەنئەت، بىراق كىشىلەر بۇ خىل سەنئەتكە كۆپىنچە سەل قارايدۇ، ئەگەر سىزنىڭ سۆز قابىلىيىتىڭىز ياخشى، گېپىڭىز راۋان، ساغلام بولسا، كىشىلەر سىزگە مايىل بولىدۇ، ئاشۇ سۆز قابىلىيىتىڭىز ئارقىلىق ياخشى دوستلارغا ئېرىشەلەيسىز. سۆز قابىلىيىتىڭىز سىزگە يول ئېچىپ مۇراد ـ مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز ئادۋوكات بولسىڭىز، نۇرغۇن دەۋاگەرنى جەلپ قىلالايسىز؛ دوختۇر بولسىڭىز، نۇرغۇن كېسەلنى جەلپ قىلالايسىز؛ دۇكاندار بولسىڭىز، خېرىدارنى جەلپ قىلالايسىز.

گەپ ـ سۆزى جايىدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئىشلىرى ئوڭاي بولىدۇ. لېكىن، كۆپ ساندىكى ئادەم گەپنى جايىدا قىلالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ ئۇلارنىڭ تىلنى بىر خىل سەنئەت دەپ قارىمىغانلىقى، جاپالىق مەشىق قىلمىغانلىقى، كۆپ ماتېرىيال كۆرمىگەنلىكى ۋە تولۇق تەييارلىق قىلمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. گەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئازراقمۇ ئويلىنىپ كۆرمەسلىك، ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ.

كىشىنىڭ پىكىر قىلىشىدىن قانچىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكىنى، بۇ جەھەتتە ئوبدان تەربىيىلەنگەن ـ تەربىيىلەنمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پىكىر قىلىش جەريانىدا خەق سىزنىڭ كەچۈرمىشىڭىز ھەققىدە مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە بولىدۇ.

نۇرغۇن ئادەم سۆزگە ماھىر بولغىنى ئۈچۈن ۋەزىپىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، بۇلار بىراۋ بىلەن پاراڭلاشقاندا كۆڭۈلدىكىدەك تەسىر قالدۇرالايدۇ. بىر قىسىم ئادەملەر دەل مۇشۇ ئارقىلىق نام-ئابرۇي، پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ، سىز سۆز قىلىشنى كىچىك ئىش دەپ قارىماڭ، چۈنكى بۇ پۈتكۈل ھاياتىڭىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل. بىر كىشىنىڭ قابىلىيىتى ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز سۆز قىلىشنى بىلمىسىڭىز، خەق سىزنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېچقانداق ئىقتىدارى يوقكەن دەپ قالىدۇ. ئېھتىمال مۇشۇ تۈپەيلى قورسىقىڭىزدا لىق بىلىم بولغان تەقدىردىمۇ، خەقنى ئىشەندۈرەلمىگەنلىكتىن كەسپىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

## بىراۋغا ھېسداشلىق قىلغاندا، ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرغىلى بولىدۇ

مۇنداق خاسىيەتلىك بىر جۈملە سۆز بار، بۇ سۆز ئارقىلىق مۇنازىرىنى توسۇپ، بىزارلىقنى چىقىرىپ تاشلاپ، بىراۋغا ياخشى تەسىر قالدۇرغىلى، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ. سىز بۇ سۆزگە ئېرىشىشنى خالامسىز؟

بۇ سۆز: «مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزدىن پەقەت ئاغرىنمايمەن. ئەگەر مەنمۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام، چوقۇم سىزدەك تونۇشتا بولاتتىم.»

بۇنداق جاۋاب ھەرقانداق كاج - جاھىللارنى يۇمشىتىدۇ ھەمدە سىزمۇ بۇ سۆزلەرنى چىن قەلبىڭىزدىن چىقىرىپ دەيسىز، چۈنكى ئەگەر سىزمۇ قارشى تەرەپ ئورنىدا بولسىڭىز ئۇنىڭغا ئوخشاش تۇيغۇدا بولۇسىز. مەسىلەن، كېرباننى ئالساق، ناۋادا سىزنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭىز، خاراكتېرىڭىز ۋە نېرۋىڭىز كېربانىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسا، سىزدىمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاش مۇھىت ۋە تەجرىبە بولسا، سىزمۇ تامامەن ئۇنىڭغا ئوخ-

شاش ئادەم بولۇپ چىقمىسىز. چۈنكى، ئاشۇ ئىشلار ئاشۇنداق ئادەمنى يېتىلدۈرگەن.

سىزنىڭ ئاشۇنداق ئادەم بولۇپ قېلىشىڭىزدىكى سەۋەب سىز ئۇچۇن ئۇتتۇق قازىنىدىغان جاي ناھايىتى كەم بولغانلىقىدا — ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ئۇچراتقان تېرىككەك، جاھىل، نادان كىشىلەرنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشى، ئۇلارغىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت ناھايىتى كەم بولغانلىقىدا. بۇنداق بىچارىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈڭ، ئىچ ئاغرىتىڭ، ھېسداشلىق قىلىڭ. يوھان كوچىدا مەست كىشىلەرنى كۆرگەندە دائىم ئۆزىگە دەيدىغان: «ئەگەر تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشمىگەن بولسام، مەنمۇ ئاشۇ يولدا ماڭغان بولاتتىم» دېگەن سۆزنى ئېسىڭىزگە ئېلىڭ. سىز ئەتە ئۇچرىتىدىغان كىشىلەرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ھېسداشلىققا تەشنا كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلسىڭىز، ئۇلار سىزنى ياقتۇرىدۇ.

# ئەيىبلەشنى ئەمەس، ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

بىز بىلەن بىرگە ياشايدىغان ئوبيېكت مۇتلەق ئەقىللىق جانلىق ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ھېسسىيات ئۆزگىرىشى بولىدىغان، ئاداۋەت، تەكەببۇرلۇق ۋە شۆھرەتپەرەسلىككە تولغان نەرسىدۇر.

ئەنگلىيە ئەدەبىيات تارىخىدا خېلى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە يازغۇچى توماس خاردى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن يېزىقچىلىقتىن ۋاز كەچكەن؛ ئەنگلىيىلىك يەنە بىر شائىر توماس ساتتونمۇ دەل مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

بەنزەمىن فرانكلىن ياش ۋاقتىدا ئۇنچىۋالا قاقۋاش ئەمەس ئىدى. بىراق، كېيىن دىپلوماتىيە ئىقتىدارى يۇقىرى، باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى «مەن خەقنىڭ يامان گېپىنى قىلماي، ھەممە ئادەمنىڭ

ياخشى تەربىيىنى سۆزلەيمەن» دېگەندىن ئىبارەت بولغان.

پەقەت كەم ئەقىل كىشىلەرلا خەقنى تەنقىد قىلىدۇ، ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇلاردىن ئاغرىنىدۇ، ئەقىلسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق.

ئەمما، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلىش كۆرگەن تەربىيىگە ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا باغلىق. كارللې مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغلار ئاددىي ئادەملەرگە بولغان ھەركىتىدىلا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئاۋۋال ئادەمنىڭ ياخشى تەربىيىنى ماختاڭ، كېيىن ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىڭ. بۇ چارە مەيلى ئىشخانا، زاۋۇت، ئائىلىدە بولسۇن ياكى ئاياللىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىز، ئاتا- ئانىڭىز ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشىگە بولسۇن، تولىمۇ ئۈنۈملۈك چارىدۇر.

سىز ئۆز قابىلىيىتىڭىز يار بەرگەن دائىرىدە بۇ دۇنيادىكى خۇشاللىقنى كۆپەيتەلەيسىز، قانداق قىلىپ كۆپەيتىسىز؟ جىمغۇر، چۈشكۈن كىشىلەرگە بىرنەچچە ئېغىزدىن مەدھىيە سۆزى قىلىپ قويۇڭ. ئېھتىمال بىراۋغا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىڭىزنى سىز ئەتىسىلا ئۇنتۇپ قالارسىز، بىراق ئاڭلىغۇچى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماسلىقى مۇمكىن.

بىز بىراۋنى ئەيىبلىمەستىن، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. چۈشىنىش تەنقىدتىن كۆپ پايدىلىق ۋە ئەھمىيەتلىك، بۇمۇ كىشىگە ھېسداشلىق، سەۋر - تاقەت ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

سىكوببېرت مۇنداق دەيدۇ: «مەندىكى خىزمەتچىلەرنى ئىلھاملاندۇرالايدىغان ئىقتىدار — مېنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىم. ۋەھالەنكى، بىراۋنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ماختاش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش. بىراۋنىڭ غەيرىتىگە بەرھەم بېرىشتە باشلىقنىڭ تەنقىدىدىنمۇ ئارتۇق نەرسە بولمىسا كېرەك. مەن ئەزەلدىن بىرەر ئادەمنى تەنقىد قىلمايمەن، بىراۋنىڭ خىزمىتىگە ئىلھام بېرىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن

ماختاشقا ئالدىرايمەن، قۇسۇر تېپىشتىن بىزارمەن. مېنىڭ ياقتۇرىدىغىنىمغا كەلسەك، مەن بىراۋنى چىنلىق بىلەن ماختاشقا، سېخىيلىق بىلەن قوللاشقا ئامراقمەن. مەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن ئاتاقلىق كىشىلەرنى ئۇچراتتىم — مەيلى ئۇلار قانچىلىك ئۇلۇغ ۋە ئالىيجاناب بولسۇن — ھەرقاندىقىسىنىڭ تەنقىد قىلغاندىكى خىزمەت نەتىجىسى ماختىغان چاغدىكى خىزمەت نەتىجىسىدىن ئارتۇق بولمىغان.»

پولات - تۆمۈر پادىشاھى ئاندرېۋ كارنىگىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئۇنىڭ ئاشكارا ياكى مەخپىي بولسۇن قول ئاستىدىكىلەرنى ماختاشنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدا، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ قەبرە تېشى ئۈستىدىمۇ خىزمەتچىلىرىنى ماختىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قەبرە تېشىغا: «بۇ يەردە ياتقان كىشى ئۆزىدىن ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن قانداق ئۆتۈشنى بىلىدىغان كىشىدۇر» دەپ يازدۇرغان.

## رەھمەت سۆزىگە سەل قارىماڭ

مەن بىر مەزگىل ئادەت بويىچە ئالتە كېچە - كۈندۈز تاماق يېمىدىم. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس، بىراق ئالتىنچى كۈنى كەچتە ئىككىنچى كۈنى كەچتىكىدەك قورسىقىم ئۇنچىۋالا ئېچىپ كەتمىدى، ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەگەر بىز ئائىلىدىكىلىرىمىزگە ياكى خىزمەتچىلىرىمىزگە ئالتە كۈن تاماق بەرمىسەك جىنايەت ھېس قىلىمىز، بىراق بىز ئائىلىمىزدىكىلەرنى ياكى خىزمەتچىلىرىمىزنى ئالتە كۈن، ئالتە ھەپتە، ھەتتا 60 يىلدىمۇ ماختاپ باقمايمىز. بۇنداق مەنىۋى ئىلھام يېمەكلىك بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئەمەسمۇ؟

ئاتاقلىق ئارتىس ئاۋېرۇي لونت ئۆزىنىڭ «ۋېينادا قايتا ئۇچرىشىش» دېگەن سەھنە ئەسىرىدە: «ماڭا ئەڭ كېرەكلىك بولغىنى، ئىززەت - ئابرۇيىمغا ھۆرمەت قىلىشتۇر» دېگەن ئىدى.

بىز بالىلىرىمىزنىڭ، دوستلىرىمىزنىڭ ھەمدە خىزمەتچىلىرى-

-مىزنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلىمىز، بىراق ئۇلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا كۆڭۈل بۆلۈپ باقتۇقمۇ؟ بىز ئۇلارغا گۆش، ياڭيۇ يېگۈزۈپ بەدىنىنى قۇۋۋەتلەندۇرىمىز. بىراق، ئۇلارغا دېيىشكە تېگىشلىك بولغان رەھمەت سۆزىگە سەل قارايمىز. بۇ رەھمەت سۆزلىرى تاڭ سەھەردىكى يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشاش خاتىرىدىن مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ.

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا گۈزەل ئەخلاقلاردىن بىرى بولغان ماختاشقا دائىم سەل قارايمىز. بەزىدە، بالىمىز مەكتەپتىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ كەلگەندە، ئۇلارنى ماختاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالىمىز. بالىلىرىمىز تۇنجى قېتىم بولكا پىشۇرغاندا ياكى قۇشقاچ قەپىسى ياسىغاندىمۇ ئۇلارنى ماختاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالىمىز. بالىلارنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى ئاتا- ئانىلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مەدھىيىسىدۇر.

كىلەر قېتىم ئاشپۇزۇلدا چىرايلىق تىزىلغان نازۇنېمەتلەرنى كۆرگىنىڭىزدە، ئاشپەز ئۇستامنىڭ ھۈنىرىنى ماختاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ھېرىپ - چارچىغان مال ساتقۇچى سىز سېتىۋالماقچى بولغان مالنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆرسەتكىنىدە، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇماڭ.

ھەربىر پوپ، چۈشەندۇرگۇچى ۋە ۋەزىچىگە ئايانكى، ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن سۆز قىلىپ، ئازراقمۇ ماختاشقا ئېرىشەلمىگەندە، قەلبى شۇنداق ئۇمىدسىزلىككە تولىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئىشخانىدا، سودا دۇكانلىرىدا ۋە زاۋۇتتىكى خىزمەتچىلەر ئىچىدە يۈز بەرسە، ئۇلارمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئۇمىدسىزلىنىشى مۇمكىن. كىشىلىك ئالاقىدە بىزنىڭ مۇئامىلىدىشىمىزنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى، كىشىلەر ماختىنىشقا تەشنا. باشقىلار ئۈچۈن خۇشاللىق يارىتىش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا كىشىلەر ئۈچۈن ئاز - تولا مەدھىيە پۇراقلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىڭ، بۇ كىچىككىنە ئۇچقۇن دوستلۇق مەشئىلىنى ياندۇرىدۇ. دوستىڭىزنى ياندۇرقى قېتىم زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، بۇ قىلمىشىڭىزنىڭ روشەن نەتىجىسىنى كۆرىسىز.

# ئىلھام كىشىنىڭ تالانتىنى جارى قىلدۇرىدۇ

يېقىندا مېنىڭ 40 ياشلاردىكى بويتاق دوستۇم لايىقى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ، لايىقى ئۇنىڭغا قازا قىلىۋەتكەن ئۇسسۇل دەرسىنى ئۆگىنىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىكەن، ئۇ: «شۇنداق، مەن ئۇسسۇل دەرسىنى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ» دەپتۇ. دوستۇم بولغان ئەھۋالنى ماڭا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «چۈنكى، مېنىڭ ئۇسسۇلۇم 20 يىل ئىلگىرىكى ئەمدىلا ئۆگەنگەن ھالەتتە ئىكەن. ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە تەكلىپ قىلغان تۇنجى ئوقۇتقۇچۇم ماڭا ئېھتىمال راست گېپىنى قىلدى بولغاي، ئۇ مېنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئوينىغانلىقىمنى؛ مېنىڭ بۇلارنى تولۇق ئۇنتۇپ كېتىپ، قايتىدىن ئۆگىنىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇنىڭ سۆزى مېنى قاتتىق مەيۈسلەندۈردى. داۋاملىق ئۆگىنىشكە ئىمكانسىز قېلىپ، ئۇ ئوقۇتقۇچىنى قايتۇرۇۋەتتىم.»

«ئىككىنچى قېتىم تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچى يالغان ئېيتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا سوغۇققىنا قىلىپ: سىز ئوينىغان ئۇسسۇل بىرئاز كونا ئۇسلۇبتا ئىكەن، بىراق ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ئوينايدىكەنسىز. ئانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلماي بىرنەچچە خىل يېڭى ئۇسسۇل ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىۋالالايدىكەنسىز، دېدى. تەكلىپ قىلغان تۇنجى ئوقۇتقۇچى خاتالىقىمنىلا تىلغا ئېلىپ رايىمنى سۇۋۇتقان ئىدى، بىراق بۇ يېڭى ئوقۇتقۇچى ئەكسىچە مېنىڭ توغرا قىلغان تەرەپلىرىمنى توختىماي ماختاپ، يۈكۈمنى يەڭگىللەتتى: 〈سىزدە تەبىئىي مۇزىكا سېزىمى بار ئىكەن، — دەيتتى ئۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، — سىز ھەقىقەتەن تەبىئىي تالانتلىق ئۇسسۇلچى ئىكەنسىز.〉 ھازىر مەن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى: مەن بۇرۇن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ 4 - دەرىجىلىك ئۇسسۇلچى بولالىغۇدەكمەن دەپ ئويلايتتىم؛ بىراق، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولسـ-

كەن دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. دېمىسىمۇ مېنىڭ پۇل خەجلىشىم ئۇنىڭ ئاشۇنداق ياخشى سۆزلەرنى دېيىشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنداقتا ئالدىنقى قېتىمقى مۇئەللىم نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا زىت ئىش كۆردۇ؟»

«مەيلى قانداق بولسۇن، ھازىر مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشىم ئۇ ماڭا: سىزنىڭ تەبىئىي مۇزىكا سېزىمىڭىز بار ئىكەن دېگەن مەزگىلدىكىدىنمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ مېنى رىغبەتلەندۈردى، ماڭا ئۈمىد ئاتا قىلدى. مېنى ئالغا ئىلگىرىلەتتى!»

ئەگەر سىز بالىڭىزغا، يولدىشىڭىزغا ياكى خىزمەتچىڭىزگە مەلۇم ئىشتا دۆت ئىكەنسىز، بۇ ئىشنى قىلالمايدىكەنسىز، پۈتۈنلەي خاتا قىپسىز دېسىڭىز، سىز ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى تۈرلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىسىز. بىراق، ئەكسىچە ئۇسۇل قوللىنىپ سېخىيلىق بىلەن ئىلھام بەرسىڭىز، بىراۋنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىغا ئىشەنگەنلىكىڭىزنى بىلدۈرسىڭىز، ئۆزى بايقىمىغان يوشۇرۇن كۈچىنىڭ بارلىقىنى تونۇتسىڭىز، ئىشلار تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ، بىراۋ بۇ ئىشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تىرىشىدۇ.

## مۇنازىرىلىشىشنىڭ پايدىسى يوق

مۇنازىرىدە ئەڭ چوڭ مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل بار، ئۇ بولسىمۇ مۇنازىرىلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، مۇنازىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش خۇددى زەھەرلىك يىلاندىن، يەر تەۋرەشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانغا ئوخشاش.

مۇتلەق كۆپ قىسىم چاغلاردا مۇنازىرە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھەربىر مۇنازىرىلەشكۈچى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ قاتتىق ئىشىنىدۇ.

سىز مۇنازىرە بىلەن غەلىبىگە ئېرىشەلمەيسىز، بۇ چوقۇم. ئەگەر

مەغلۇپ بولسىڭىز بولۇۋېرىڭ. چۈنكى، غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ يەنىلا مەغلۇپ بولىسىز. نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەر سىز قارشى تەرەپ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەس قىلىۋەتكەن، نېرۋىسىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىغان تەقدىردىمۇ، سىز قانچىلىك بولۇپ كېتىسىز؟ سىز ئەلۋەتتە ئۆزىڭىزنى بەھۇزۇر ھېس قىلىسىز. بىراق، قارشى تەرەپچۇ؟ ئۇ ئۆزىنى شۇنداق مىسكىن ھېس قىلىدۇ. سىز ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن ئىكەنسىز، ئۇ سىزنىڭ غەلىبىڭىزگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

سىز مۇنازىرىلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، ئېھتىمال سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز توغرا بولغان بولۇشى ھەتتا ناھايىتى توغرا بولغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق قارشى تەرەپنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە، سىز ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز، خۇددى سىزنىڭ خاتادەك تۇرۇۋېرىدۇ.

مېكېدور ۋىلسون زۇڭتۇڭنىڭ ئىچكى كابىنىت مالىيە مىنىستىرى بولغان مەزگىلدە، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق سىياسىي ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ: «نادان ئادەمنى مۇنازىرە ئارقىلىق يەڭگىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىدى.

مېنىڭ تەجرىبەم: مەيلى ئۇ قانداق ئادەم بولسۇن — يۇكسەك ئىقتىدارلىق ياكى تۆۋەن ئىقتىدارلىق بولسۇن — ھەرگىزمۇ تىل كۈرىشى بىلەن ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت. ساكيامونى مۇنداق دېگەن: «نەپرەت بىلەن نەپرەتنى تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، بىراق مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى تۈگىتىش مۇمكىن» دېگەن ئىدى. ئۇقۇشماسلىقنى مۇنازىرە بىلەن مەڭگۈ بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. بەلكى تۈرلۈك ۋاستە، تاشقى مۇناسىۋەت، يارىشىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ قارىشىغا ھېسداشلىق قىلىش يوللىرى بىلەن تۈگىتىش مۇمكىن.

لىنكولىن خىزمەتدىشى بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ قالغان بىر ياش ئوفىتسېرنى ئەيىبلىگەن. «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بەل باغلىغان كىشى، — دەيدۇ لىنكولىن، — شەخسىي ئاداۋەتكە ۋاقىت زايە قىلماس-

لىقى كېرەك، نەتىجىسىنى كۆرمەن دەپ ۋاقىتنى زايە قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ناچار خاراكتېر، ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىش قاتارلىقلارمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ دۈشمىنىدۇر. سىز ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىشكە ئارتۇقچە ئۇرۇنسالىڭ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىڭ. ئىت بىلەن يول تالىشىپ، ئۆزىڭىزنى چىشلىتىۋالغاندىن كۆرە، يولنى ئىتقا ئۆتۈنۈپ بەرگىنىڭىز تۈزۈك. چىشلىگەن ئىتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، يارىسى قېپقالىدۇ.»

## ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز كېرەك

سىز ئاڭلىغۇچىلىرىڭىز ئالدىدا، ئاۋازىڭىز، نەپىسىڭىز، قول ئىشارىتىڭىز، قىياپىتىڭىز ھەمدە سۆزلەپ قەيەرگە كەلگەندە تەكىتلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىزنىڭ نېمە دېيىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئويلىغاندىن سىرت، باشقا ئىشلارنى قەتئىي ئويلىماڭ. مۇشۇك چاشقان تۇتىدىغان چېغىدا: «قۇيرۇقۇمنىڭ قىياپىتى توغرىمىدۇ؟ تۇرغان ھالىتىم توغرىمىدۇ؟ چىرايىم قانداقتۇر؟» دېگەندەك سوئاللارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. پۈتۈن زېھنى بىلەن چاشقان تۇتۇش كويىدا بولىدۇ، شۇڭا خاتا تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، زېھنىڭىزنى ئاڭلىغۇچىلىرىڭىز ۋە قىلماقچى بولغان سۆزلىرىڭىزگە مەركەزلەشتۈرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ قىياپىتى، ئاۋازى قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىسىز ھەمدە خاتالىقمۇ كۆرۈلمەيدۇ.

## مۇۋاپىق تەنقىد ئۇسۇلىنى تاللاڭ

بىر كۈنى چارلىز شابور ئۆزىنىڭ بىر پولات زاۋۇتىدىن ئۆتۈپ

كېتىۋېتىپ، بىرنەچچە خىزمەتچىنىڭ «تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ» دېگەن ۋىۋىسكا تۇۋىدە تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ مۇشۇ سەۋەب-تىن ئاشۇ خىزمەتچىلەرگە ۋىۋىسكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سىلەر خەت تونۇمامسىلەر؟» دېگەنمىدۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا بىر تالدىن تاماكا تۇتقان. ئارقىدىن: «بۇرادەرلەر تاماكىنى سىرتقا چىقىپ چەككەن بولساڭلار رەھمەت ئېيتقان بولاتتىم» دېگەن. دەرۋەقە، خىزمەت-چىلەر ئۆزىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بىلگەن. بىراق، شابور ئەپەندى ئۇلارنى تەنقىد قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھۆرمەت تاماكىسىنى تۇتقان. سىز بۇنداق كىشىنى ھۆرمەت قىلماي تۇرالامسىز؟

جون ۋانامېك ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ دۇكانلىرىنى بىر قېتىم ئارىلاپ چىقاتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر خېرىدارنىڭ پەشتاختا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ھېچ كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. مال ساتقۇچىلارچۇ؟ ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ پاراڭ سېلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتى. ۋانامېك گەپ - سۆز قىلماي پەشتاختا ئىچىگە ئۆتۈپ ئۇ خانىم ئۈچۈن ھېسابات قىلىپ بەرگەن. ئاندىن ئۇ خانىم ئالماقچى بولغان نەرسىلەرنى مال ساتقۇچىغا ئوراپ بېرىش دەپ بەرگەندىن كېيىن، چىقىپ كەتكەن.

## ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەش كىشىگە ئالىيجانابلىق ھېس قىلدۇرىدۇ

ئەگەر بىراۋنىڭ بىزنى چوقۇم ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلسەك، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئەيىبلىسەك كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قىلغان تەنقىد بىراۋنىڭ تەنقىدىدىن كۆپ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

ئەگەر سىز بىراۋ سىزگە تەنقىد بېرىشنى ئويلاۋاتقاندا ياكى تەنقىدلەشكە تەمشىلىۋاتقاندا، ئۇ گەپ ئېچىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنى تەنقىد قىلسىڭىز ئەسلىي ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان قولايلىق شارائىتقا سىز ئېرىشىسىز ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بولغاندا بىراۋ كەڭچىلىك، كەچۈرۈم قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ ۋە خاتالىقىڭىزمۇ يەڭگىللەپ قالىدۇ.

ھەرقانداق ھاماقەت كىشى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئاقلايدۇ. كۆپ ساندىكى ھاماقەتلەر مۇشۇنداق قىلىدۇ. بىراق، ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرگەنلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى كىشىگە ئالىيجانابلىق ھېس قىلدۇرىدۇ.

# رەقىبىڭىزگە «ياق» دېيىش پۇرسىتىنى بەرمەڭ

بىراۋ بىلەن سۆزلەشكەندە ئالدى بىلەن سىز قوشۇلمايدىغان ئىشلارنى مۇزاكىرىلەشمەڭ. ئاۋۋال تەكىتلەيدىغىنىڭىز — توختىماي تەكىتلىشىڭىز كېرەك — سىز قوشۇلىدىغان ئىشلار بولسۇن. چۈنكى، سىلەر ئوخشاش نەتىجە ئۈچۈن تىرىشىسىلەر، شۇڭا ئوتتۇراڭلاردىكى پەرق مەقسەتتە ئەمەس، بەلكى ئۇسۇلدا.

سۆھبەت باشلىنىشى بىلەنلا قارشى تەرەپ: «شۇنداق، شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەي. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئەڭ ياخشىسى، قارشى تەرەپكە «ياق» دېيىش پۇرسىتى بەرمەڭ.

دوكتور خاررىي ئوۋچېرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ياق» دېگەن سۆزنىڭ توسالغۇسىنى يېڭىش تولىمۇ قىيىن، سىز «ياق» دېگەن سۆزنى ئېغىزىڭىزدىن چىقارغىنىڭىزدا، ۋۇجۇدىڭىزدىكى پۈتكۈل غۇرۇرىڭىز

سىزنى داۋاملىق چىلك تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. كېيىن سىز بۇنداق جاۋابنىڭ تازا ئاقىلانە بولمىغانلىقىنى بايقاپ قالىسىز. بىراق، غۇرۇرىڭىز نېمە بولۇپ كەتتى؟ سىز «ياق» دېگەن سۆزنى ئاغزىڭىزدىن چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆھبەت باشلىنىشى بىلەنلا قارشى تەرەپنى بىرمۇنچە «شۇنداق، ماقۇل» دېگۈزۈپ قوشۇلۇش نىشانىغا باشلاپ مېڭىش تولىمۇ زۆرۈر.

سۆز قىلىش ماھارىتى بار كىشىلەر سۆھبەت باشلىنىشى بىلەنلا كۆتكەن جاۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ قوشۇلۇش تەرەپكە مېڭىشقا باشلايدۇ. بۇ خۇددى توپ تەپكەنگە ئوخشاش ئىش. توپ ئەگەر ئازراقلا يانتۇ كەتسە، تېگىپ يانغان يۆنىلىش سىز ئۈمىد قىلغان يۆنىلىش بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ.

«شۇنداق» دېگەن جاۋابنىڭ ئىنكاسى تولىمۇ ئاددىي، بىراق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنىڭغا سەل قارايدۇ. بەزىلەر ئېھتىمال، باشتىلا قارشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن.

## قارشى تەرەپكە پىكرىنى تولۇق بايان قىلىش پۇرسىتى بېرىڭ

كۆپ ساندىكى كىشىلەر باشقىلار بىلەن بىردەك پىكىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزى كۆپ سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ خىل پايدىسىز ئادەت بولۇپمۇ مال ساتقۇچىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. قارشى تەرەپنى كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەشكە قويۇپ بېرىڭ. ئۇ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كۆپرەك بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كۆپرەك سوئال سوراڭ، ئۇ سىزگە بىرقانچە ئىشنى سۆزلەپ بەرسۇن.

ئەگەر سىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىسىڭىز، ئېھتىمال ئۇنى توسۇش ئويىدا بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق، ئۇنداق قىلماڭ، ئۇنداق قىلىش تولىمۇ خەتەرلىك. ئۇ بىرمۇنچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالدىراۋاتقان پەيتتە سىزنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋرچان، ئوچۇق-يورۇق ۋە سەممىيلىك بىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭ ھەمدە ئۇنىڭ پىكرىنى تولۇق بايان قىلىشىغا ئىلھام بېرىڭ.

ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ دوستلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى ئۆزىمىزنى ماختىغانغا قارىغاندا كۆپ ياخشى.

فرانسىيىلىك پەيلاسوپ روسفاك: «ئەگەر ئۆزىڭىزگە دۈشمەن تاپاي دېسىڭىز، دوستىڭىزدىن ئېشىپ چۈشۈڭ! دوست تاپاي دېسىڭىز دوستىڭىز سىزدىن ئۈستۈن تۇرسۇن» دېگەن ئىدى.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، دوستلىرىمىز بىزدىن ئېشىپ چۈشسە، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇھىم ھېس قىلىدۇ، لېكىن بىز ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشسەك، ئۇلار چۈشكۈنلىشىدۇ ھەمدە بىزدىن قىزغىنىدۇ ۋە بىزگە ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ.

بىز چوقۇم كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ ۋاي دېگۈدەك يېرىمىز يوق. بىز ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز. بىرەر يۈز يىلدىن كېيىن كىشىلەر بىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ھايات تولىمۇ قىسقا، بىز ئۆزىمىزنىڭ كىچىككىنە نەتىجىسىنى پەش قىلىپ باشقىلارنى بىزار قىلىپ قويمايلى. ئەكسىچە، باشقىلارغا كۆپرەك سۆزلەشكە ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك. ئويلاپ كۆرۈڭ، ھەرقانچە قىلغان بىلەن سىزنىڭ ماختىنىپ كەتكۈدەك ھېچ يېرىڭىز يوق. سىزنى كالۋا قىلىپ قويمىغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ ھېچقانچە نەرسە ئەمەس. ئۇ بولسىمۇ قالقان بېزىڭىزدە بەش سېنتلىق يودنىڭ بولغانلىقىدا. ئەگەر دوختۇر سىزنىڭ بوينىڭىزدىكى قالقانسىمان بەزدىن كىچىككىنە يودنى ئېلىۋەتسە، سىز دەرھال ساراڭ بولۇپ قالىسىز. كوچىدىكى دۇكاندىن بەش سېنتقا

سېتىۋالغىلى بولىدىغان يود سىزنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ پەقەت بىر دانە نېكىل تەڭگىنىڭ قىممىتىگىلا ئىگە.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر سىز باشقىلار بىلەن پىكرىم بىردەك بولسۇن دېسىڭىز، قارشى تەرەپكە كۆپرەك سۆزلەش پۇرسىتى بېرىڭ.

## قانداق قىلغاندا سۆزلەش ھەۋىسى بىلەن ماھارىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ

ئۈنۈملۈك ماھارىتىڭىزنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىشىڭىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا قارشى تەرەپنىڭ ھەۋىسىگە دىققەت قىلىڭ، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ئاساسى، تەرتىپى بولۇشى، سۆز قىلغاندىكى ئاھاڭىڭىز ئېنىق، قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك. پوزىتسىيىڭىز مۇلايىم، قىزغىن بولۇشى، ئۆز ھەۋىسىڭىز ئارقىلىق ئۆزگىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىيالىشىڭىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا سۆزىڭىزنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىز تېخىمۇ كۆپ كىشى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشىڭىز، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى كۆرگەن، جاھاندارچىلىق سەنئىتىنى بىلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشىڭىز زۆرۈر. بۇنداق بولغاندا سىز ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ياخشى سۆز ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولالايسىز. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ سەۋەبلىك سىزنىڭ سۆز ماھارىتىڭىزمۇ پىشىدۇ.

ھەۋەس بارلىق ئىشلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەگەر سىزنىڭ خىزمەتكە ھەۋىسىڭىز بولمىسا، خىزمەت ئۈنۈمى چوقۇم تۆۋەن بولىدۇ. سۆزلەشكە ھەۋىسىڭىز بولمىسا، قىلغان سۆزىڭىزمۇ خەقنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم ھەۋىسىڭىزنى ئۇرغۇتىشىڭىز لازىم.

# سۆز ماھارىتىنى مەشىق قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

سۆز ماھارىتىنى مەشىق قىلىش باشقا ماھارەتلەرنى مەشىق قىلغانغا ئوخشاش. سۆز ماھارىتىنى مەشىق قىلىش باشقا ماھارەت مەشىقلىرىگە قارىغاندا جاپالىقراق بولۇشى مۇمكىن، بىراق باشقا ماھارەت مەشىقلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. سۆز ماھارىتىنى مەشىق قىلىشتا بىرنەچچە مۇھىم نۇقتا بار. چوقۇم ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇشىڭىز كېرەك.

1. ئىرادە ۋە جاسارەت — سۆز قابىلىيىتى ياخشى بولمىغان كىشىلەر كۆپىنچە كىشىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم ئالاقىلىشىش مەزگىلىدە كۆنۈپ قالغان. خىجىل بولۇش كەيپىياتى سۆز ماھارىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. يات ئادەمنى كۆرگەندە قىزىرىپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆز ماھارىتى چوقۇم ياخشى بولمايدۇ، سۆز قىلغاندا دۇدۇقلاپ ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆز ماھارىتىڭىزنى يېتىلدۈرمەن دەيدىكەنسىز، ئالدى بىلەن قاتتىق ئىرادە باغلاپ غەيرەتكە كېلىشىڭىز لازىم. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى: «مەنمۇ خەق بىلەن ئوخشاش ئادەم» دەپ قارىسىڭىز، سىزدىكى قورقۇنچ تۈگەيدۇ، مانا شۇ چاغدا سۆز ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش قىيىنغا توختىمايدۇ!

2. سەمىمىي ۋە راستچىل بولۇش — بۇ، سۆزلەشنىڭ مۇھىم ئامىلى. سىزنىڭ سۆز ماھارىتىڭىز ئانچە يۇقىرى ئەمەس، خەقتەك ئۆزداق ياخشى سۆزلىيەلمىسىڭىزمۇ، بىراق سۆزىڭىز سەمىمىي، پوزىتسىيىڭىز راستچىل بولسا، خەق سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىزدىن تەسىرلىنىدۇ. ھەربىر ئېغىز سۆزىڭىز ھېسسىياتلىق بولغاندا، ئاشۇ ھېسسىياتىڭىز ئارقىلىق بىراۋنىڭ سىزگە بولغان تەسىراتىغا تەسىر كۆرسىتەلەيسىز. خەقتە ياخشى تەسىر قالدۇرسىڭىز، سىزنىڭ سۆزىڭىز ئوخشاشلا خەقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىدۇ.

3. يۇمۇرلۇق ۋە ماسلاشقان بولسۇن — ئادەتتە سۆز قىلغاندا، ئاز-تولا يۇمۇرلۇق ۋە ماسلاشقان سۆز - ئىبارە، جۈملىلەرنى ئىشلەتكىنىڭىزدە، ئاڭلىغۇچىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالايسىز. بىراق، سىزنىڭ يۇمۇرلۇق ۋە ماسلاشقان سۆز - جۈملىلىرىڭىز ئەسلىي دېمەكچى بولغان سۆزىڭىزنىڭ ئوندىن بىرىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن. قارشى تەرەپ بىلەن بەش مىنۇت سۆزلەشسىڭىز، بىر - ئىككى ئېغىز چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ قويۇڭ. شۇنداق بولغاندا سۆزىڭىز تېتىقسىز تۇيۇلمايدۇ. ماسلاشقان سۆزنى قىلىمەن دەپ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

4. سۆزىڭىز قىسقا، ئېنىق بولسۇن — تولا سۆزلەش كىشىنى ئەڭ ئاسان بىزار قىلىدىغان ئادەت ھەممە كىشىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئېغىز سۆزىڭىز ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك، زۆرۈر بولمىغان سۈپەت سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ يۈرمەڭ ۋە بىر مەقسەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىرمۇنچە پىكىر بايان قىلماڭ. قىلغان ھەربىر ئېغىز سۆزىڭىزنىڭ سالمىقى بولسۇن، كىشىلەر ئاڭلاپ زېرىكىپ قالمىسۇن. ئادەتتە بىرنەچچە ئېغىز ئادەتتىكى سۆز ئارقىلىقمۇ خەق سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

5. سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىگە ئەھمىيەت بېرىڭ — سۆزلەش خۇددى ماقالە يازغانغا ئوخشىشىدۇ. ئەگەر سىز سۆز ئىشلىتىشكە ماھىر بولسىڭىز، يازغان ماقالىڭىز چوقۇم ناھايىتى ياخشى چىقىدۇ. ماقالىدىكى جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىگە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش لازىم، سۆز قىلغاندىمۇ سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق بولۇشى كېرەك. سۆز - جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشى ئىنتايىن مۇھىم.

6. كۆپ ئوقۇش، كۆپ سۆزلەش — بۇ بىر خىل ئەمەلىي مەشىق. بىراۋ بىلەن قورۇنماي، دادىللىق بىلەن پاراڭلىشىڭ. سۆزىڭىز ئاڭلىغۇچىنىڭ قىزىقىشىغا ماس كەلسىلا، ئۇلار سىزنىڭ سۆزىڭىزنى رەت قىلماي-

دۇ. كىتاب ئوقۇش سۆزلەش مەشىقىمىزگە ياردەم بەرگەندىن باشقا، سۆز - جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈشىمىزگە ۋە سۆز ماتېرىيالىغا ئىگە بولۇپ ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگىمۇ كۆپ ياردىمى بولىدۇ.

## كاتتا يازغۇچى بىراندشاۋنىڭ خاتىرىلەنمىگەن ئىشلىرى

جورجى كاشور — ھەممە كىشى ياقتۇرىدىغان بىكار تەلەپ. مەستلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىنكى جورجى كاشور بىلەن بىرگە بولغان كىشى تولىمۇ قىزىقارلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇ كۆپىنچە كۈن بويى مەست يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئالغاي كۆزىنى كۆرگەن بالىلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ماسلاشمىغان قول سىلىشلىرى كىشىگە تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئالغاي كۆزى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ. ئۇ ۋىسكىسىنى چىڭ تۇتۇپ، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ھالىغا پەرۋا قىلماي ئىچىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

بۇ كىشى كاتتا يازغۇچى بىراندشاۋنىڭ دادىسىدۇر. شاۋ 15 ياشقا كىرگەندە سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بىرلىنىدىكى بىر تۇراقلىق مەبلەغ سودا بىرلەشمىسىدە ئىشلىدى. ئېيىغا 50 . 4 دوللار ھەق ئالاتتى. قەلبىگە چوڭ ئىشلارنى پۈككەن بۇ ياشنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت مۇشۇنداق ئىشلار بولسا كېرەك.

شاۋ 20 ياشقا كىرگەندە لوندونغا باردى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ساقال-بۇرۇتلىرى بارغانسېرى پاخپىيىپ كەتكەندىن باشقا، نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەيتتى. ئۇ بىرنەچچە ئاي جېنىنى ئاران ساقلاپ يۈرەلىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئاشۇ ئاق كۆڭۈل خانىم ئازراق پۇل بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇزىكا ئۆگىتىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلمىغان بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان بولاتتى.

ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى كەچ، ئۇ دەسمايە كەتمەيدىغان خىزمەت تېپىش

ئۇچۇن، مۇھاكىمە يىغىن زالىغا كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ بۇ مۇھاكىمىگە قاتناشقۇسى كەلدى. نەتىجىدە كۈلكە - مەسخىرىگە قالدى. تىلىنىڭ شۇنداق قاتماللىقى تۈپەيلى قىلغان سۆزى تاققا - تۇققا بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. بۇ قېتىمقى كىشىلەر ئالدىدىكى سەتچىلىك بۇ ياشنىڭ ئويغىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئىلگىرى ئۇ قىلمىقسىز دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى دوراپ يۈرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە كىشىلەر ئالدىدا سۆز قىلىشنى چوقۇم ئۆگىنىمەن دەپ قەسەم قىلدى ھەمدە كۆپلىگەن جامائەت مۇھاكىمە سورۇنلىرىغا قاتناشتى. ئوچۇق مۇھاكىمە يىغىنلىرى مەيلى قەيەردە بولسۇن، بارماي قالمايتتى.

باشتا، ئۇ قەيەرگە بارسۇن، دائىم ئوسال بولۇپ قالاتتى. بىراق، بۇ ئەھۋال بارا - بارا ياخشىلىنىپ قالدى. ئۇ گەپنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەر خىل مەخسۇس تېمىدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىنىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 12 يىللىق ھاياتىنى نۇتۇق سۆزلەش بىلەن ئۆتكۈزدى.

## خۇشامەت قىلماي چىن دىلىڭىزدىن ماختاڭ

«خۇشامەتچىلىكنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى! مەن سىناپ كۆردۈم، ئەقلى بار ئادەمگە بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق!»

ھەممە ئادەمدە بەلكىم مۇشۇنداق ئوي بولسا كېرەك.

ئاغزىنىڭ ئۇچىدا قىلىنغان سەمىمىيەتسىز خۇشامەت كاللا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەمگە كار قىلمايدۇ. بىراق، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ قۇرت بىلەن چۆپنى بىرگە يېيىشىنىڭ ھېچقانداق خاتاسى بولمىسا كېرەك. بەزىلەر ماختىنىشقا تەشنالىقتىن چاكىلداپ كېتىدۇ.

ئاكا - ئۇكا موئود ۋېنى ئىككىيلەننىڭ بىرنەچچە قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك توي قىلىشى بىر مەزگىل داغ - دۇغا قوزغىغان، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟

لەقىمى «شاھزادە» دەپ ئاتالغان بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ساھىبجامال تېلېۋىزىيە چولپىنى، ئاتاقلىق خەلقئارا ناخشا خانىشى ۋە تۈرلى ماللار سودا شىركىتىنىڭ باي ئايال خوجايىنى بىلەن جورا بولالىشىدا ئۇلارنىڭ زادى قانداق ئالاھىدە ئۇسۇلى باردۇ؟

بىر ژۇرنالدا ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەنگە مۇنداق باھا بېرىلگەن: «نۇرغۇن ئادەم ئاكا - ئۇكا موئودلارنىڭ ئاياللارنى جەلپ قىلىش سەۋىيىسىگە تولىمۇ ھەيران بولغان. ھەقىقىي سەۋەبنى يوشۇرغۇچى ئاتاقلىق سەنئەتكار پولنىكالنىڭ ئېيتىشىچە: ئاكا - ئۇكا موئودلارغا ئوخشاش ئۇنداق خۇشامەت قىلالايدىغانلار ئاز كۆرۈلىدىكەن. خۇشامەت ۋاستىسى بارغانسېرى يوقىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئاكا - ئۇكا موئودلار ئۇنىڭدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان، خالاس.»

ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيىمۇ باشقىلارنىڭ خۇشامىتىنى ياقتۇرىدىكەن. ئەينى چاغدىكى باش ۋەزىر دىسرېلى پادىشاھقا خۇشامەت قىلسا گۈل كەلتۈرۈۋېتىدىكەن. ئەنگلىيە سىياسىي سەھنىسىدە ئاز كۆرۈلىدىغان دىپلوماتىيە تالانت ئىگىسى فابورىچىنىڭمۇ بۇ ئۇسۇلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىشى ناتايىن ئىكەن. بۇنىڭ سىرىنى چۈشەنمىگەن كىشى چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويغاندەك نەتىجىگە ئېرىشىپ قالىدۇ، خۇددى ساختا پۇل ئىشلەتكەنگە ئوخشاش ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدۇ، خالاس.

خۇشامەت بىلەن تەشەككۈر سۆزىنىڭ پەرقى نەدە؟ بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي. تەشەككۈر سۆزى يۈرەك قېتىدىن چىقىدۇ، شەخسىيەتسىز بولىدۇ، شۇڭا ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. خۇشامەت سۆزى بولسا تىلنىڭ ئۇچىدىلا، شەخسىيەتچىل بولىدۇ، شۇڭا ئالقىشقا ئېرىشەلمەيدۇ.

يېقىندا مەن مېكسىكا شەھىرىنىڭ چاپاردىپىك خان سارىيىنى زىيارەت قىلغىلى بېرىپ گېنېرال ئوبلېرنىڭ يېرىم بەدەن مىس ھەيكىلىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مىس ھەيكەلنىڭ ئاستىدا گېنېرالنىڭ ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلغان ئەقىدە سۆزى يېزىلغان ئىكەن:

«دۇشمەن ھەرقانچە ۋەھشىي بولسىمۇ ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس. مۇھىمى ئاشۇ شىكەر سۆزلۈك دوستلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.»

ئەنگلىيە پادشاھى گېئورگى VI خان سارىيىدىكى كۇتۇپخانىسىغا ئالتە قۇر ئەقلىيە سۆزنى يېزىۋالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى مۇنداق يېزىلغان: «قىممىتى تۆۋەن مەدھىيىلەردىن خالىغانچە كەچمەڭ، شۇنداقلا خەقنىڭ مەدھىيىسىنىمۇ قارامىلىق بىلەن قوبۇل قىلماڭ.» خۇشامەت سۆزى قىممىتى تۆۋەن مەدھىيىدۇر. مەن بىر كىتابنى ئوقۇغان، كىتابتا خۇشامەتتىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىلغان:

«خۇشامەت سەن مۇنداق كاتتا، ئۇنداق ئۇلۇغ دېگەننى ئېنىق ئېسىگە سېلىشتۇر.»

بۇ سۆز ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر ھەم شائىر ئامسېن مۇنداق دېگەن: «سۆز ھەرقانچە چىرايلىق بولغان بىلەن ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئالدىيالمايدۇ.»

ئەگەر خۇشامەت سۆزى ھەممە كىشىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالىسا، ھەممە كىشى خۇشامەت سۆزى قىلسا، بۇ دۇنياغا قايىل قىلارلىق سۆز قىلىدىغانلار تولۇپ كەتكەن بولاتتى.

ئېغىر كۆڭۈلسىزلىككە بەند بولۇپ قالغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىسىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويۇپ ئۆزگىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئويلىنىپ كۆرەيلى. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى توغرا ئىگىلىگەندىن كېيىن، تەبىئىيكى ئۇلارغا يەڭگىللىك بىلەن خۇشامەت قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى چىن دىلىمىزدىن مەدھىيىلەيمىز.

«ھەرقانداق كىشىنىڭ مەن ئۆگىنىشكە ئارزىيدىغان ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ.»

ئۇلۇغ ئامسېن شۇنداق قىلغان ئىكەن، سىز ۋە مەن تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟

# هاياتلىق مېلودىيىسى

## قەلب سادايىڭىزغا قۇلاق سېلىڭ

ئىنجىلنىڭ I تومىغا ئاساسلانغاندا، ياراتقۇچى ئىنسانلارنى پۈتكۈل يەر شارىنى كونترول قىلىشقا قادىر قىلغان. بۇ تولىمۇ كاتتا سوۋغىدۇر. بىراق، مەن بۇنداق كاتتا، ئالاھىدە ھوقۇققا قىزىقمايمەن. ماڭا زۆرۈرى پەقەت ئۆزۈمنى كونترول قىلىش — ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسىنى، قورقۇنچىد-نى، پىكرىم ۋە روھىمنى كونترول قىلىش. قىزىق يېرى شۇكى، مەن ھەرىكىتىمنى كونترول قىلىشنى بىلىمەن — بۇنىڭ بىلەن ئىنكاسىممۇ كونترول قىلىنىدۇ، ئۆزۈم ئىختىيار قىلغان ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ خىل كونتروللۇق كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىگە يېتىدۇ.

مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىز تاقابىل تۇرۇشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ مەسىلە — ئەمەلىيەتتە، بىز تاقابىل تۇرۇشقا تېگىشلىك بىردىنبىر مەسىلە — توغرا ئىدىيىنى تاللاش. ئەگەر بىز شۇنداق قىلالى-ساق، بارلىق مەسىلىلىرىمىز ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر سىزنىڭ چوقۇنىدىغان ئېتىقادىڭىز بولسا، خەقنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ يۈرمەڭ. قەلب سادايىڭىزغىلا قۇلاق سېلىڭ.

## خەتەردىن قورقۇپ بېكىنىۋالماڭ

كېمىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇن ئىچىدە يۈرۈشى ئەلۋەتتە خەتەرلىك ئىش، لېكىن رولچى ماھىر بولسىلا خەتەرنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ،

ئوكياندىن قىرغاققا بىخەتەر يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

بىر ياشنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەتراپى قىيىنچىلىقلار بىلەن ئورالغان بولىدۇ. ئەگەر سىز سالماقلىق بىلەن قاتمۇقات توسالغۇلارنى يېڭىپ كېتەلىسىڭىز، پارلاق يولىڭىزنى تاپالايسىز. بىلىشىڭىز كېرەككى، ياراتقان ئىگىسى ئالغا ئىنتىلىدىغان كىشىنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويمايدۇ. سىز خەۋپتىن قورقۇپ بېكىنىۋالسىڭىز، قىيىنچىلىقنى يېڭىش غەيرىتىڭىز بولمىسا، مەغلۇپ بولىسىز.

## پۇتۇمدا ئاياغ بولمىغانلىقتىن كۆڭلۈم

## بەك يېرىم

«مەن ئەسلىدە ئويچان ئادەم ئىدىم، — دەيدۇ ئابېرت، — بىراق، 1934 ـ يىلى ئەتىياز مەن ۋېبىر شەھىرىنىڭ ھىدرود كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا بىر ۋەقە مېنى بارلىق غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلدى. ئۇ ۋەقە پەقەت 10 سېكۇنتلا داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، مېنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچەم بۇرۇنقى 10 يىلدىكى چۈشەنچەمدىن كۆپ بولدى. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە مەن ۋېبىر شەھىرىدە تۈرلۈك ماللار دۇكىنى ئاچقان ئىدىم، تىجارىتىم ياخشى بولمىغانلىقتىن، بارلىق ئىشىندى پۇللىرىمنى خەجلىۋەتكەندىن باشقا يەنە بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم. مۆلچەرىمدە قەرزلەرنى يەتتە يىل ئىشلەپ ئاران قايتۇرۇپ بولالايتتىم. شەنبە كۈنى تىجارىتىمنى توختىتىپ «سودا ـ كان بانكىسى» دىن پۇل قەرز ئېلىپ كانساس شەھىرىگە بېرىپ خىزمەت تېپىۋېلىشنى ئويلاۋاتاتتىم. مەن بەئەينى پاخشە بولغان خورازدەك بولۇپ قالدىم، ئىشەنچ ۋە جاسارىتىم يوقالغان ئىدى. توساتتىن كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىدىن كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئۇ كىشىنىڭ پۇتى يوق بولۇپ، غالتەكلىك ئاياغنىڭ غالتىكى

بېكىتىلگەن تاختاي ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىدىكى ھاسىسىغا تايىنىپ سىيرىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ پىيادىلەر يولىغا ئۆتمەكچى بولدى، ئولتۇرغان چاقلىق تاختايىنى يولنىڭ قىرىدىن يۇقىرىغا ئاستا كۆتۈردى. ئەنە ئاشۇ چاغدا بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ماڭا ناھايىتى روھلۇق ھالدا تەبەسسۇم بىلەن: «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ئەپەندىم. بۈگۈن ھاۋا نېمىدېگەن ياخشى-ھە! » دېدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر باياشات ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئىككى پۇتۇم ساق، يول ماڭالايمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا بىچارە بولۇپ كېتىمەن؟ بۇ ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى يوق تۇرۇقلۇق بۇنداق خۇشال يۈرىدىكەن. مېنىڭ پۇت-قولۇم تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭچىلىك بولالمايمەن؟ مەن قەددىمنى رۇسلىدىم، ئەسلىدە «سودا-كان بانكىسى» دىن 100 دوللار قەرز ئالاي دەپ ئويلىغان، بىراق ھازىر 200 دوللار ئېلىشنى قارار قىلدىم. ئەسلىدە مەن كانساس شەھىرىگە بېرىپ بىرەر خىزمەت تاپالىغان بولسام دېگەن خىيالدا ئىدىم، مانا ئەمدى: ‹كانساس شەھىرىگە بېرىپ خىزمەت تاپىمەن› دەپ تولۇق ئىشەنچ بىلەن جاكارلىدىم. نەتىجىدە پۇلنىمۇ قەرز ئالدىم، خىزمەتمۇ تاپتىم. »

«ئەمدى تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزنى تازىلىق ئۆيۈمدىكى ئەينەككە چاپلاپ قويدۇم:

كوچىدا ئىككى پۇتى يوق ئادەمنى كۆرگەنگە قەدەر پۇتۇمدا ئايىغىم بولمىغانلىقتىن كۆڭلۈم بەك يېرىم ئىدى» .

## قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەڭ

مەن، بېشىمىزغا كەلگەن بارلىق بالايىئاپەتكە باش ئېگىپ تىز پۈكۈ-

شىمىز كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلغانمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلغان ئەمەس! ئۇ دېگەن تەقدىرچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسى. قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بەرگۈدەك ئازراقلا پۇرسەت بولسا چوقۇم كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بىراق، ساۋاتىمىز بىزگە مەلۇم ئۆزگەرمەيدىغان ئەھۋالغا — باشقىچە ئەھۋال بولمايدىغان ۋاقىت — دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇنى ئاقىلانىلىك بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئىككىلىنىشنىڭ، قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق.

## ئۆز ئارزۇسىنى بىلىش ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىنمۇ مۇھىم

نۇرغۇن ئادەم بالىلىق دەۋرىدىكى قىزغىنلىقىدىن مەھرۇم بولغاچقا ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىدۇ، ئۆزىنى يوقىتىپ چۈشكۈنلىشىدۇ، ھەتتا ئارزۇسىنىمۇ يوقىتىدۇ ۋە ئۆزىدە ئارزۇ بولۇشىنىمۇ خالىمايدۇ. «ئالتۇن دەۋر» نىم ئۆتۈپ كەتتى دەپ بالىلىق دەۋرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەتلىنىدۇ. كەلگۈسىدە «ياخشى كۈنلەر» نىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇ نەقەدەر بىمەنە قاراش ـ ھە! ئۇلارنىڭ بىرەر ئىش قىلىش ئارزۇسى يوقمىدۇ؟ بىرەر ئىش قىلسام دەپ ئويلىمامدىغاندۇ؟ ئۇلار ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ. ياشلىقنىڭ بارغانسېرى قېرىلىققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ! 40 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ئۆزىنى «قېرى» چاغلايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ مەنىلىك ۋاقىتلارنى زايە قىلىدۇ. بىز ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقاندىن باشقا، نېمە دېيەلەيمىز؟

مەن بۇ كىشىلەرگە شۇنى تەنتەنىلىك مۇراجىئەت قىلىمەنكى: ئىسىلىزلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى! تۇرمۇش 40 ياشتىن باشلىنىدۇ! سىلەر

ھەممىڭلار تېخى 40 ياشقا كىرمىگەن كىشىلەر، «پۇرسەت» تېخى ئالدىڭ-لاردا، «قىلىدىغان ئىشلىرىڭلار» ئالـدىڭلاردا، «مۇۋەپپەقىيەت» ئالدىڭ-لاردا، «راھەت» تېخى ئالدىڭلاردا، بارلىق «ئارزۇ»لىرىڭلار ئالدىڭلار-دا، يەنە بىر «ئالتۇن دەۋر» سىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇنى ئىزدەشنى خالىساڭلار ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيسىلەر، نېمە ئۈچۈن ئىزدەپ كۆرمەيسىلەر؟ سىلەر خۇشال بولۇشۇڭلار كېرەك! چۈنكى، سىلەر ھازىر نى - نى ئىشلارنى قىلىدىغان دەۋردە تۇرۇۋاتىسىلەر. نېمە ئۈچۈن ھەسرەتلىنىسى-لەر؟ بالىلىق چاغلىرىڭلاردىن مېھرىڭلارنى ئۈزەلمىگۈدەك نېمە بار؟ بالىلىق دەۋردىكى خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا - ئانىغا تايىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ، سىلەرنىڭ خۇشاللىق ۋە بەختىڭلار 40 ياشتىن كېيىن كېلىدۇ، ئۇنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈڭلار! ئادەمنىڭ كېيىنكى ھاياتى كۆڭۈلدى-كىدەك بولۇشى كېرەك. ئەمما، نۇرغۇن ئادەمنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى ئۇلارنىڭ 40 ياشتىن كېيىن ئۆزىنى تاشلى-ۋەتكەنلىكى، تىرىشمىغانلىقىدىن بولغان.

ئېھتىمال بەزىلەر ماڭا مۇنداق سوئال قويۇشى مۇمكىن:

— شۇنداق. بىز چۈشەندۇق. تۇرمۇش 40 ياشتىن باشلىنىدىكەن. بىراق، بىز تۇرمۇشىمىزنى قايسى ئىشتىن باشلايمىز؟

مۇبادا مەندىن راستتىنلا مۇشۇنداق سوئال سورىغۇچىلار بولسا، ئۇلار بۇ مۇھاكىمىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۇرمۇشنى 40 ياشتىن باشلاشنى بىلىدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلىش «ئارزۇسى» بارلىقىنى بىلىدۇ! نېمە قىلىش «ئارزۇسى» بارلىقىنى بىل-مىگەن ئادەم تۇرمۇشنى قانداق باشلاشنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز ئارزۇسىنى بىلىش ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىنمۇ مۇھىم! ئۆزىنىڭ ئارزۇ-سىنى بىلمىگەن ئادەم ئادەم بولۇشتىكى تۇنجى ئىشتا مەغلۇپ بولغان بولىدۇ. ئۇنداقتا قانداقمۇ تىرىشىش - تىرىشماسلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن!

# ھاياتلىقتىكى ئىككى نىشان

روگان پاس شىمىس تولىمۇ دانا مۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى قىلغان: «ھاياتلىقتا پەقەت ئىككىلا نىشان بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئىنتىلىش؛ يەنە بىرى، ئېرىشكەن نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇش. ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەرلا ئىككىنچى تۇرلۇك نىشانغا يېتىپ بارالايدۇ!».

بائويۇل دال يازغان «كۆرگۈم كېلىدۇ» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ كۆرەيلى. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەما ئايال بولۇپ، كۆرۈش سېزىمىنى يوقاتقىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشقان. ئۇ كىتابىدا: «مېنىڭ بىرلا كۆزۈم بولۇپ، ئەتراپىنى تارتۇق بېسىپ كەتكەن. كۆزۈمنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىككىنە بىر قىسمى ئارقىلىق ئاران كۆرەلەيمەن» دەپ بايان قىلغان.

لېكىن، بائويۇل ھېچكىمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوبۇل قىلمىدى، «ئاجىز» دەپ قارىلىشنى خالىمايتتى. كىچىك چېغىدا باشقا باللار بىلەن «جىجىق» ئويناشقا ئامراق ئىدى. بىراق، يەرگە سىزىلغان سىزىقلارنى كۆرەلمەيتتى. شۇڭا، باللار كەتكەندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ جىجىقلارنىڭ ئورنىنى تېپىپ چىقاتتى ۋە ئۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالاتتى. ياندۇرقى قېتىم باللار بىلەن ئوينىغاندا بۇ ئويۇننىڭ ئۇستىسى بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. كىتاب ئوقۇغاندا چوڭ خەتلىك كىتابنى كىرپىكىنىڭ قىشىغا ئەككەلگەندە ئاندىن كۆرەلەيتتى. بىراق، ئۇ ئىككى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى: بىرى، مىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانى؛ يەنە بىرى، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى.

ئۇ مىننېسوتا شتاتىنىڭ قوش جىلغا كەنتىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. كېيىن جەنۇبىي داكوتا شتاتىنىڭ ئوگاستا ئىنستىتۇتى «ئاخبارات ۋە

ئەدەبىيات» فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى بولدى. بۇ يەردە 13 يىل دەرس ئۆتتى ۋە ئاياللار كۇلۇبىدا نۇتۇق سۆزلىدى، رادىئو ئىستانسىسىدا كىتاب ۋە ئاپتور ناملىق پروگراممىغا رىياسەتچى بولدى. ئۇ كىتابىدا: «قەلبىمىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئەمالىق تەشۋىشى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. بۇ تەشۋىشنى يوقىتىش ئۈچۈن، تۇرمۇشقا چاقچاقنى ئارىلاشتۇرغاندەك خۇشاللىقنى تاللىغۇالدىم» دەپ يازغان.

## كارنىگنىڭ قىبلىنامىسى

ئېتىقادىڭ سېنى ياشارتار،
گۇمانخورلۇق هامان قېرىتار.
ئىشەنچ بېرەر يېڭى كۈچ - دەرمان،
قېرىشىڭغا قورقۇنچ سەۋەبكار.
ئادەملەرنى ئۈمىد ياشارتار،
ئۈمىدسىزلىك قېرىتار سېنى.
قورۇق سالار يۈزۈڭگە كۈنلەر،
قىزغىنلىقىڭ يوقالسا ئەگەر،
يوقىلىدۇ تېنىڭنىڭ جېنى.

## كۆرەشنىڭ ئوبيېكتى ئۆزىڭىز

كۆرەشنىڭ قەدەم باسقۇچى بولامدۇ؟ كۆرەش دېگەنلىك كەلسە - كەلمەس ئېلىشىشمۇ؟

ياق، كۆرەش— بىر خىل هەرىكەتنىڭ چاقىرىقى. ئەمەلىي هەرىكەت بولسا تەپسىلىي پىلانغا، ئېنىق باسقۇچقا، قەتئىي ئىرادە ۋە كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

سىزگە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، كۆرەش سىزنىڭ كۆرىشىڭىز.

سىز ئىلاج بار باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشىڭىز، باشقىلارنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىشىڭىز، ئەمما كۈرەشنىڭ ئوبيېكتى ئۆزىڭىز بولۇشىڭىز كېرەك. شۇنداق ئىكەن، بارلىق كۈچىڭىزنى سەرپ قىلىشىڭىز، باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتمەسلىكىڭىز، كۈتكەندىمۇ بەك چوڭ ئۈمىد كۈتمەسلىكىڭىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا خەققە بېقىندى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىسىز.

كۈرەش گەرچە مەلۇم نىشاننى بەلگىلەپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ پۇختا ئاساسىڭىز بولۇشى كېرەك. ئاساس سېلىش تولىمۇ زۆرۈر. بىز بۇ يەردە ئۆي سېلىشنى مىسال كەلتۈرسەك سىز چوقۇم چۈشىنىۋالالايسىز. ئۆي سېلىشتا ئالدى بىلەن ئۇل سالماق كېرەك. ئۇل پۇختا بولمىسا كەلگۈسىدە مەيلى قانچىلىك ھەشەمەتلىك بېزىۋېتەيلى، بوران - چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ھېچقانچە ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، كۈرەشمۇ شۇنداق.

بىز ئىشلىرىمىزنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشىنى مۆلچەرلىيەلمەيمىز. بىراق، ۋاقىت ئۇزاقكەن ياكى مېنىڭلا قولۇمدىن كەلمەيدىكەن دەپ قارىماسلىقىڭىز كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت گەرچە يالغۇز سىز بىلەنلا ۋۇجۇدقا كەلمىسىمۇ، لېكىن كۈرەشنىڭ ئاساسىنى سىز ئۆزىڭىز يارىتىسىز.

بىرەر قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزۈشتە ئاۋۋال چوقۇم چېرتيوژىنى سىزىۋېلىش، ئۇلىنى تۇرغۇزۇش، يەنى ئۇنىڭ ئېگىزلىكى، كۆلىمى، ماتېرىيالىنى ئىنچىكە پىلانلاش لازىم. ئەگەر ئىشتىن ئاۋۋال ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئويلانماي تەۋەككۇللاسىغا ئىش ئېلىپ بېرىلسا، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ. كۈرەش نىشانىنى ئالدىن بېكىتىۋالغىلى بولمايدۇ، بىراق يۆنىلىشنى مۇۋاپىق بېكىتمەي بولمايدۇ. ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىمۇ چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

بۇ يەردە مەن ئېيتىۋاتقان كۈرەش يۆنىلىشى كۈرەشنىڭ كەسپىنكى

دائىرىسىنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا سىزنىڭ تۇرمۇش پىلانىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. سىز تۇرمۇشتا پەقەت تويغۇدەك غىزالانسام، چىرايلىق كىيىنسەم، تۇرمۇشۇم ئۆتسىلا بولدى دەپ قارىماڭ. ھاياتىڭىزنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى بولۇشى كېرەك. نەزىرىڭىزنى يىراققا تاشلاڭ. ئەگەر سىزنىڭ ھازىرقى ھالىڭىز قىيىن، دىتىڭىزغا ياقمايدىغان جايلار بولسا، ئۇ ھالدا تېخىمۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن پىلان تۈزۈشىڭىز، سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز كې-رەك. ئېھتىمال بەزىلەر تۇرمۇشنى پىلانلىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستى-گە پىلانلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇنداق قاراشقا ئىشەنمەڭ، دۇنيادا بىر كۈن ياشايدىكەنسىز، بۇ بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈ-زۈش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشىڭىز كېرەك. كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىش، يېتىپ - قوپۇش ئېھتىمال ئەڭ قاتمال ئادەت بولسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ سىز ئۇنى پىلانلىشىڭىز كېرەك. بۈگۈن ئەتىگەندە قانداق نېمە يەيمەن، ئۇماچ ئىچەمدىمەن ياكى بولكا يەمدىمەن؟ سۈت ئىچەمدىمەن ياكى پۇرچاق يەمدىمەن؟ چۈشلۈك تاماقتا كۆكتاتلاردىن قانداق نەرسە يېيىشىم كېرەك دېگەنلەرنى پىلانلىشىڭىز كېرەك ياكى بۇ پىلاننى ئايالىڭىز تۈزىدۇ، ئەگەر سىز ئالدىن پىلانلاپ بېرەلىگەن بولسىڭىز، ئايالىڭىز سىزنىڭ ئورنىڭىزدا سىز ياخشى كۆرىدىغان كۆكتاتلارنى سېتىۋالىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ بۇ قېتىملىق چۈشلۈك تامىقىڭىز شۇنداق تەملىك بولىدۇ.

مۇشۇنداق قاتمال تۇرمۇشنىڭمۇ پىلانلاش قىممىتى بولغان يەردە، باشقا ئىشلارنىڭ بولمامدۇ؟ ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئىشخانىڭىزغا كىرىسىز ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىسىز ۋەياكى بىراۋنىڭ خىزمىتى-نى قىلىسىز. شۇڭا، چۈشتىن بۇرۇن قايسى ئىشلارنى، چۈشتىن كېيىن قايسى ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى پىلانلىۋېلىشىڭىز كېرەك. خىزمەت-تىن بىكار بولغان چاغلىرىڭىزدا كۆڭۈل ئاچامسىز ياكى بىلىم ئاشۇرماق-چىمۇ، كەچتە نېمە قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ قانداق كىتاب ئوقۇماق-چى؟ — بۇ ھەقتە پىلانىڭىز بولۇشى لازىم. قىسقىسى، ۋاقىتنى ھەرگىز

زايە قىلماڭ، ھەربىر مىنۇت، ھەربىر سائەتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈڭ. سىزنىڭ كۆرەش يۆنىلىشىڭىز مانا شۇنداق بولۇشى كېرەك.

ئادەمدە تۇرمۇش بولمىسا بولمايدۇ. بىراق، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى مەنىسىز بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىرەر ئىش، بىرەر ئېغىز گەپ قىلماقچى بولسىڭىز، قىلماقچى بولغان ئىشىڭىز چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، دېمەكچى بولغان گېپىڭىز ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇلارنى ئاۋۋال پىلانلاپ كۆرۈشىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدىن بۇ ئىشنى، بۇ سۆزنى قىلسام قانداق بولار دەپ سوراپ بېقىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز، كۆرەش ئاساسىڭىزنىڭ تىكلىنىشكە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

نۇرغۇن ئادەم مەيلى قانداق ئىش بولسۇن، دائىم پۇلنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. پۇل بولسا ئاندىن پىلاندىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ پىكىرنىڭ ئازراق ئاساسى باردەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قاراش يەنىلا خاتا. كىشى دۇنيادا ياشىغاندا، ھاياتلىقى مۇھىم بولامدۇ ياكى پۇلمۇ؟ يېنىڭىزدا 10 مىڭ دوللار پۇلنى ئېلىپ كېتىۋاتىسىز، يولدا بۇلاڭچىغا يولۇقسىڭىز، جېنىڭىزنى تىكىپ بۇلاڭچىغا تاقابىل تۇرامسىز ياكى پۇلدىن كېچىپ جېنىڭىزنى ساقلامسىز؟

نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن كېچىش بەدىلىگە بۇنداق زوراۋانلار بىلەن پۇل تالاشمايدۇ. مانا ئەمدى ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى پۇلدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنسىز. سىزنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ زوراۋانلار بىلەن پۇل تالاشمىغانلىقىڭىز، ھاياتىڭىزنىڭ قىممىتى پۇلنىڭ قىممىتىگە قارىغاندا زور ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بۇ قىممەتلىك ھاياتنى قاتتىق قوغدىشىڭىز، ئاسرىشىڭىز، كەلگۈسى نەتىجىلىرىڭىزنىڭ مول ۋە ئۇلۇغ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك.

## ھايات سەكرەپ قايتىش تاختىسىدۇر

ھايات سەكرەپ قايتىش تاختىسىدۇر (ئىزاھات: ئاۋستراليىلىك يەر-

لىك ئۇۋچىلار ئىشلىتىدىغان ئەگرى، قاتتىق بىر خىل تاختاي بولۇپ، ئۇنى ئاتسا يەنە ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ). سىزنىڭ ئەجرىڭىز قانچىلىك بولسا، ئېرىشىدىغىنىڭىز شۇنچىلىك بولىدۇ.

## ئۆزىڭىزنى پەش قىلماڭ

پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بىرەر يۈز مىڭ يىلدا يېتىپ بارالايدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە، مەن تۇرغان بۇ يەر شارىنىڭ نەقەدەر كىچىكلىكىنى، مۇھىم ئەمەسلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ قىيىنچىلىقىنىڭ نەقەدەر ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇدەم چەكسىز كەتكەن دېڭىز، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ۋە كۆكتىكى بۇرمىسىمان تۇمانلىقلاردىن ئۆتكەندەك بولدۇم. ئۇلار مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇرۇپ بىراۋدا ئۆزىنى پەش قىلىش ئويى بولسا، بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ.

سىز غەمكىن ئات، غەمكىن قۇشنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ قۇش بىلەن ئاتنىڭ غەمسىز ياشىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ باشقا قۇش ۋە ئاتلارنىڭ ئۇلارنى مۇھىم دەپ قارىشىنى ئارزۇ قىلمىغانلىقىدا.

## پۇرسەتنى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ

پۇرسەت يوق دەپ قاراش مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ باھانىسى، نۇرغۇن ئاتاقلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ پۇرسىتىنى ياراتقان. فولتون كىچىككىنە ئىتتىرگۈچ كەشىپ قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىنژېنېر بولۇپ قالغان. فارايت دوختۇرخانىسىدىكى بىرنەچچە شېشە دورىغا تايىنىپ ئەنگلىيىدىكى ئاتاقلىق خىمىيە ئالىمى بولۇپ چىققان. شاي كەشىپ قىلغان كىيىم

تىكىش ماشىنىسى، بىل كەشىپ قىلغان تېلېفونمۇ ئاددىيغىنا سايمانلار-
دىن تۈزۈلگەن.

ئەگەر سىز پۇرسەت كۈتۈپلا تۇرسىڭىز، خەقنىڭ سىزنى ئۈستۈرۈ-
شىنى كۈتۈپ تۇرسىڭىز، ياردەم بېرىشىنى كۈتۈپلا تۇرسىڭىز، سىزگە
مەڭگۈ بەخت قۇشى قونمايدۇ.

ئالېكساندىر غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بىرسى ئۇنىڭدىن: «سىز
ھۇجۇم قىلىدىغان پۇرسەتنى كۈتۈۋاتامسىز؟» دەپ سورىغان. ئالېكسان-
دىر دەرغەزەپ بولۇپ:

— پۇرسەتنى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ، — دېگەن.

ئالېكساندىر پۇرسەت يارىتالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئىشىدا زور مۇۋەپ-
پەقىيەتكە ئېرىشكەن. پۇرسەت يارىتىشنى بىلگەن كىشى ئارزۇسىغا يې-
تىپ، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

ئېھتىمال بەزىلەر پۇرسەت كەسپىنىڭ ئاچقۇچى، ئاچقۇچقا ئىگە بول-
غاندا كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن.
بىراق، ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەيلى قايسى ئىشتا بولسۇن
پۇرسەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئىقتىدارىڭىزنى ئىشقا سېلىپ تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىڭىز، قەتئىي ئىرادە بىلەن جاپالىق ئىشلىشىڭىز كېرەك.
سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىز ئۆز جىسمىڭىزدا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، ئۇنى سىز
ئۆزىڭىز ئېپادىلەيسىز.

پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇش تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش. سىز پۇرسەتنى
ئۆيىڭىزگە كەلگەن مېھمانغا ئوخشاش ئىشىكنى چېكىپ، ئۆيگە تەكلىپ
قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ دەپ قارىماڭ. ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇتقىلى بولماي-
دىغان شەكىلسىز، سادا ۋە پۇراقسىز گۆھەر بولۇپ، بەزىدە سىز تىرى-
شىپ قىلىۋاتقان خىزمىتىڭىزگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يەنە بەزىدە كىشى-
لەر نەزەر كۆزىنى سالمايدىغان يەردە ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئەگەر سىزدە
جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى بولمىسا، تىرىشىپ ئىزدەنمىسىڭىز، ئېھتى-
مال ئۇنى مەڭگۈ ئۇچرىتالماسلىقىڭىز مۇمكىن!

## «بىخەتەر» پاراخوت قىرغاقتىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ

خەتەرگە بىر قېتىم تەۋەككۈل قىلىڭ! پۈتكۈل هايات بىر مەيدان خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشتۇر. ئەڭ يىراق جايغا بارغان كىشى دائىم شۇنداق قىلىشنى خالايدىغان، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى ياقتۇرىدىغان كىشىدۇر.

## ياشاش ئىمكانىيىتى بولغان بىردىنبىر ۋاقىتتا قانائەتلىنەرلىك ياشىشىمىز كېرەك

سىز بىلەن مەن شۇ تاپتا ئىككى مەڭگۈلۈك ئۆتۈشمىدە تۇرۇۋېتىمىز: ئەنە ئاۋۇ مەڭگۈلۈك تاقەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىپايان ئۆتمۈش چەكسىز كەلگۈسىگە سوزۇلغان. بىز بۇ ئىككى مەڭگۈلۈكنىڭ ھەرقانداق بىرسىدە ياشىيالمايمىز، ياشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا بىرەر دەقىقىمۇ ياشىيالمايمىز. ئەگەر ياشاشنى ئارزۇ قىلساق، جىسمىمىز ۋە روھىمىزنى ۋەيران قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياشاش ئىمكانىيىتى بولغان بىردىنبىر ۋاقىتتا، هازىردىن تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنگە قەدەر قانائەتلىنەرلىك ياشىشىمىز لازىم.

بەلكىم ئاق كېيىملىك خانىشنىڭ: «مېنىڭ پرىنسىپىم ئەتىمۇ مۇراببا بولسۇن، تۈنۈگۈنمۇ مۇراببا بولغان، بىراق بۈگۈن قەتئىي مۇراببا بولمىسۇن» دېگەن سۆزى ئېسىڭىزدە باردۇر. بىزنىڭ بىرمۇنچىمىز ئاشۇ خانىشقا ئوخشىشىمىز، تۈنۈگۈنكى مۇراببانى ئەسلەيمىز ۋە ئەتىلىك مۇراببادىن غەم قىلىمىز. بۈگۈنكى مۇرابباغا بولكىمىزنى كۆپرەك مىلىۋې-

لىشنى بىلمەيمىز.

بىز كۆپچىلىكىمىزنىڭ شۇنداق بىر ئەيىبى باركى، پۇرسەت ئۆزىنى ئۇرۇپ كەلگەندە، ئارسالدى بولۇپ كۆزىمىزنى يۇمۇۋالىمىز، يىقىلىپ چۈشمىگۈچە ئۇنى كۆرمەيمىز.

بۈگۈن تولىمۇ قىممەتلىك، ئۆتكەنكى ئاچچىق ھەسرەت ۋە ئورۇنسىز پۇشايمان ئۈچۈن ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، تەپەككۇرىڭىز باھار قۇياشىدا بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلىسۇن، بۈگۈننى قولدىن بەرمەڭ، ئۆتۈپ كەتسە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.

بۈگۈنكى ھاياتلىق، سىز بىردىنبىر ھېس قىلالايدىغان ھاياتلىق. بۈگۈندىن تولۇق پايدىلىنىڭ، ئۆزىڭىزنى مەلۇم ئىشقا قىزىقتۇرۇڭ، ئۆزىڭىزنى ئويغىتىپ، بىر خىل ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈڭ. ئاشۇ ئىللىق شامال يۈزىڭىزنى سىيپاپ ئۆتسۇن، بۈگۈننى زوق - شوق بىلەن ئۆتكۈزۈڭ.

مەن چۈشىنىدىغان ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، بىز ھەممىمىز تۇرمۇشنى ئارقىمىزغا ئىتتىرىپ قويىمىز، تەكشىلىك ئۇستىدىكى مەلۇم سىرلىق گۈلزارلىقنى خىيال قىلىمىز، بۈگۈن دېرىزىمىز ئالدىدا باراقسان ئېچىلغان قىزىل گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەيمىز.

ئەقىللىق كىشى ئۈچۈن ھەربىر كۈن يېڭى بىر ھاياتلىقتۇر.

ھايات مۇساپىسى نېمىدېگەن سىرلىق - ھە! كىچىك باللار دائىم: «مەن چوڭ بولغان چاغدا . . .» دەيدۇ. بىراق، چوڭ بولغاندىچۇ؟ چوڭ بولغاندىن كېيىن يەنە «مەن توي قىلغاندىن كېيىن . . .» دەيدۇ. توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنچۇ؟ «مەن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن. . .» دېيىشى مۇمكىن. بىراق، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ۋاقىتنىڭ كەينىگە يانمايدىغانلىقىنى، ئاشۇ كۈنلىرىنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. تۇرمۇشنىڭ

دائىم تۇرمۇش ئىچىدە، ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەتتە ئىكەنلىكىنى ھامان تونۇپ يېتەلەيمىز.

## «تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق» نى كۆپەيتىڭ

ھەر كۈنى زور خۇشاللىق ۋە مول ئىجابىي تەسەۋۋۇر يارىتالايدىغان پىلان تۈزۈپ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم. تۆۋەندىكىسى مۇشۇ خىل پىلاندۇر. بۇ پىلاننىڭ ئىسمى «پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن». بۇنى 36 يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان ھىيبىل پىيچخ يېزىپ قالدۇرغان. ئەگەر بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلالىساق، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكنى تۈگىتىپ «تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق» نى كۆپەيتەلەيمىز.

### پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن

1. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولۇشۇم كېرەك. لىنكولىن ئېيتقاندەك «كىشىلەر قەتئىي نىيەتكە كەلسىلا خۇشال ئۆتەلەيدۇ.» خۇشاللىق سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، قەلبتىن كېلىدۇ.

2. ھەممىنى ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسىغا ماسلاشتۇرىمەن دەپ يۈرمەي، پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن ھەممىگە كۆنۈشۈم كېرەك. مەن ئائىلەم، كەسپىم ۋە تەلىيىمگە مۇشۇ پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىمەن.

3. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن سالامەتلىكىمنى ئاسرىشىم كېرەك. كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشىم، ئۆزۈمگە كۆڭۈل بۆلۈشۈم، ئۆزۈمنى قەدىرلىشىم، زەخىملەندۈرمەسلىكىم، سەل قارىماسلىقىم، سالامەتلىكىمنى كۈرەشتىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى قىلىشىم لازىم.

4. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن تەپەككۇرۇمنى كۈچەيتىشىم كېرەك. قالايمىقان خىيال قىلىدىغان ئادەم بولماستىن، ئەسقاتقۇدەك ئاز ـ تولا بىرنېمە ئۆگىنىشىم كېرەك. زېھنىمنى يىغىپ تەپەككۇر قىلىشىمغا ياردەم بېرەلىگۇدەك كىتابلارنى كۆرۈشۈم كېرەك.

5. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ ئىش ئارقىلىق روھىمنى چىنىقتۇرماقچىمەن: بىراۋ ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىمەن. بىراق، ئۇنىڭغا بىلدۈرمەيمەن؛ ئۆزۈم ئانچە ياقتۇرمايدىغان ئىككى ئىش قىلىمەن. بۇ ۋىلىيام جامۇسنىڭ تەكلىپى بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆزۈمنى چىنىقتۇرۇشنىلا كۆزدە تۇتىمەن.

6. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن خەق ياقتۇرىدىغان ئادەم بولىمەن. يۈرۈش - تۇرۇشۇمغا ئېتىبار بېرىپ كىيىمنى رەتلىك كىيىمەن. سۆزھەرىكەتتە سىلىق - سىپايە بولىمەن، خەقنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىنى كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيمەن. ھەرقانداق ئىشتىن قۇسۇر تاپمايمەن، ئارىلىشىۋالمايمەن ياكى بىراۋغا تەنبىھ بېرىپ يۈرمەيمەن.

7. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش كويىدىلا بولىمەن، ھاياتىمدىكى جىمى مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىمەن دەپ يۈرمەيمەن. چۈنكى، مەن بىر ئىشنى 12 سائەت دەم ئالماي قىلالىغان تەقدىردىمۇ، ئۆمۈر بويى شۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسام ئۆزۈمنى قورقۇتۇپ قويىمەن.

8. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن پىلان تۈزىمەن. ھەر سائەتتە قايسى ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمنى بېكىتىمەن؛ ئېھتىمال شۇ بويىچە قىلالماسلىقىم مۇمكىن، بىراق بۇ پىلاننى يەنىلا تۈزىمەن؛ شۇنداق بولغاندا ھېچبولمىسا، ئارتۇقچە ئالدىراش بولۇپ كېتىش ۋە ئىككىلىنىپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنالايمەن.

9. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن ئۆزۈمگە تىنچ يېرىم سائەت قالدۇرىمەن. بۇ يېرىم سائەتتە ئەۋلىيالارنى ئېسىمگە ئېلىپ، ھاياتىمنى تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدۇرىمەن.

10. پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن كۆڭلۈمدە ھېچقانداق قورقۇنچ قالدۇرمايمەن. بولۇپمۇ خۇشاللىقتىن قورقمايمەن. بارلىق گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىمەن. مەن سۆيگەن، ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ مېنى سۆيىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

# جىسمانىي ئاجىزلىق ئۇلارنى تېخىمۇ تىرىشىشقا ئۈندىگەن، تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرگەن

مەن ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغانسېرى، ئۇلار ئىچىدىكى ناھايىتى كۆپ ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئاجىزلىقى بولغانلىقى، بۇ ئاجىزلىقنىڭ ئۇلارنى تېخىمۇ تىرىشىشقا ئۈندىگەنلىكى، تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرگە ئىگە قىلغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ۋىلىيام جامۇس ئېيتقاندەك: «بىزدىكى ئاجىزلىقلار بىزگە ئالاھىدە ياردەم بېرىدۇ.»

شۇنداق، مىلتون كۆزى ئەما بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشۇنداق ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ چىقالىغان بولۇشى مۇمكىن، بېتخوۋېنمۇ قۇلىقىنىڭ ئاڭلىماسلىقى سەۋەبىدىن ئاشۇنداق ياخشى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلالىغان. ھايرون كەيلېرنىڭ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئۇنىڭ ئەما ۋە گاس بولغانلىقىدا.

ئەگەر چايكوۋسكى ئاشۇنداق ھەسرەت چەكمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشى ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش گىرداۋىغا قىستاپ بارمىغان بولسا — تۇرمۇشى شۇنداق ئېچىنىشلىق بولمىغان بولسا — ئېھتىمال ئۇ ئاشۇ بۈيۈك ئەسىرى «ھەسرەت سىمفونىيىسى»نى مەڭگۈ يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى.

ئەگەر دوستويېۋسكى بىلەن تولستوينىڭ تۇرمۇشى شۇنداق ئېچىنىشلىق بولمىغان بولسا، ئۇلارمۇ ئېھتىمال ئۆلمەس پوۋېستلىرىنى مەڭگۈ يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى.

«ئەگەر مەن مۇشۇنداق مېيىپ بولمىغان بولسام، — دەيدۇ يەر

شارى هاياتلىق ئىلمى ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ياراتقۇچى، —
ئېھتىمال مۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى.»
دارۋىن مېيىپلىقىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۆلچەرلىگۈسىز ياردىمىنى ئېتە-
راپ قىلغان.

## ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇڭ

سىز ئورۋىن بېرلىن مەرھۇم جورجى كېسۋىنغا بەرگەن دانا نەسى-
ھەت بويىچە ئىش كۆرۈڭ. بېرلىن بىلەن كېسۋىن تۇنجى قېتىم كۆرۈش-
كەندە، بېرلىن نام چىقىرىپ بولغان. لېكىن، كېسۋىن بولسا تېخى
تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ياش كومپوزىتور بولۇپ، تىرپان كوچىسىدا
ھەر ھەپتىسىگە 35 دوللار مائاش ئۈچۈن ئىشلەيتتى. بېرلىن كېسۋىن-
نىڭ ئىقتىدارىغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇزىكا
كاتىپى قىلىۋېلىشنى ئويلايتتى. مائاشىمۇ ھازىرقىسىنىڭ ئۈچ ھەسسى-
سى بويىچە بەرمەكچى بولغان ئىدى. «بىراق، بۇ خىزمەتنى قوبۇل
قىلماسلىقىڭىز تۈزۈك، — دەيدۇ بېرلىن كۆرسەتمە بېرىپ، — ئەگەر
سىز قوبۇل قىلسىڭىز ئىككىنچى ئېقىمدىكى بېرلىن بولۇپ چىقىسىز.
بىراق، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرسىڭىز، ئاخىر بىر كۈن بىرىن-
چى ئېقىمدىكى كېسۋىن بولۇپ چىقالايسىز.»
كېسۋىن بېرلىنىنىڭ سەمىمىي نەسىھىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتقانلىق-
تىن، دېگەندەكلا ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان ئاتاقلىق مۇزىكانتى بولۇپ
قالدى.

## راھەتپەرەسلىكنىڭ زىيىنى

«راھەتپەرەسلىك» ئومۇملاشقان جايدىكى خەلقنىڭ «تۇرمۇشى» كۆ-

رۇنۇشتە تولىمۇ «كۆكۈللۈك» تەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە قەيەردە كىشىلەر «راھەت» كە بېرىلسە، شۇ يەردىكى كىشىلەر بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىدۇ، بىر دۆلەتتىكى خەلق «راھەت» كە بېرىلسە، شۇ دۆلەتتىكى خەلق چۈشكۈنلىشىدۇ. بىر مىللەت «راھەت» كە بېرىلسە، ئۇ مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئامىلى ۋە ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ!

شۇنداقتىمۇ «راھەتپەرەسلىك» نىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سېھرىي كۈچى بولغانلىقتىن ھازىرقى زاماندىكى ئامېرىكىلىقلارمۇ «راھەتپەرەسلىك» نىڭ ئاسارىتىدىن خالىي بولالمىدى.

نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار فرانسىيىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار پارىژغا بېرىشنى «جەننەت» كە بارغاندەك بىلىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش تولىمۇ ئاسان. چۈنكى، فرانسىيە نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا «كەيپ - ساپا، پاراغەت» سۈرۈشنىڭ مەركىزى بولغان. دېمىسىمۇ بۇ ناھايىتى زور شەرەپ! بىراق، نۇرغۇن ئادەم پارىژغا «مەدھىيە» ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىرمۇنچە ئادەم پارىژنى «قارغىغان» .

ئەمما، بىر ئىشنى بىز قەتئىي يوققا چىقىرالمايمىز ۋە ئۇنىڭغا يول قويالمايمىز، ئۇ بولسىمۇ پارىژلىقلار (پۈتكۈل فرانسۇزلار) نىڭ كۆرۈنۈشتىكى تۇرمۇشى شۇنداق كۆڭۈللۈك! ئۇلار بىر خىل ئۇلۇغ «تۇرمۇش تېخنىكىسى» گە ئۆزىنى ئادەتلەندۈرگەن.

## سىزگە ئاڭسىز روھىي ھالىتىڭىز قوماندانلىق قىلسۇن

پۈتۈن ھاياتىمىزدا مېڭە نېرۋىمىز بىردەممۇ توختىماي تېنىمىزنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئادەتلەنگەن بولۇپ، رېفلېكس ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئىشلەيدۇ. بۇ، تەبىئىي، ئاجايىپ تېجەش ئۇسۇلى .

بولۇپ، نېرۋىنىڭ زىيادە چارچاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھەربىر ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. مېڭە نېرۋىسىنى ئارام ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. مانا بۇ ئاڭسىز روھىي ھالەتنىڭ رولىدۇر، بىز ئادەتتە تېنىمىزدىكى ئادەتلەنگەن ئاساسقا سەل قارايمىز. ھەربىر تەكرار ھەرىكەتنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. تەكرارلىنىش قېتىم سانى قانچە كۆپ بولسا ھەرىكەتمۇ شۇنچە پۇختا بولىدۇ.

ئادەت يېتىلدۈرۈشتە، ئىلمىي ئۇسۇلدىن پايدىلانماي، ئىرادىگە تايىنىپلا بېسىم بىلەن ئىش كۆرۈش تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش. بىزنىڭ بۈگۈن قىلىدىغىنىمىز تۈنۈگۈن قىلغىنىمىزنىڭ ئۆزى. سىز بۇنىڭدىن كېيىن قىلمايمەن دېگەن ئىرادىگە كەلگەن بولسىڭىزمۇ، ئېھتىمال ئەتە يەنە قىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي ئۇسۇلدا ئادەت يېتىلدۈرۈش، نۇقۇل ھالدا ئىرادىگە تايىنىپ بېسىم بىلەن ئىش كۆرگەنگە قارىغاندا كۆپ ئۈنۈملۈك. ئادەتتە ئانىلار پەرزەنتلىرىدە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئادەت يېتىلدۈرۈشنى بىلمەيدۇ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئادەت يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەشنى بىلمەيدۇ. بۇ، مۆلچەرلىگۈسىز بىر خىل زىيان.

ئەگەر سىز بىر خىل ھەرىكەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرماقچى بولسىڭىز، بۇ تولىمۇ ئوڭاي. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى: «بىرنەچچە قېتىم كۆپرەك قىلسىڭىزلا كۇپايە.» چۈنكى، ئادەتنىڭ يېتىلىشى ھەرىكەت قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىدۇر، بۇ خىل ھەرىكەتنى ئىشلەش قېتىم سانىڭىز قانچە كۆپ بولسا، نېرۋىڭىز قوبۇل قىلغان تەسىرمۇ شۇنچە چوڭقۇر، ئىنكاس شۇنچە راۋان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەت يېتىلىدۇ.

ئۇزاق يىل ھەربىي سەپتە تۇرغان بىر پېشقەدەم ئەسكەر بىر كۈنى بىر قولىدا گۆش، يەنە بىر قولىدا بىر سېۋەت تۇخۇم كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كېتىۋاتقىنىدا توساتتىن: «دىققەت! ھۆرمەت!» دېگەن كوماندىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ دىققەتتە تۇرۇپ،

ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ ئەسلىي بۇنداق كوماندىغا كۆنۈپ كەتكەن، ئاۋاز ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تەسىر قىلغاندا ئاڭسىز روھىي ھالىتى ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە كە قوماندانلىق قىلغان.

دېمەك، سىز ھەرىكىتىڭىزنى نېرۋىڭىزغا چوڭقۇر ئورنىتالىسىڭىز، ئاڭسىز روھىي ھالىتىڭىز سىز يېتىلدۈرمەكچى بولغان بىر خىل ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلسا، سىزدە ئادەت يېتىلگەن بولىدۇ.

بىراق، ناۋادا سىز بىر خىل يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان ھەمدە ئۇنى تۈزەتمەكچى بولسىڭىز، يامان ئادەتكە ياخشى ئادەت قوللىنىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىڭ. مەسىلەن، ئەگەر سىزنىڭ دائىم ۋاقتىدا رىئايە قىلمايدىغان ئادىتىڭىز بولۇپ، يىغىلىشلارغا ۋاقتىدا بارالمىسىڭىز، بەلگىلەنگەن يىغىلىش ۋاقتىدىن 10 مىنۇت بۇرۇن ياكى يېرىم سائەت بۇرۇن بېرىش كېرەكلىكىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ ۋە تەكرار يادلاپ تۇرۇڭ. مەسىلەن، ئەسلىي يىغىلىش ۋاقتى سائەت 3 تە بولسا، سىز سائەت 2 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە يىغىلىش كېرەك دېگەننى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. مۇشۇنداق مەشىق قىلسىڭىز چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز.

ئادەت تەبىئىيلىككە ئايلانغاندا، كۈرىشىڭىز ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ قوشۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا سەل قارىماڭ.

## شۆھرەتپەرەسلىككە گول بولماڭ

نۇرغۇن خوتۇن - قىزلار شۆھرەتپەرەسلىككە گول بولۇپ ئائىلىسىنى قۇربان قىلىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چوڭ ئىشلارنى قىلىپ تۇرمۇشنى باياشات ئۆتكۈزۈشنى، نام - ئاتاق چىقىرىشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە پەقەت ئاز ساندىكى خوتۇن - قىزلارلا خېلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئائىلىسىدىكى ۋەزىپىسى ۋە بۇرچىدىن، ئاياللىق مەجبۇرىيىتىدە

دىن ۋاز كېچىدۇ. بۇ زىياننىڭ ئورنىنى قانداق تولۇقلاش مۇمكىن؟ يەنە بىرمۇنچە يىگىتلەر ئەسلىدە يېزىلاردىكى قاۋۇل، ئىستىقباللىق ياشلار بولۇپ، ئۇلارمۇ شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ زىيىنى بىلەن تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى تاشلاپ، ئېتىز - ئېرىقلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ نام - ئاتاق، تەقدىر، نەتىجە ئىزدەيدۇ. ئەسلىدە ئۇلار يېزىلاردا بولسا ئۆزىنى تونۇتالايدىغان كىشىلەر، ئەمما شەھەرلەردىكى مۇرەككەپچىلىكتە تاقابىل تۇرالىغۇدەك قابىلىيەت بولمىغاچقا رىقابەتتە مەغلۇپ بولىدۇ، ھەتتا سالامەتلىكىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ ھالدا يېزىغا قايتىپ بارغاندىمۇ ئەسلىدىكى ئېغىر ئەمگەكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

« بىر قەدەمنى خاتا باسسىڭىز ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسىز» دېگەن سۆز نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ۋە ئېچىنىشلىق گەپ - ھە!

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياخشى قابىلىيەت، ئالاھىدە ئىقتىدار بولماي تۇرۇپ، شۆھرەتپەرەسلىكتە گول بولسىڭىز، مەغلۇپ بولماي قالمايسىز، ھەتتا بۇرۇنقى ئىشلىرىڭىزدىنمۇ مەھرۇم قالىسىز، بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

## قىلىسىمۇ تەنقىدكە ئۇچراش، قىلمىسىمۇ تەنقىدكە ئۇچراش

مېنىڭ بىلىشىمچە، گەرچە بىز خەقنىڭ زەھەرلىك ھۇجۇمىدىن خالىي بولالمىساقمۇ، مۇھىم بىر ئىشنى قىلالايمىز. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى بىزگە دەخلى يەتكۈزەلەيدىغان - يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى قارار قىلالايمىز.

تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام، بارلىق تەنقىدكە پەرۋا قىلماڭ دېمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى يولسىز تەنقىدكە پەرۋا قىلمايسىز. بىر قېتىم مەن ئىلىنار روزۋېلتتىن يامان نىيەتتىكى ئەيىبلەشكە قانداق مۇئامىلە

قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم — ئۇنىڭ بۇنداق ھۇجۇمغا قانچىلىك ئۇچرىغانلىقىنى ھېسابلاپ بەرگىلى بولمايتتى. ئاق سارايدا تۇرغان باشقا ئاياللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ياخشى نىيەتلىك دوستلىرى كۆپ ئىدى، بىراق مىجەزى چۇس، شەپقەتسىز دۈشمەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئېلىنار ماگا كىچىك ۋاقتىدا تارتىنچاق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ تەنقىدتىن بەك قورقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى ئۇ ھاممىسى — تايىد روزۋېلت زۇڭتۇڭنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى — غا «مەن بىر ئىش قىلىشنى ئويلايمەن، بىراق خەقنىڭ تەنقىدىدىن قورقىمەن» دەپتۇ.

ھاممىسى ئۇنىڭغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، «خەقنىڭ بىرنىمە دېيىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەڭ، قىلغانلىرىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆڭلىڭىزدە بىلسىڭىزلا بولدى» دەپتۇ. ئېلىنار ماگا ئاق سارايغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئۆزىگە ھېكمەتلىك سۆز قىلىۋالغانلىقىنى، بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى چوڭ ياردىمى بولغانلىقىنى دەپ بەردى. «خەقنىڭ ھۇجۇمىدىن خالىي بولۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، — دەيدۇ ئۇ، — تەكچىدە سالاپىتى جەۋلان قىلىپ تۇرغان قىممەت باھالىق فارفور بۇيۇمغا ئوخشاش جىم تۇرۇۋېلىش، ‹ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان ئىشلار›نى قىلىۋېرىڭ، — قىسقىسى ئۇ ئىشنى قىلسىڭىزمۇ تەنقىد ئاڭلايسىز، قىلمىسىڭىزمۇ تەنقىد ئاڭلايسىز». مانا بۇ ئېلىنارنىڭ قىممەتلىك سۆزىدۇر.

## يۈرەكلىك ھەم ئېھتىياتچان بولغاندا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

ستراس شەھىرى قورشاۋدا قالغان چاغدا، چارلېز XII كاتىپىغا ناھايىتى مۇھىم بىر پارچە خەتنى يازدۇرۇۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە بىر

تال بومبا ئۆلار ئولتۇرغان ئۆيگە چۈشۈپ، تورۇستىن تېشىپ ئۆتۈپ، ئۆلارغا يىراق بولمىغان يەردە پارتلىدى. كاتىپ بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ قولىدىكى قەلەم يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

چارلىز XII تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئالىيلىرى، بىر تال بومبا چۈشتى، — دەپ جاۋاب بەردى كاتىپ لاغىلداپ تىترەپ.

— بومبىنىڭ خەت يېزىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار، يېزىۋەر!

پرۇسسىيىنىڭ مەشھۇر گېنېرالى ساۋرىچمۇ باتۇرلۇقتا داڭق چىقارغان ئىدى. ئۇ ھەربىي سەپتە جۇڭگۇېي چېغىدىلا كۆزى ئۆتكۈر فرانىدىك ئۇنىڭ ئىستىقباللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەم ئۇنى پادىشاھنى قوغدىغۇچى ئەترەتكە ئەۋەتكەن. بىر قېتىم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا پادىشاھ توساتتىن ئۇنىڭدىن:

— ئەگەر ئالدىمىزدىكى يولنى دۈشمەن ئىگىلىۋالغان بولسا، سىز قانداق قىلماقچى؟ — دەپ سورىغان.

— مەن مۇنداق قىلماقچى، — ساۋرىچ شۇنداق دەپلا ئادەملىرى بىلەن دەرياغا سەكرەپتۇ.

ئۇ تېخى قىرغاقىقا چىقمايلا تۇرۇپلا، پادىشاھ ئۇنى مايورلۇققا ئۆستۈرۈپتۇ.

باتۇرلۇق ھەققىدە يەنە بىر ھېكايە بار، ئۇنىڭدا ناپالېئوننىڭ بىر ئەسكىرى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.

ناپالېئون قوشۇن باشلاپ لايور كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەر لېيس كۆۋرۈكتىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپتۇ، ناپالېئون ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىكەن. لېيس كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا ئېتىلىپ بېرىپ دۈشمەننىڭ بايرىقىنى تارتىۋالىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىدۇ. ئۇ ئاۋسترىيىلىك بىر ئوفىتسېرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېتىنى تارتىۋالىدۇ ۋە ئات بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا

چىپىپ يۈرۈپ دۈشمەننىڭ ئالتە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ كېلىدۇ. ناپالېئون ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختىغاندىن سىرت، ئۇنىڭغا دەرھال ئەمەل بېرىدۇ.

بىخەتەرلىك چىرىغىنىڭ كەشپىياتچىسى چوچ ستېۋىنسېن ئېسىڭلاردا باردۇ؟ ئۇ ئۆزى كەشىپ قىلغان بىخەتەرلىك چىرىغىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن كان قۇدۇقىغا چۈشكەن. ئۇ دوستلىرىدىن كان قۇدۇقىدا بىر خىل گاز بار ئىكەن، بىخەتەرلىك چىرىغىنى پارتلىتىۋېتەرمىش دەپ ئاڭلايدۇ. بىراق، ئۇ بۇنداق خەتەرنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا، ئۆزى تەجرىبە قىلىپ بېقىش قارارىغا كېلىدۇ.

ئۇ دوستلىرى بىلەن كان قۇدۇقىغا چۈشۈپ خەتەرلىك دېگەن جايغا بارغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغانلار داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالمايدۇ. لېكىن، ستېۋىنسېن ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي يۈرەكلىك ھالدا ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. ئۇ بىخەتەرلىك چىرىغىنى كۆتۈرگىنىچە، قوللىرى قىلچىلىك تىترىمەستىن، ئاشۇ ئورۇندا جىمجىت تۇرۇپ ئۆزگىرىشنى كۈتىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ قولىدىكى بىخەتەرلىك چىرىغىنىڭ يالقۇنى تۇساتتىن كۈچىيىپ كېتىدۇ. بىراق، بىردەمدىن كېيىن چىراغ ئازراق تىترەشكە باشلايدۇ ۋە چىراغ نۇرى خۇنۇكلىشىشكە باشلايدۇ. ئارقىدىن بارا - بارا ئاجىزلاپ ئۆچۈپ قالىدۇ. خەتەرلىك دەپ قارالغان گاز جىسمىدا ھېچقانداق كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ ھەمدە پارتلاش ھادىسىسىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. نەتىجىدە ستېۋىنسېن بىخەتەرلىك چىرىغىنى ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ياساپ چىقىپ، مىليونلىغان كان ئىشچىلىرىنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇپ، بىخەتەرلىككە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئېرى كۆلىدە پاراخوت ھەيدەيدىغان جون مىنو ئۆزى ھەيدىگەن پاراخوتقا ئوت كېتىپ، ئوت ئىچىدە قالىدۇ. بىراق، ئۇ قىلچە ھودۇقماي پاراخوتنى پورتقا ھەيدەپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاراخوتتىكى ھەممە كىشى ئامان قالىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزى ئوتتا كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ

بۇ خىل قۇربان بېرىش روھى بىزنىڭ نەقەدەر ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ - ھە؟

يۇقىرىقى ھېكايىلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىلىۋالالايمىزكى، ئادەم يۈرەكلىك بولغاندىلا، نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. قورقۇنچاق، ئىرادىسىز كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنداق خەتەرنى بېشىدىن كەچۈرمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ قورقۇنچلۇق گېپىنى ئاڭلاپلا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. سوراپ باقايلىچۇ: بۇنداق كىشىلەر نېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالار؟

## مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆزىگە مۇتلەق ئىشىنىدۇ

دۇنيادا مەيلى قايسى مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى بولسۇن، ھەممىسى ئۆزىگە مۇتلەق ئىشىنىدۇ. ئىرادىسىز كىشىلەر ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىلا چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ ھەمدە بۇنى تەقدىرنىڭ تەتۈر كەلگەنلىكى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكى، كۆڭلىنىڭ ئۆلگەنلىكىدە. كونىلاردا: «ھەممىدىن يامىنى كۆڭۈلنىڭ ئۆلۈشى» دېگەن گەپ بار. دېمەك، ئۆزىگە ئىشەنچى بولمىغانلار زىياننى كۆپ تارتىدۇ. ئۇمۇرتقا سۆڭىكى يوق كىشىنىڭ تۈز تۇرالىشى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، بىر كىشى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقاندا، ئوخشاشلا ھېچ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. بانلان تۇرمىدە تۇرۇۋېمۇ سۈت بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىغا كەپلەنگەن قەغەز ئارقىلىق «ئەرشكە سەپەر» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىققان، مىلتون كۆزى ئويۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن «غايىب بولغان شادلىق بېغى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقالىغان. يۇقىرىقى كىشىلەر ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان. ھايات بىر

مەيدان كومېديىگە ئوخشىشىدۇ. بۇ كومېدىيىنى قانداق ئوروۇنداي دېسە-ڭىز، شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دەيدىكەنسىز، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەڭ، سالماق بولۇڭ.

# كۆرەش تەۋرەنمەس ئېتىقادقا موھتاج

كۆرەش تەۋرەنمەس ئېتىقادقا موھتاج. مۇشۇنداق ئېتىقادقا تايانغان-دا، كۆرەشتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. كۆرەش قىلىمەن دەي-دىكەنمىز، چوقۇم ئۆز ئېتىقادىمىزنى تىكلىشىمىز كېرەك، ئىلىم ئۈچۈن بولسۇن ياكى كەسىپ، جەمئىيەت، مىللەت ئۈچۈن بولسۇن بىزدە چوقۇم ئېتىقاد بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك بىرنەچچە خىل ئېتىقاد بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. تونۇش ئېنىق بولۇش.
2. راستچىل، شەخسىيەتسىز بولۇش.
3. سەمىمىي، تەۋرەنمەس بولۇش.
4. جاپاغا چىداش، ئۆزىگە ئىلھام بېرىش.
5. قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش.

يۇقىرىقى بەش خىل ئېتىقادنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. تونۇش بىر خىل نىشاندۇر. بىرەر ئىشقا قارىتا سىزدە ئالدىن ئېنىق چۈشەنچە بولۇشى كېرەك. تونۇشىڭىز ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن قارار چىقارسىڭىز بولىدۇ. كۆرەش قىلىشىڭىزغا ئەرزىيدىغانلا بولسا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇڭ. ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، ئالدى بىلەن شەخسىيەتچىلىك قارىشىڭىزنى تۈزىتىشىڭىز كېرەك. شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ مەيلى قانچىلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەڭ، بۇ نەتىجىلە-رىڭىز ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلانمايدۇ. سەمىمىي، تەۋرەنمەس بو-لۇش ئىنتايىن مۇھىم. سەمىمىي بولغاندا دىققىتىڭىز بۆلۈنۈپ كەتمەيدۇ

ۋە ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالمايسىز. ئۆز كۈچىگە تايىنىش، تىرىشچان بولۇش كۆرەشتىكى كۈچىڭىزنى ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. ئادەم قانچە تىرىشچان بولسا، كۆرەش ئىرادىسى شۇنچىلىك ئېشىپ بارىدۇ. بۇ خىل جاپاغا چىداپ ئۆزىگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى تۇرمۇشتىن باشلاپ قوللىنىش كېرەك. ئاخىرىدا، سىزدە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش روھى بولۇشى، كۆرەش ئىرادىڭىز ھەرگىز بوشىشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر سىز ۋاقىتلىق ھاياجان، ۋاقىتلىق ئىرادىڭىزنى چىقىش قىلسىڭىز، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىڭىز بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەت چوقۇم سىزگە يار بولمايدۇ.

## ئىدىيە مېخانىزمغا ئوخشىشىدۇ

ئىنسانلارنىڭ «ئىدىيە»سى فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەك كۈچىنى ئاسرايدىغان ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈملۈك مېخانىزمغا ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن، بىر مايمۇننى ئالساق، ئۇ چاشقان ئىشلەتكەن كۈچىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئىشلەتسىلا قەپەسنى جايىدىن يۆتكىۋېتەلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى بەئەينى «ھەممىگە قادىر» مېخانىزمغا ئوخشىشىدۇ. تەبىئىي «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى»نى ساقلاپ قالالايدۇ، بىھۇدە سەرپ قىلماي ۋە ئىسراپ قىلماي ھاياتلىق پائالىيىتىنى قامداپ، ئۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىدۇ.

مەن ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەلىيەت تۇرلۇك «پرىنسىپ»لارغا ئۇيغۇن! بىراق، «كاللىسى چوڭ ئادەم چوقۇم 100 ياشتىن ئوشۇق ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ، كاللىسى كىچىك ئادەم چوقۇم بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدۇ!» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرەلمەيمىز. چۈنكى، بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئامىل بار. بۇلار ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇقارشى. ئەگەر بۇ ئامىللارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ يەكۈن چىقارساق: ئەقلىي قابىلىيىتى يۇقىرى كىشىلەر ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن كىشىلەرگە قارىغاندا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ!

# يېتەرسىزلىك ئاسانلىقچە ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ئىز

يېتەرسىزلىكىمىزنى دەرۋەقە بىر مەزگىل يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنداق يوشۇرۇشمۇ ۋاقىتلىق بولۇپ، هامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ. هەربىر يېتەرسىزلىك قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالغاندا، كۆڭلىمىزدە چوڭقۇر، ئاسان ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان ئىز قالىدۇ. بۇ ئىزنى كىشىلەر كۆرۈپلا بىلىۋالىدۇ، پۈتۈن ئۆمرىمىزدە بۇ ئىزنى ئاسانلىقچە ئۆچۈرۈۋېتەلمەيمىز.

كىشىلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسە ئۆزىنى بەك يۇقىرى ساناپ كېتىشتىن ئىبارەت. لېكىن، بۇ دۇنيادا بىزگە هامان بىر كۈنى قايتا باها بېرىلىدۇ. باها هايات مۇساپىمىزنىڭ هەربىر مىنۇتى، هەربىر سېكۇنتىدا بېرىلىپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ هەقىقىي قىممىتىمىز خۇددى بىزنىڭ سايىمىزغا ئوخشاش دائىم ئارقىمىزدىن ئەگىشىپلا يۈرىدۇ.

ساختىپەزلىك بومبىغا ئوخشىشىدۇ، بۇ بومبا پارتلىغاندا، پۈتكۈل هاياتىڭىزنى بەربات قىلغاندىن باشقا، ئەتراپىڭىزغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى ئىقتىدارىم تەڭداشسىز، قابىلىيىتىم هەممىنى بويسۇندۇرۇشقا قادىر دەپ قارىسىڭىزمۇ، لېكىن دۇنيادىكى بارلىق ئىجتىمائىي ئورۇننى ئۆزىڭىزگە تەۋە، دۇنيادىكى هوقوقنىڭ هەممىسىنى ئۆزىڭىزگە خاس قىلالامسىز؟

هەرگىز بۇنداق خىيالدا بولماڭ، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەڭ!

# ئەنگلىيە ـ فرانسىيە دېڭىز بوغۇزىدىن تۇنجى قېتىم ئۇچۇپ ئۆتكەن ئادەم

كالىر بلەن دېۋىيارنىڭ ئارىلىقى پەقەت 21 چاقىرىملا كېلىدۇ.

لېكىن، ئەينى زاماندا ئايروپىلان بىلەن بۇ 21 چاقىرىم ئارىلىقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. تۇنجى بولۇپ بۇ دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتكەن كىشىگە 5000 دوللار مۇكاپات بېرىلمەكچى بولغان ئىدى.

باي فرانسۇز تەنھەرىكەتچىسى، شۇنداقلا راھەت - پاراغەت سۈرۈش بىلەن داڭق چىقارغان ئوبىيلېر رادەن دېڭىز بوغۇزىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈش ئىشىنى مەندىن باشقا ئادەم قىلالمايدۇ دەپ قارىغان ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش، قۇملۇقلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئوخشاش خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ كۆرگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ دېڭىز بوغۇزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن تۇنجى ئادەم بولۇپ كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىم تاڭ قالدۇرۇپ، كۈلۈپتا ئۆزىنى تازا بىر كۆرسەتمەكچى بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈمۈشتەك پارقىراق يېڭى ئايروپىلاندىن بىرنى سېتىۋالغان ۋە ئۇچۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ماھىر مېخانىك بىلەن توختام تۈزگەن.

ئويلىمىغان يەردىن فرانسىيىلىك ئۇچقۇچى لۇئىس برايمۇر ئۇنىڭ رەقىبى بولۇپ چىقتى. بۇ ھال رادەننى ناھايىتى قىزىقتۇردى. ئۇ رەقىبى برايمۇر ئىشلەتمەكچى بولغان ئايروپىلاننىڭ قولدا ياسالغان، قۇرۇلمىسى ناچار، زاپچاسلىرى كونا ئايروپىلان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخسۇس مېخانىكى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن تەكەببۇرانە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئىيۇلنىڭ پىژ - پىژ ئىسسىق بولۇۋاتقان بىر شەنبە كۈنى ئەتىگەندە برايمۇر تۇنجى قېتىم دېڭىز بوغۇزىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ رادەنمۇ يەكشەنبە كۈنى تاڭ ئاتماستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇيقۇدىن ئېچىلمىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ «ھاۋا رايى ئۇچۇشقا مۇۋاپىق ئەمەسكەن» دەپ قايتىپ بېرىپ تۆشەكتە ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇردى.

بىرنەچچە چاقىرىم يىراقتىكى يەنە بىر كەنتتە برايمۇر قولدا

ياسالغان ئايروپىلاننى ئىتتىرىپ چىقتى ۋە سائەتكە قارىغاندىن كېيىن، ماتورنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئەتراپتا تۇرغانلاردىن: «دېۋىيار قايسى يۆنىلىشتە؟» دەپ سورىدى. ئۇ دېڭىز بوغۇزىدىن 25 مىنۇتتىلا ئۇچۇپ ئۆتتى. دېۋىيار ساھىلىنى تاپالماي 10 چاقىرىم ئارتۇق ئۇچۇپ قالدى.

باي كەسىپ ئەھلىنىڭ سەۋەب كۆرسىتىپ يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشى تەجرىبىسىز ئۇچقۇچى برايمۇرغا كۈتۈلمىگەن غەلىبە ئاتا قىلدى.

فرانسىيىدە مۇنداق بىر ماقال بار: «ئۆزىنى ئالدىغان كىشى چوقۇم ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان كىشىدۇر.»

## تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى

«تەبىئەت» ئۆزىنىڭ خىلمۇخىل چارىلىرى ئارقىلىق بىزنى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرىدۇ. بىز ئەگەر ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنساق خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز، خىلاپلىق قىلساق كېسەللىك ۋە ئازاب بىلەن جازالىنىمىز. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىلمۇخىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرىدۇ، كۈرەش جاسارىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئۇ يەنە سىناق ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ ساۋاقلىرىنى بىزگە چۈشەندۈرىدۇ، قۇربان بېرىش روھى بىلەن بىزدە پەزىلەت يېتىلدۈرىدۇ.

ئانىلار قولىغا ئويۇنچۇقنى ئېلىۋېلىپ پەرزەنتلىرىگە يول مېڭىشنى ئۆگىتىدۇ. ئانا ئويۇنچۇقنى راستتىنلا بالىغا بەرمەكچىمۇ؟ ياق، ئانا پەقەت بالىنى قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق بالىنىڭ مۇسكۇلىنى چېنىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، خالاس. تەبىئەتمۇ بىزگە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ بىزنى يۇقىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ تەرەققىيات پەزىلىتىمىزنى تېخىمۇ ئالىيجاناب قىلىدۇ، ئىقتىدارىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدۇ.

## ئىچكى تۇسالغۇغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ

بىز ھەرگىز «ئىچكى تۇسالغۇ» غا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم، چۈنكى ئۇ 40 ياشتىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىزدا چوڭ تۇسالغۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل تۇسالغۇ پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى ۋە پوزىتسىيىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

قورقۇش كەيپىياتى ۋە پوزىتسىيىسى ھەقىقەتەن «ئۆگىنىش يولىدىكى» ئەڭ چوڭ «تۇسالغۇ»! ئەگەر بىر ئىت شۇ ھەرىكەتنى ئۆگىنىشكە قىزىقمىسىكەن، بىز ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا شۇ ماھارەتنى ئۆگىتىشىمىز زۆرۈر. بىر كىشىدە ئۆزى ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىگە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىغان قىزغىنلىق بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆگىنىشى مەڭگۈ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆگىتەلمەيمىز.

دېمەك، بۇنداق ئۆگىنىش «ھەۋەسى» سانائەت ساھەسىدىكى «ھەۋەسكە تايىنىپ بازلىق قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈش» تەك ناھايىتى جىددىي بىر مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ.

## يېزا - قىشلاقلاردىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ

لىنتېز سپاكست ئەپەندى شەھەر مەمۇرىيىتى ئىسلاھاتچىسى بولۇپ، يېزا ياشلىرىغا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلماسلىق توغرىسىدا مۇھىم نەسىھەت قىلغان. ئۇ: «چوڭ شەھەرلەر ئالاھىدە ئىختىساسلىق كىشىلەرگە تولىمۇ موھتاج، لېكىن بۇنداق ئىختىساس ئىگىسىگە يېزىلارمۇ شەھەرلەرگە

ئوخشاشلا موھتاج، يېزا - كەنتلەردە ئىشلەشنىڭمۇ ئىستىقباللىق ئىكەنلى-
كىنى بىلىش كېرەك. چوڭ شەھەرلەردە پۇل تېپىش دەرۋەقە ئوڭاي،
لېكىن خىراجەتمۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر چوڭ
كىچىكنى يۇتۇۋېتىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە، رىقابەت كۈندىن -
كۈنگە كۈچەيمەكتە، بۇ خىل رىقابەت نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلى-
رىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. شۇڭا، مەن يېزا ياشلىرىنىڭ چوڭ
شەھەرلەرگە كىرىۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلمايمەن» دېگەن ئىدى.

## مۇۋەپپەقىيەت ھەرقانداق كىشىگە ئوخشاش پۇرسەت بېرىدۇ

مۇۋەپپەقىيەت ھەرقانداق كىشىگە، مەيلى ئۇ كىم بولسۇن، ئوخشاش
پۇرسەت بېرىدۇ. سىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا تىرىشسىڭىزلا چوقۇم
مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. ئەنگلىيىدە بىر ئەما كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز
قابىلىيىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە نامايان قىلغانلىقى، پۇرسەتنى قولدىن
بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن دۇنياغا داڭلىق مۇزىكانت، ئاتاقلىق ساخاۋەتچى،
مەشھۇر ماتېماتىكا ئالىمى بولۇپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازا-
ۋەر بولغان. ئۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۈلگە. سىز مۇۋەپپەقىيەت
قازىناي دەيدىكەنسىز مەيلى قانداق مۇھىتتا بولماڭ، ئىقتىدارىڭىزنى
تولۇق نامايان قىلىڭ، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، چوقۇم يېتەرلىك
ئىقتىدار بىلەن تەييار تۇرۇڭ.

مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ،
ئۇنىڭغا ھەرگىز تىز پۈكۈپ قالمايسىز، ئەكسىچە قىيىنچىلىقنى مۇۋەپپە-
قىيەت قازىنىش يولىدىكى يەنە بىر نۇقتا قىلىپ يېڭىچە تىرىشچانلىق
بىلەن ئىلگىرىلەيسىز. ئېھتىمال، ھەسرەت - نادامەت چېكىشىڭىز،
ئازاب - ئوقۇبەت تارتىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن قەتئىي نىيەتكە كەلسىڭىزلا
چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

## تەن تۇرمۇشتىكى زېھنىي كۈچ ئىسكىلاتى

نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا زادىلا دىققەت قىلمايدۇ، نەتىجىدە بىر بولسا ئادەتتىكى نەتىجىلەرگىلا ئېرىشەلەيدۇ. بىر بولسا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بىزنىڭ تېنىمىز تۇرمۇشتىكى زېھنىي كۈچىمىزنىڭ ئىسكىلاتى، لېكىن بىز دائىم بۇ ئىسكىلاتتىن تۆشۈك ئېچىپ قويىمىز - دە، زېھنىي كۈچىمىز بۇ يەردىن ئېقىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيقۇنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، پات - پات سىرتتا ھەرىكەت قىلماسلىق، يېمەكلىكتىكى ئوزۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئارام ئېلىش بىلەن خىزمەتنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئىسراپ قىلىدىغان يوچۇقتۇر. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمىسەك، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

## كۆلپەت ئىچىدە قالغان كىشى

ئائىلىدىكى بەختسىزلىكنى ھېچكىمدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇ بەختسىزلىك ئادەمگە ئۆمۈر بويى جان تىكىپ كۈرەش قىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بېسىدىك ئائىلىسىدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشى شۇ يەردىكى ھەممە ئادەم كۆز تىكىدىغان ئابرۇيلۇق كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. كىچىك ۋانىك بۇ ئائىلە ھەممىدىن ئايرىلىپ قاق سەنەم بولۇپ قالغاندا تۇغۇلدى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئەسلىي ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە بولغان كىچىك ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ ئائىلىسى ۋە ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مۈشكۈلاتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ھەم قولىدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىدى.

ۋاڭ يەتتە ياش ۋاقتىدىلا نىشاننى بېكىتكەن، ئۇنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ بۇ نىشان ئەسلىدىكى دائىرىدىن ھالقىپ زورىيىپ كەتكەن. نىشان ئەسلىدىمۇ شۇنداق، باشقا ئىشلارنى قىلىدىغان نۇرغۇن پۇرسەت ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ.

بېسىدىك جەمەتىنىڭ بۇ يېتىم بالىسى ئۆسمۈر ۋاقتىدىكى نىشانىغا يېتىپ، جەمەتىنىڭ ئەسلىدىكى مۈلكىنى تولۇقلىۋالغاندىن سىرت، 50 مىليون ھىندىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋالىي بولۇپ قالدى.

جېم كېلفىستىنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ كۆلپەت ئىچىدە قالغان. ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قويۇلغان زاكالەت پۇلى 4000 دوللار ئىدى. بىراق، جېمغا پەقەت بىر قېرى ئات بىلەن 65 دوللارلا قالغان. باشتا ئۇ بولكا ساتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ قەرز پۇللارنى قايتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي قەرزلەرنى تۆلەپ بولغاندىن باشقا «تەلەي يېغىلىشى» دەپ ئاتىلىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشتى. ئاخىر نامى پۈتۈن مەملىكەتكە تارالغان كېلفىت بولكا شىركىتىنى قۇردى.

## دەقىقە پۇرسىتىنىمۇ چىڭ تۇتۇڭ

كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قابىلىيەتتىن پايدىلانغانلىقىدا، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كەسكىن قارارغا كېلەلىگەنلىكى ئۈچۈن غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.

خېلى بىر قىسىم ئادەمنىڭ ھايات مۇساپىسىدە يۆنىلىش كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ. ئۇلار ۋاقىتنى پىلانسىز، مەقسەتسىز، ئىدىيىسىز بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار مۇھىتنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرىدۇ. ئۇلاردا قەتئىي ئىرادە، كەسكىن قابىلىيەت بولمايدۇ. بىر ساندۇق سايمان تۇرۇپ ھېچ كىشى ئىشلەتمىسە، يوققا باراۋەر بولىدۇ. قورساقتا لىق بىلىم تۇرۇپ، مۇستەھكەم ئىرادە بولمىسا بىر ساندۇق سايماننى ھېچ كىشى ئىشلەتمىگەنگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئەگەر كاللىڭىزدا ئالدى بىلەن قانداق قىلىش ئويى بولمىسا، قەغەز يۈزىگە پۈتۈن بىر كۈن رەسىم سىزسىڭىزمۇ، ھېچ نەرسىگە ئوخشىتالمايسىز. بەزىلەر مەرمەر تاشقا خالىغانچە بىرنەرسە ئويۇۋەرسە، ئاخىر بىر شەكىل پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. دوستۇم، بۇ ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان قۇرۇق گەپ، خام خىيالدۇر. بۇنداق دەپ مەرمەر تاشنى بۇزغاندىن كۆرە، جىم تۇرغىنىڭىز تۈزۈك.

لىڭتاسما ئادەملەر دېڭىزدىكى رولچىسىدىن ئايرىلغان كىچىك كېمىگە ئوخشاش شامالدىن ئايرىلىسىلا دېڭىزدا لەيلەپ يۈرىدۇ، يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇچراپ قالسا پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. نىشانى يوق بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەت تىنچ چاغلاردا ۋاقىتىنچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسىمۇ، لېكىن تاسادىپىي ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، قاتاردىن چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئارىسالدى بولۇش، ئىككىلىنىش، نىشان بولماسلىق، كەسكىن بولماسلىق ئىقتىدارىڭىز ۋە ئەقىل - پاراسىتىڭىزنى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

ئىرادىسى قەتئىي كىشىلەر، مەيلى قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسۇن، قارارىنى قەتئىي ئۆزگەرتمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشى ئۇلارنىڭ موينىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ.

ۋىليام پىت بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز. ئۇ كىچىكىدىنلا چوڭ سىياسىئون بولۇشنى قەلبىگە پۈككەن. ئاتىسىنىڭ نام - شۆھرىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى كۈرەش نىشانى بولۇپ قالغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغدا بولسۇن، خىزمەت، كۆڭۈل ئېچىش ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، ئۆز مۇددىئاسىنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىيلىكى ۋە پۇرسەتنى چىڭ تۇتقانلىقى بىلەن 23 ياش چېغىدىلا پارلامېنتقا كىردى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ۋەزىر بولدى.

ئادەم ھەرقانچە يۈكسەك غايىگە، پۇختا قابىلىيەتكە ئىگە بولغىنى بىلەن ئەگەر ئۇنىڭدا قەتئىي ئىرادە، كەسكىن پوزىتسىيە بولمىسا، مەڭگۈ

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنداقلار قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ. ئوخشاش بولغان ئىككى ئىشقا دۇچ كەلگىنىدە قايسىسىنى قىلىش لازىملىقىنى دەرھال قارار قىلالمايدۇ.

«بۈگۈنكى ئىشنى بۈگۈن قىلىش دانالىق، ئەتىگە قويۇش ئەخمەقلىق» . بۇ ھېكمەتلىك سۆز قۇلىقىمىزدا چىڭ ساقلاشقا ئەرزىيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى دەرھال تۇتۇش قىلىش، ھەرىكەتكە كېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، دولقۇن كۆتۈرۈلگەندىكى ئاشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىش تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا كۆپ ياردەم بېرىدۇ.

بىراۋغا تايىنىپ ھەل قىلىمەن دېيىش ئەڭ ناچار قىلىق. مەيلى كىم بولسۇن ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ھەرقانچە جىددىي پەيتتىمۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا تايىنىش زۆرۈر.

ئالېكساندىرنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى، ئىشنى كەينىگە سۈرمىگەنلىكىدىن بولغان.

ناپالېئوننىڭ كۆرىشى گەرچە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ قەتئىي، تىز پۈكمەس ئىرادىسى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ جىددىي پەيتلەردە قىلچە ئىككىلىنىپ قالماستىن، دەرھال ئەڭ دانا تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ تېزلا تۇتۇش قىلاتتى. بىراق، ئۇ ھۇتلېر ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى. ئەينى چاغدىكى 11 نەپەر زاسېداتىل بۇ گۇمانلىق جىنايەتچىنى قاتتىق جازالاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىراق، يەنە بىر زاسېداتىل ئۇلارغا قارشى پىكىردە بولىدۇ. ئۇ: «مەن تۈرمىدە يېتىپ ئۆلۈشكە رازىمەنكى، گۇناھسىز كىشىنى جازالاشقا رازى ئەمەسمەن» دەيدۇ.

11 نەپەر زاسېداتىل ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 24 سائەتتىن كېيىن پىكرىدىن ۋاز كېچىپ جازالاشقا قوشۇلمايدۇ. ھېلىقى زاسېداتىلنىڭ تەشەببۇسى بويىچە جاۋابكارنى قويۇۋېتىدۇ. مانا بۇ، قەتئىي ئىرادە بولغاندا غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي

مىسالى.

بىراق، بىز يەكۈن چىقارغىنىمىزدا، چوقۇم ئەقلىمىزگە تايىنىپ، يەكۈن چىقىرىشىمىز كېرەك.

نادانلار يەكۈن چىقىرالامدۇ؟ لېكىن، نادانلارچە چىقىرىلغان يەكۈن جاھىللىقنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، جاھىللىق بىلەن قەتئىيلىك تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ.

قەتئىيلىك ئاقىلانە ئىجرا، جاھىللىق ئاداۋەتتە چىڭ تۇرۇشتۇر.

خەتەرگە دۇچ كەلگەندە، تېزدىن قارار چىقىرىش ئەسلىدىنلا قىيىن ئىش. چەبدەسلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاياغلىشىشىنى مۇلاھىزە ئوبيېكتى قىلىپ تۇرۇپ، ئەڭ دانا ۋە ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلنى تاللىشىڭىز كېرەك.

# پارچە - پۇرات ۋاقىتتىن پايدىلىنىڭ

ھەرقانداق كىشىنىڭ پارچە - پۇرات ۋاقىتتىن پايدىلىنىش پۇرسىتى بولىدۇ. ئېينىشتېيننى مىسال ئالساق، ئۇ ياش ۋاقتىدا شۋېتسارىيىنىڭ بېنلىن شەھىرىدە پاتېنت ھوقۇقىنى تەكشۈرۈش كەسپىي خىزمىتىنى ئىشلىگەن. پاتېنت ھوقۇقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ناھايىتى زېرىكىشلىك خىزمەت بولۇپ، باشقا تەكشۈرگۈچى خىزمەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆلتۈرۈشقا ۋاقىت كۆپ ئىدى. لېكىن، بويى پاكار بۇدۇر چاچلىق بۇ يىگىت بۇ بىكار ۋاقىتلارنى نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا بارلىققا كەلگەن ئاتوم بومبىسى ئاشۇ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى پرىنسىپى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغانلىقنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

21 ياشلىق جوسىېر روكتار لوندون قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتابىدا زېرىكىشلىك بولغان ئوفىتسېرلىق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزەتتى. خىزمەتتىن بوش ۋاقىتلىرىدا تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت كىتابلارنى، بولۇپمۇ ئاسترونو-

مىيگە ئائىت كىتابلارنى كۆرەتتى. كېيىن ئۇ ئەمەلدارلىق ئۇنۋانى ئال-
ماستىن، بەلكى 1 - دەرىجىلىك ئاسترونومىيە ئالىمى بولۇپ چىقتى.
ئۇ قۇياش فىزىكىسى تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، جاز ئۇنۋانىغا
ئېرىشتى ھەم قۇياشتا بارىي ئېلېمېنتىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان تۇنجى ئادەم
بولۇپ قالدى.

توماس خاكسلېرمۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كى-
شىلىك ھايات يولىنى ئۆزگەرتكۈچى مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى بولۇپ چىق-
تى. مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەن بۇ ياش دوختۇر دېڭىز ئارمىيىسىدە
دوختۇر بولدى، دېڭىز ئارمىيىسىدىكى دوختۇرلۇق ھاياتى ناھايىتى زېرى-
كىشلىك ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئاۋسترالىيە يېقىن دېڭىز تەكشۈرۈش
پاراخوتى دېڭىزغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ
پادىشاھ ئىلمىي تەكشۈرۈش پاراخوتىنىڭ مۇلازىمەتچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ.
تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شوتلاندىيىلىك ئاتاقلىق ئالىم
ماكچلۋېر ئىدى.

خاكسلېرنىڭ تەكشۈرۈش پاراخوتىدىكى دوختۇرلۇق خىزمىتىدە
بوش ۋاقتى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرى ئۇنىڭ
ئۈچۈن سەيلە - ساياھەت ئىدى. ئورۇق، ئەستايىدىل كۆرۈنىدىغان بۇ
دوختۇر يىگىت مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاز - تولا ئىش قىلىشنى
ئويلايتتى.

ئۇ بىئولوگ ماكچلۋېردىن مېنىڭ ياردىمىم كېرەك بولغۇدەك ئىش
بارمۇ دەپ سورىغاندا، ماكچلۋېر رەت قىلىدۇ. ماكچلۋېر، دوختۇر دېگەن
دوختۇرلۇقىنى قىلغىنى تۈزۈك، دەيدۇ. لېكىن، خاكسلېر بۇنىڭدىن
مەيۈسلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ بىكار ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئىشلەپ
كۆرمەكچى بولىدۇ. ئۇ دېڭىز جانلىقلىرىدىن ئەۋرىشكە يىغىدىغان تور
ياسايدۇ. يىغقان بۇ قىممەتلىك ئەۋرىشكىلەرنىڭ قانۇنىيەت ۋە سەۋەبلىرى-
نى تولۇق چۈشىنىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بىر - بىرلەپ ئىنچىكە
تەتقىق قىلىدۇ.

بىرگە بارغان بىئولوگلار يىغقان ئەۋرىشكىلەرنى تۈزغا چىلاپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇلار قىممەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار بولۇپ، دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. لېكىن، خاكسلېر ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئەۋرىشكىلەرنى تەتقىق قىلاتتى ھەمدە ئەۋرىشكىلەردىكى سىرلىق سەۋەبلەر ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. تەخمىنەن تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت دېڭىز ئۈستى تۇرمۇشىدىكى بوش ۋاقىتلارنى خاكسلېر مۇشۇ تەتقىقاتقا سەرپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بايقىغانلىرىدىن نۇرغۇن دوكلات يېزىپ، ئەنگلىيە بىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئېۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتلىرى بىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىدە ناھايىتى زور غۇلغۇلا قوزغىدى. دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ بۇلاردىن خەۋەر تاپقان خاكسلېر بەكمۇ ھەيران قالدى.

29 ياشقا كىرگەندە خاكسلېر يەنىلا بۇرۇنقىدەك نامسىز دوختۇر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاكادېمىيە ئۇنىڭغا ئوردېن تەقدىم قىلدى. بوش ۋاقتى بولسىلا ئوفېتسىرلار بىلەن قارتا ئوينايدىغان ماكچلۋېر بۇ ئىشنى چۈشەنمىدى.

خاكسلېر ئەمدى دوختۇرلۇق قىلماستىن، مەخسۇس بىئولوگ بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئۇ مۇنەۋۋەر بىئولوگىيە ئالىمى بولسىمۇ، يەنىلا مىنۇت ۋاقىتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەستىن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئوھىئو شتاتى رىيتىن شەھىرىدىكى ئاكا - ئۇكا رايىتلار بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئايروپىلان ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. پارچە - پۇرات ۋاقىتلار ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغاندا تاما - تاما كۆل تولۇر دېگەندەك، بىر پۈتۈن ۋاقىت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. بىر كۈننى قولدىن بەرمەك ئاسان، لېكىن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ يولى يوق.

## قىممەتلىك سەھەر

سىلەر بەلكىم، كەچقۇرۇن ياكى ھەرقانداق ۋاقىتتا بوش ۋاقتىمىز

يوق دېيەرلىك دېيىشكىلار مۇمكىن، ئېھتىمال شۇنداقتۇر. دوكتور ساموئارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇنىڭ ئەما، گاس - گاچىلار، نېرۋىسى ئاجىزلار ۋە روھىي كېسەللەرنى داۋالاش چارىسىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ياخشىلىنىش بولغان. ئۇ كېچىدىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنالايتتى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى ئۇ كېچىلىرى ئۇنىۋېرسىتېتتا ھەر كۈنى سەھەر سائەت 4 تە ئورنىدىن تۇرۇپ، تىرىشىپ تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

بىتتى سىمىسمۇ بوش ۋاقتى يوق، ناھايىتى ئالدىراش ئادەم ئىدى. ئۇ قىزلىرى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئىشلەپ ھالى قالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە ئەتىگەن سائەت 6 دىن 7 گىچە بولغان بىر سائەت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يېزىقچىلىق قىلاتتى. بۇ ۋاقىت ھەم تىنچ، ھەم ئارىسالدى ۋاقىت بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشقا بولاتتى. ئۇ ئىككى يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر «بىركېلىن دەرىخى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. بۇنداق بازار تاپقان كىتابلار نەشرىياتچىلىق تارىخىدا ئاز كۆرۈلەتتى. ئۇ مۇشۇ كىتابىدىن بىر بۆلۈك كىرىمگە ئىگە بولۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غەمدىن قۇتۇلدى.

كېمىچىلەرنىڭ تەمسىلىدە: «دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە بىر قولدا كېمىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك» دېيىلىدۇ. بوران - چاپقۇن كۆتۈرۈلگەندە كېمىدە بىر قولدا ئىشلەپ، يەنە بىر قولدا كېمىنى مەھكەم تۇتۇۋالمىغاندا، دولقۇن ئىچىدە ھالاك بولىدىغان گەپ. ئۆزى ئۈچۈن بوش ۋاقىت يارىتالايدىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنالايدىغان كىشىلەرلا ھاياتنىڭ بىپايان دېڭىزىدىن چوقۇم ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەيدۇ.

## ھامان بىر - ئىككى ئېغىز مەدھىيە سۆزى پۈتۈنلەي ساختا بولىدۇ

كىشىدە مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان كىشىلەرنىڭ

ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەت بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماختىنىشنى
ياخشى كۆرگەن ئادەم ساختىلىق زىندانىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. چۈن-
كى، ئۇلار ھەر كۈنى ئاڭلاۋاتقان مەدھىيە سۆزىدىن ھامان بىر - ئىككى
ئېغىزى پۈتۈنلەي ساختا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىشى ھەقىقەتنىكى
ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئاسانلا بىمەنە خىياللار ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. ھەرقان-
داق كىشى چوقۇم ئۆزىنى، مۇھىتنى ئېنىق تونۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
پىلان بىلەن، مۇقىم، ساغلام ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىگەندە مۇۋەپپەقىيەت
قازىنالايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ئىگىلىرىدە ئۆز - ئۆزىنى بىلىش پوزىتسىيە-
سى بولىدۇ. نۇرغۇن ئادەمنىڭ بىراۋنى تەنقىد قىلىشىنىڭ قىممىتىگە
بولغان مۆلچىرى ناھايىتى مۇۋاپىق بولسىمۇ، بىراق ئۇلار كۆزىنى شۆھ-
رەتپەرەسلىك توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئېنىق كۆرەل-
مەي، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ - دە، ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولىدۇ.
بۇنداق مەغلۇبىيەت پۈتۈنلەي شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ زەھىرىدىن بولىدۇ.
ھەرقانداق ئىشنىڭ توغرا - خاتاسىنى ئۆزىمىزنىڭ سەگەك كاللىسى بىلەن
مۆلچەرلىشىمىز، پەرق ئېتىشىمىز كېرەك. ئەگەر خەقنىڭ ساختا مەدھى-
يىسىگە گول بولۇپ قالساق ياكى كۆزىمىزنى شۆھرەتپەرەسلىك چىرمى-
ۋالسا، كاللىمىز قانداقمۇ سەگەك تۇرسۇن، توغرا - خاتاغا بولغان ھۆكۈ-
مىمىزمۇ توغرا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، مەيلى كىم بولسۇن، شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتسە،
ئەمەلىي ئىش قىلمىسا، ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ زەخىملىنى-
دۇ، روھى شۇنداق ساغلام بولسىمۇ نېرۋىسى ھامان نابۇت بولىدۇ.
ھەرقانداق شۆھرەتپەرەسلىك قىلمىشى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى پەقەت ۋاق-
تىنچە توسۇپ قالالايدۇ، ئاخىر كىشىلەر تەرىپىدىن ھامان ئېچىپ تاشلى-
نىدۇ. ئەكسىچە، مەيلى كىم بولسۇن سەممىي بولسا، ساختىپەزلىك
قىلمىسا، ئەمەلىيەتكە يۈزلەنسە، ۋاقتىنچە كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازا-
ۋەر بولالمىسىمۇ، لېكىن ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ۋە نام-
شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. تۇرمۇش سەپىرىدە ساقلانغۇسىز بوران-

چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، قىلچىلىك زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ.

## كىچىك يېزا ـ قىشلاقلار مەشھۇر كىشىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىش ئورنى

ھەممە ئادەم «چوڭ شەھەرلەر ئىختىساسلىقلار توپلىنىدىغان جاي» دەيدۇ. لېكىن، بىز چوڭ شەھەرلەردىكى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەخسلەر-نىڭ تارىخىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كىچىك يېزا ـ قىشلاق، كىچىك بازارلاردىن كەلگەن. ۋېنگېرت نيۇ ـ يوركتىكى 100 نەپەر ئاتاقلىق شەخس جەدۋىلىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ تارىخىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئۇلاردىن 90دىن كۆپرەكى يېزىدىن كەلگەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساغلام بەدىنى، جۇشقۇن روھى، ئالاھىدە ئىقتىدارى، تەمكىنلىكى، ئە-قىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ چوڭ شەھەرلەردە چوڭ بولغان كىشىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى چوڭ شەھەرلەردە ئومۇ-يۈزلۈك كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمدى لىنكولىن، ئېدىسونلارغا قاراپ باقايلى. ئۇلارنىڭ قايسىبىرى كىچىك يېزا ـ قىشلاق، كىچىك بازارلاردىن كەلمىگەن؟

بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، كىچىك يېزا ـ قىشلاق، كىچىك بازارلار ھەقىقەتەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ دۇنياغا كېلىش ئورنى، شۇنداقلا چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئاۋات بولۇشى كىچىك يېزا ـقىشلاق، كىچىك بازار-لاردىكى ياش، قاۋۇل ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھارماي ـ تالماي ئەمگەك قىلغانلى-قىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ!

## ھۇرۇنلۇقنىڭ جازاسى

ساغلام ئادەم 40 ياشتىن كېيىنمۇ كۆكۈلدىكىدەك تۇرمۇش كەچۇ-

رەلمىسە، بۇ ئۇنىڭ ھۇرۇنلىقىنىڭ جازاسى ئىكەنلىكىنى ھامان بىر كۈنى ئىسپاتلاشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ شۇ ئادەمنىڭ 40 ياشتىن بۇرۇن ھۇرۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك بىلەن ئۆزىنى نابۇت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

20 ياش ئەتراپىدىكى قىز - چوكانلار ئەگەر كېپىنەكنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئىشرەت سۇرۇشكە ھەۋەس قىلىپ، كېپىنەككە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئاخىرىدا كېپىنەككە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ئەر كىشى غوزا كېپىنىكى بىلەن رىقابەتلىشىشنى ئويلايدىكەن، ئۆزىمۇ غوزا كېپىنىكىنىڭ يولىدا مېڭىپ قالىدۇ.

## سىزدەك مۇنەۋۋەر ئادەم يوق

قانائەتسىزلىك ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە كۈچ - قۇدرەت تېپىشنىڭ ھەيدەكچىسى، بولۇپمۇ ئۇ ئالاھىدە نىشان بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەندە تېخىمۇ شۇنداق.

ياش ۋاقتىدا ئوڭايلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ ئۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ قېلىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. «10ياشتا سېھىرلىك بالا، 15 ياشتا تالانت ئىگىسى، 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قېلىش» دېگەن بۇ تەمسىل ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يوقسۇل كىشىلەر كۆپىنچە قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەيدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغانلار كۆپ ھاللاردا زاۋال تاپىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ مەنتىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن چۈشىنىۋالغىلى بولمامدۇ؟ ئارزۇسى بولمىغان كىشى بۇراق بېرىلمىگەن سائەتكە ئوخشىشىدۇ. سائەتنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا بۇراق بېرىش كېرەك. بانت بالكىنىڭ ئانىسى بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا بۇراق بەرگەن: «سىزدەك مۇنەۋۋەر ئادەم يوق، لېكىن

سىز بىرەر ئىش قىلىپ بۇنى ئىسپاتلاپ بەرمىسىڭىز، سىزمۇ باشقىلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيسىز.»

توغرا نىشاننى كۆڭلىگە پۈكۈپ كۈرەش قىلمىغان كىشى ئويۇندىن خۇشال بولۇپ ئۆزىنى يوقاتقان بالىغا ئوخشىشىدۇ! ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ۋە دائىم ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ يۈرىدۇ.

## ھايات 40 ياشتىن باشلىنىدۇ

بەلكىم بەزىلەر مەندىن: «سىز كېسىپلا ھايات 40 ياشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ دەيسىز. ئەگەر بەزىلەر 40 ياشتىن بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسا، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟» دەپ سورىشى مۇمكىن.

شۇنداق دېگۈچىلەر ئەگەر قەستەن مەن بىلەن قېرىشماقچى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشىمنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ! ئۇنداق بولمىغاندا مەن بۇ ھەقتە ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.

مېنىڭ «ھايات 40 ياشتىن باشلىنىدۇ» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم «ئادەم 40 ياشتا قېرىيدۇ» دەيدىغان سەپسەتىگە زەربە بېرىپ، نۇرغۇن ئىستىقباللىق ياشلارنىڭ ئوتتۇرا ياشقا بارا - بارمايلا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئوتتۇرا ياشتىكىلەر ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ «گۈزەل تۇرمۇشى»غا ئاساس سېلىشى كېرەك. 40 ياشتىن ئاشقانلار 40 ياشتا ھاياتنىڭ يېرىمى ئۆتكەنلىكىنى بىلىشى، ئۆزىنى «مەن تېخى ياش» دەپ تونۇشى ۋە بۇ دەۋرنى قولدىن بەرمەي تىرىشىشى لازىم.

مېنىڭ «ھايات 40 ياشتىن باشلىنىدۇ» دېگەن گېپىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز. ئەگەر بەزىلەر 40 ياشتىن بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسا، ئەلۋەتتە تېخىمۇ ياخشى بولغىنى!

# سىز مۇھىتنىڭ خوجايىنى

غەلبىگە ئېرىشكەن كىشىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتىدە ئۆزىگە تەۋرەنمەس ئىشەنچ بولىدۇ، ئۇلار قىلچىلىك ئىككىلەنمەيدۇ، ھەرگىز گۇمان قىلمايدۇ. ئۇلاردا ھەرقانداق نەرسىنى بويسۇندۇردىغان، ئىجاد قىلىدىغان ئىشەنچ بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا بەرگەن تەسىرى، ئادەتتىن تاشقىرى، ئالاھىدە بولىدۇ. بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھقا، ئۇلۇغ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر ھاياتلىق جەڭگاھىدىكى مەغلۇبىيەتچىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەر گۇمانخور كېلىدۇ، بىر قەدەم يولنىمۇ كەسكىن ماڭالمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى، ھەرىكىتىدە قىلچىمۇ كۈرەش قىلىش، تېرىكىشىش روھى بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق كەسىپ تاپقان بولسىڭىز، بارلىق زېھنىي كۈچىڭىز، قابىلىيىتىڭىزنى شۇ كەسپىڭىزگە بېغىشلاڭ. باشقا ئىشلارنىڭ ئىشەنچىڭىزنى تەۋرىتىپ، دىققىتىڭىزنى چېچىپ، سىز تاللىغان خىزمەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويماڭ، مەيلى ئۇ كەسپىڭىز قانچىلىك قىيىن، قانچىلىك جاپالىق بولسۇن، ئۆزىڭىز تاللىغان ئىكەنسىز تەۋرەنمەڭ، قورقماڭ ھەمدە ئارقىڭىزغا يانماڭ. مەقسىتىڭىزنى يەنە ئۆزگەرتىپ يۈرمەڭ. بۇ، سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ مۇستەھكەم ياكى ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان ۋاقىت. مۇھىتنىڭ قاراڭغۇلۇقى، كېلەچىكىڭىزنىڭ پارلاق بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلماي ئىشەنچىڭىزگە تايىنىپ نىشانىڭىزغا قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىڭ، شۇندىلا كەسپىڭىزدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىز. كۆپلىگەن ياشلار: «مەن ئۆزۈمگە مۇتلەق ئىشىنىمەن، لېكىن كەينى - كەينىدىن كەلگەن قىيىنچىلىق، قورقۇنچلار مېنى تىز پۈكتۈرۈپ قويدى» دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس، بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز مۇھىتنىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى خوجايىنى، سىز مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر!

# ھورۇنلۇق كەيپىياتى ۋە ئىدىيىسى كىشىنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ

سەنئەتتە ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئادەم بەدىنىنىڭ تەبىئىي ھالىتى ئەڭ گۈزەل كۆرۈنۈشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پوزىتسىيىمىز ۋە تەقى - تۇرقىمىز ياخشى بولسۇن دېسەك، ھەرىكىتىمىز تەبىئىي بولۇشى كېرەك. يول يۈرگەندە ئىككى پاچىقىمىزنى بەك قاتتىق ياكى بەك بوش تۇتۇۋالماستىن، تەبىئىي تۇتۇشىمىز، ئالدى بىلەن تاپىنىمىز يەرگە دەسسىشى كېرەك. ئىككى بىلىكىمىزنىمۇ تەبىئىي سىلىشىمىز، قورۇنماسلىقىمىز ياكى جىددىيلەشمەسلىكىمىز كېرەك.

نۇرغۇن ئادەم ئولتۇرغاندا بېلىنى دۈمچەيتىپ ئولتۇرىدۇ، كۈن بويى ئورۇندۇق ياكى ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆرە تۇرغان ياكى يول يۈرگەندە، قانداقمۇ ياخشى قىياپەت ۋە پوزىتسىيىدە بولالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بوشاڭلىق قىياپىتى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. كەيپىيات ۋە ئىدىيىمۇ قىياپەتتىكى بوشاڭلىق تۈپەيلى بوشىشىپ كېتىدۇ. تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ ئاجايىپ، بىر بۆلۈك ئورۇن ساغلام بولمىسا، باشقا ئورۇندىكى كەيپىيات ۋە ئىدىيىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئوقۇغۇچىلار رۇس ئولتۇرمىسا، ئوبدان ئوقۇمىسا، خەتنىمۇ ياخشى يازمىسا، بىر ئوبدان ئىدىيە ۋە روھى تېنىگە ئوخشاش كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ.

كۆپلىگەن ئادەمدە يېتىپ تۇرۇپ كىتاب كۆرىدىغان ئادەت بار ياكى ياتقۇسى كەلسە يېتىۋالىدىغان ياكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندا پۇتىنى مىدگەشتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان يامان ئادەت بار. بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى روھقا چوڭقۇر تەسىر يەتكۈزىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىياپەتلەر ئۆپكىنىڭ نەپەس

ئېلىشى، قان ئايلىنىش ۋە يۈرەكنىڭ خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسى نورمالسىزلاشسا بەدەندە كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

گەۋدەڭلارنى چوقۇم رۇس تۇتۇشۇڭلار، پوزىتسىيەڭلار چوقۇم ساغلام بولۇشى، مەيلى قەيەردە، قانداق كىيىم كىيىڭلار گۈزەل قىياپىتىڭلارنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكىڭلار كېرەك. ئىنژېنېر ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۈسكۈنىنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىنى خالىمايدۇ. سىلەردىمۇ ئىنژېنېرلارنىڭ ئۈسكۈنىگە بولغان قارىشى بولۇشى، قان بىلەن روھتىن تۈزۈلگەن بۇ ئۈسكۈنىنى قەتئىي زەخىملەندۈرمەسلىكىڭلار كېرەك.

## بەش مىنۇت خېلى ئۇزاق ۋاقىت

زاۋۇت ياكى تۈرلۈك ئورگانلار توختىماي ئۈسكۈنىلەرنى ياخشىلاش ۋە كېڭەيتىش - تولۇقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەمدە ئائىلە بۇيۇملىرىنىڭ ياخشىلىنىشى سەۋەبلىك بىكار ۋاقىت يىلدىن - يىلغا كۆپەيمەكتە. ئەمگەك ۋاقتى قىسقارغانلىقتىن، يېزا - كەنت، ئائىلىلەردىكى ھەر خىل ئىشلار بۇرۇنقىغا قارىغاندا بالدۇر تۈگىمەكتە.

ئېشىندى ۋاقىت بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا قالدى. بۇ يامغۇر تامچىلىرىدەك ۋاقىتنى يىغىپ پايدىلانمىغاندا، ئۇلار ئىزسىز غايىب بولىدۇ.

دۇنيادا كۆپلىگەن ئادەم بوش ۋاقىتلارنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كېلىدىغان قىممىتىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار بۇ ۋاقىتلارنى خالىغانچە ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ.

قانداق قىلغاندا «بوش ۋاقىت»قا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. قانداق قىلغاندا ئېشىندى ۋاقىتنى بىراۋنىڭ ئىسراپ قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى بۇ بىر سىردۇر. بۇنىڭدا يوھان روسكىننى مىسال ئالىمىز. ئۇ خىزمەت قىلىدىغان ۋاقىتتا دوستلىرىنىڭ

ئۇنى ۋاقتىنچە ئۆلدى دەپ قارىشنى ئۈمىد قىلاتتى ئەمەسمۇ؟

«ۋاقىت ئالتۇندۇر» دەيدىغان گەپ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان ئوغرىلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. بۇلار خۇشخۇي، ياخشى ئادەملەر بولغان تەقدىردىمۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن ئۆزىنى قاچۇرغانغا ئوخشاش ئۇلاردىن نېرى تۇرۇش كېرەك.

ناپالېئون ۋاقىت ئوغرىلىرىغا ۋە ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغاندىن سىرت يەنە باشقىلارنىڭمۇ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىغان كىشىلەرگە دائىم: «ۋاقىتتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ» دەيتتى.

ئاسون پۇلسىبېر ئىشخانىسىغا بىر جازا ئېسىپ قويغان. جازىغا: «بەش مىنۇت ئۇزاق ۋاقىت» دەپ يېزىلغان. ئېتۋېر فۇلىستېر رەپتىسكە كېچىكىپ كەلگەن سەنئەتچىلەرگە: «سىز كېچىكىپ كەلدىڭىز. خەقنىڭ ئەۋلىيامۇ قايتۇرۇۋېلەلمەيدىغان ۋاقتىنى ئىسراپ قىلدىڭىز» دەيتتى.

جېملىبىرترا: «ھۇرۇنلار ماڭالايدىغان ئۆلۈكلەردۇر» دېگەن ئىدى.

## ھۇرۇنلۇق كېسەللىكىنى داۋالاش

روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسلىرى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر مەسىلىنى، يەنى كىشىلەرنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسىنى بايقىدى. شەيتان بىر بۆلۈك ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنى ياللىۋېلىپ، زاۋۇتىدا خىزمەتكە سالىدۇ. مائاش تۆۋەن، خىزمەت جاپالىق بولغانلىقتىن، ھېلىقى ئىشلەمچىلەر ناھايىتى روھسىز بولۇپ، ئۇلاردا بارا - بارا ھۇرۇنلۇق ئادىتى يېتىلىپ قالىدۇ.

ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ھۇرۇنلۇق پۇت - قولنىڭ چەبدەس بولمىغانلىقىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە خەتەرلىك. يەنە كېلىپ روھىي ھالەتتىكى ھۇرۇنلۇقنى داۋالاش پۇت - قولنىڭ چەبدەس ئەمەسلىكىنى

داۋالاشقا قارىغاندا تولىمۇ قىيىن، چۈنكى بىز ئۆزىمىز خالىمايدىغان،
ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشنى قىلغىنىمىزدا بەدىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رى شۇنداق بىئارام بولىدۇ، زېرىكىدۇ. ئەكسىچە، مەلۇم خىزمەتكە
ئىشتىياقىمىز، رايىمىز بولسا، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپلا
قالماستىن، روھىي، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ كۆپ ھۇزۇر ھېس
قىلىمىز.
ئۆزىگە ماس كەلمىگەن ئەمگەك تۈپەيلى روھىي، جىسمانىي جەھەت-
تىن مۇپتىلا بولغان كېسەللىك تېبابەتچىلىكتە ھورۇنلۇق كېسەللىكى
دېيىلىدۇ.
جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار بۇنداق بولۇپلا قالماي، ئەقلىي ئەم-
گەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ شۇنداق بولىدۇ. سىز بىرەر ئىشنى ئار-
زۇيىڭىز بويىچە خۇشاللىق بىلەن قىلسىڭىز چوقۇم ياخشى ئۈنۈمنى قولغا
كەلتۈرەلەيسىز. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدىكى نەتىجىسى،
سەنئەتتىكى ئىجادىيىتى، قۇرۇلۇشتىكى مۆجىزىسى، مېدىتسىنادىكى مۇ-
ۋەپپەقىيىتى قاتارلىقلار. ئەمما، بىراۋنىڭ ئەقلىي ئەمگىكى پاسسىپ،
مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولسا، ئىدىيىسى توغرا بولمىغان يۆنى-
لىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. دوختۇرلار بۇنى روھىي جەھەتتىكى
ھورۇنلۇق كېسەللىكى دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ھورۇنلۇق كېسەللىكىنى
چوقۇم داۋالاش لازىم.

## يۇرەكلىك، باتۇر بولۇڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردا ئولۇغۋار روھ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسى يۇرەكلىك ۋە باتۇر بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن «قورقۇش» نىڭ سايىسىمۇ
تېپىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدى-
غانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئۆزىنى خېلى قىممىتىم بار دەپ قارايدۇ.
ئۇلار ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولغاچقا،

باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە بارلىق نەرسىلەرگە قىلچىلىك ئىشەنچى بولمايدۇ، پەقەت باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە ئىش قىلالمايدۇ. ھازىرقى زاماندا رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن، ئادەمنىڭ تىرىشىپ ھالى قالمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مۇستەقىل قارىشى يوق ياشنىڭ پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك يەرگە ئېرىشەلىشى ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، بۇ دەۋردە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، باتۇر بولۇپلا قالماي، يەنە يۈرەكلىك ھالدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ياش دوستلار، ئەگەر سىلەردە ئازراقمۇ ئىشەنچ بولمىسا، ئۆزۈڭلارغا ئىشەنمىسەڭلار، خەتەرگە زادىلا تەۋەككۇل قىلالمىساڭلار، غەلىبىگە مۇتلەق ئېرىشەلمەيسىلەر.

## كىشىنى چۆچۈتىدىغان سەرپىيات

روھىي جەھەتتىكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق بۇ 5 مىلىيون مىنۇت ۋاقىتتا بىز نېمىلەرنى قىلالىدۇق؟

يا «خىزمەت» قىلمايمىز، «كۆڭۈل ئاچمايمىز» ياكى «ئۇخلىمايمىز» ۋەياكى «ئارام» ئالمايمىز. قىسقىسى، مېڭە نېرۋىمىز بايا ئويلىغان «ئويۇنىمىز»دىن ئېرىشكەن شادلىقتا مەست بولۇپ كېتىدۇ، ئويلىغانسېرى ئويلىغىمىز كېلىدۇ. قانائەت ۋە شادلىققا چۆمىمىز. شۇنداق قىلىپ بۇ ۋاقىتلار ئاشۇ جىمجىت ئەسلىمە بىلەن مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ! خۇددى قىزغىن مۇھەببەت قايىنمىغا غەرق بولغان بىر جۈپ قىز - يىگىت قۇچاقلىشىپ سۆيۈشكەندىن كېيىن شېرىن ئەسلىمىگە غەرق بولغاندەك.

قاتتىق ھەرىكەتتىن كېيىن، ئون نەچچە مىنۇت تۇرۇۋالىمىز؛ گۈزەل كۆرۈنۈش ئالدىدا بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالىمىز؛ كىنو كۆرۈپ قايتقاندىن كېيىن ئۇزاققىچە گەپ قىلالماي قالىمىز! ... مانا بۇ ۋاقىتلار مەن بايا

دېگەن «خىزمەتمۇ قىلمايدىغان، كۆڭۈلمۇ ئاچمايدىغان» جىمجىت ئەسلىمە ۋاقىتلىرى، شۇنداقلا روھىي جەھەتتىكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق ۋاقىتلار! 50 يىل ئىچىدە مانا مۇشۇنداق «ھېچ ئىش قىلمايدىغان» 5 مىليون مىنۇت ۋاقىتنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. بۇ، نەقەدەر كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئاجايىپ سەرپىيات - ھە!

# غايە كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ

كىشى ئۆزىنى چوقۇم يىراق كەلگۈسى نىشانغا بېغىشلىشى كېرەك. بۇ نىشان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى شەخسىي ئارزۇنى قاندۇرۇپلا قالماي، چوقۇم غايىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى لازىم.

غايىسىز پىلان سەممىيەتسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان پىلاندۇر.

نىشان بىراۋنىڭ ئويى ۋە خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەزىلەر نىشانغا يېتىش ئاسان ئەمەس دەپ ۋايىساشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ غايىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەم دائىم بارلىق شەيئىلەرنىڭ توغرا تەرىپى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، مەڭگۈلۈك قىممىتى ھەمدە ھاياتنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ، پىلان تۈزۈشنىڭ ئاساسى.

كۈچلۈك غايە ئاساسىدا تۈزۈلمىگەن پىلان ئادەتتىكى پىروگراممىلا بولۇپ قالىدۇ، خالاس. كۆپلىگەن پىلاننىڭ قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ.

غايىلىك پىلان تۈزگەندە كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، مەيلى قانداق بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىمايلى چوقۇم «ئاخىرىغا چىقىش» قىزغىنلىقى بولۇشى كېرەك.

پەقەت مۇشۇنداق پىلانلا كىشىنى ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈم ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

# مېڭە ھاياتلىق كۈچىنى كونترول قىلالامدۇ؟

مېڭە ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى كونترول قىلىپ، ئۇنىڭ سەرپىياتىنى قانۇنىيەتلىك قىلالامدۇ؟ نۇرغۇن ئادەم بۇ سوئالدىن گۇمانلىنىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىنى ئىككى جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ! بىر تەرەپتىن مېڭىنىڭ ئۆزى «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» ئىشلەپچىقىرالايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مېڭە «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» نى تېجەپ قالالايدۇ ۋە ئىقتىدارنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى توسۇپ قالىدۇ! روشەنكى، كۆپلىگەن دوختۇر ئىنسانلار مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە - تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا بۇ ئىككى خىل «مېخانىكلاشقان ئىقتىدار» نىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى.

نېمە ئۈچۈن مېڭە «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» ئىشلەپچىقىرالايدۇ دەيمىز؟ بىئولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەمنىڭ مېڭە قىسمى ئىچكى ئاجرالما ئاجرىتىش ئەزالىرىنىڭ فۇنكسىيىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» ئىشلەپچىقىرالايدىكەن؛ ئىچكى ئاجرالما ئاجرىتىشى ئىچكى غىدىقلىنىش بولغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ ئىچكى غىدىقلىنىش يەنە تاشقى غىدىقلىنىشنى مەنبە قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى بارلىق ھايۋانلارنىڭ مېڭىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئىنسانلار ئىچكى - تاشقى غىدىققا باشقا بارلىق ھايۋانلاردىن كۆپ سەزگۈر. دېمەك، ئىنسانلار «پۈتكۈل مۆجىزاتنىڭ پېشۋاسى» ، ئىنسانلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىمۇ باشقا بارلىق ھايۋانلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى.

مېڭىنىڭ «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» دىن پايدىلىنىشىنى «ئۈنۈملەشتۈرۈش» نىگە كەلسەك، بىز يەنىلا ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى ئارقىلىق بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى بىلەن باشقا ھايۋانلار مېڭىسىنىڭ پەرقى ئىنسان مېڭىسىنىڭ «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» نى تېجەپ قالالايدىغانلىقىدا. ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل غى-

دىقلارغا ئىنكاس قايتۇرغاندا سەرپ قىلغان «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن تولىمۇ تۆۋەن، تۆۋەن دەرىجىدىكى ھايۋانلار كۆپىنچە بۇرنىغا يېسە، ئىككىنچى قېتىم يەنە كېلىدۇ، ئىككىنچى قېتىممۇ تامغا ئۇسۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە نىيىتىدىن يانماي، ئۈچىنچى قېتىم كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ تا «شەك قالمىغانغا قەدەر» داۋاملاشتۇرۇش يولى بىلەن غىدىققا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئىسراپ قىلغان «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» نەقەدەر زور - ھە! بىراق، ئىنسانلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدە پائالىيەتتىن پايدىلىنىدۇ. بىز بۇ پائالىيەتنى «تەپەككۇر» ياكى «پىلان» ۋەياكى «تېئورىما» دەپ ئاتايمىز. بۇ خىل پائالىيەتتە ئازغىنا «ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى» ئارقىلىق ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلغىلى، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ!

## ئۇمۇ دەسلەپتە بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى ئادەم ئىدى

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى فرانكلىن پىيىرس ئادۋوكاتلىق قىلغان چاغلىرىدا ئاقلاشنى ئۈستىگە ئالغان بىرەر دېلودىمۇ ئۇتۇپ باقمىغان ئىدى! بىراق، بۇنىڭدىن چۈشكۈنلىشىپ قالمىغان. گەرچە ئارقا - ئارقىدىن بىرەر يۈز قېتىم، ھەتتا نەچچە مىڭ قېتىم مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىز مەيۈسلەنمىگەن. شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەت ئاخىر ئۇنىڭ بولغان.

دۇنياغا مەشھۇر ئىستراتېگىيە ئالىمى فىرماچ 19 يېشىدا ئەسكەرلىككە قاتنىشىدۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇن - تىنسىزلا ھەربىي سەپتىن چېكىنىدۇ. ئۇ 47 يىللىق ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق تەييارلىقتىن كېيىن، 66 ياشقا كىرگەندە، پرۇسسىيىنىڭ باش ھەربىي قوماندانى بولۇپ، ئۇرۇشتا ئاۋستىرىيىلىكلەرنى يېڭىپلا قالماي، ناپالېئوننىمۇ مەغلۇپ

قىلىپ، ياۋروپانىڭ خەرىتىسىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ.

ئېدىسون پەقەت ئۈچ ئايلىق مەكتەپ تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولغان، ئۇ بەك ئۇنتۇغاق بولغاچقا، نۇرغۇن ئادەم بۇ بالا تەربىيىلەشكە ئەرزىمەيدى-غان بالا ئىكەن» دەپ قارىغان. ئېدىسوننى ئانىسى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مەكتەپتىن قايتۇرۇۋېلىپ چىقىدۇ. لېكىن، ئائىلىدە بۇ بالىغا بولغان تەربى-يىنى توختىتىپ قويمايدۇ، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز تەجرىبى-خانىدىن چىقماي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئۇلۇغ كەشپىياتچى بولۇپ چىقىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرمىگەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇ مىسال بىزگە، ئۇلۇغلارنىڭ كۆپ قىسمى 40 ياشتىن بۇرۇن بىزگە ئوخشاش ئاددىي ئادەملەر، ھەتتا بىزگە يەتمەيدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، 40 ياشتىن كېيىن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۇنياغا مەشھۇر شەخسلەر بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟

## ۋاقىتنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىڭ

روفسشورت توققۇز يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئۆز كوچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. كېيىن ئۇ بىرىنچى قانۇنچى بولۇپ چىقى-دۇ. ئۇ ئادەتتە كىتاب ئوقۇش بىلەن سەيلە قىلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، مېڭىپ كېتىۋېتىپ كىتاب كۆرەتتى. مانا بۇ ئىككى ئىشنى تەڭ قىلىشنىڭ مىسالىدۇر.

كولىنىيا ئىنس بلانتون تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىغاندا 36 ياشقا كىرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

بۇ ئورۇق، قارا كۆزلۈك خانىم ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئۇ ئادەتتە بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنەتتى. ئوپېراتسىيىگە ئائىت قېلىن بىر كىتابنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، نەگە بارسا سومكىسىغا سېلىپ يۈرەتتى. يەر ئاستى تراموايىغا چىققان ياكى نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن سومكىسىدىن كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشنى يادىدىن چىقارمايتتى. نەتىجىدە ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزدى، كېيىن نيۇ - يورك تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

ئوھىئو شتاتىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشتە يا ئاپتوموبىلدا ئولتۇراتتى ياكى پىيادە ماڭاتتى. لېكىن، ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن كرېرانسدمار مەكتەپكە بارسا - كەلسە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كېلەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ۋىيامۇنت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئوقۇش پۇلى ۋە تۇرمۇش پۇلىنى تېپىش ئۈچۈن ھەر خىل خىزمەتلەرنى قىلدى. لېكىن، مەكتەپكە ياكى خىزمەتكە بارسۇن، يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كېلەتتى. 21 ياشقا كىرگەندە بوستوندا بىر باسمىخانا ئاچتى، ئۇنىڭغىمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كېلەتتى. كۈندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 — 14 كىلومېتىر يۈگۈرەتتى. يولدا كۆرگەن كىشىلەر بەزىدە ئۇنى توۋلاپ توختىتىپ، ئۇنىڭغا ئاپتوموبىل كىراسى بېرەيلى دېيىشەتتى. ئۇ 20 يىلنى بىر كۈندەك يۈگۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر ئەڭ ياخشى مارافونچە يۈگۈرۈش ماھىرى بولۇپ چىقتى. يەتتە قېتىم مارافونچە يۈگۈرۈش چېمپىيونى بولدى. ئۇ 50 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا ناھايىتى تېتىك، بىرىنچى ئىقتىدىكى تەنھەرىكەتچى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇش ۋە ئىشقا بېرىپ - كېلىشتە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

# تۇرمۇش قاپىيسى

## ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇڭ

ھارۋا رېمونتچىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ دائىم ناخشىچى بولۇش-نى ئارزۇ قىلىدىكەن، بىراق بەختكە قارشى ئاغزى يوغان ھەم توڭكاي ئىكەن. تۇنجى قېتىم ئاشكارا ناخشا ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئامالىنىڭ بارىچە يۇقىرى كالپۇكىنى تۆۋەنگە يۇمۇپ توڭكاي چىشىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپتۇ. بىراق، تولىمۇ كۈلكىلىك كۆ-رۈنۈپتۇ، دېمەك، ئۇ مەغلۇپ بولۇپتۇ.

لېكىن، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدا ناخشا تالان-تى بارلىقىنى ھېس قىپتۇ - دە، سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا: «مەن سىزنىڭ ئويۇنىڭىزنى كۆرگەندە، سىزنىڭ قانداقتۇر بىرنەرسىنى يوشۇ-رۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدىم، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ چىشىڭىزنى ياقتۇرمامسىز؟» دەپتۇ. قىزچاق بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خى-جىل بولۇپتۇ. ئۇ كىشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ توڭكاي چىش بولۇش جىنايەت ئەمەس، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يوشۇرى-سىز؟ ئاغزىڭىزنى يوغان ئېچىۋېرىڭ، ئۆزىڭىز قورۇنمىسىڭىزلا، تاماشى-بىنلار سىزنى ياقتۇرىدۇ، ھەتتا بۇ چىشىڭىز سىزگە ئامەت ئېلىپ كېلەمدۇ تېخى!» دەپتۇ.

كارىس داري بۇ كىشىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، توڭكاي چىشى-نى يادىغا كەلتۈرمەپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خىيالىغا تاماشىبىنلار

كېلىدىغان بولۇپتۇ. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشا ئېيتىپتۇ ۋە ئاخىر ئەڭ مۇنەۋۋەر ناخشا چولپىنى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى ئاتايىن دوراپ بېقىپتۇ!

بىز ھەممىمىزدە بۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدار بار. شۇڭلاشقا، ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ خەققە يەتمەيمەن، دەپ ئەندىشە قىلماسلىقىمىز كېرەك. سىز بۇ دۇنيادا ئۆزىڭىزگە خاس بىرلا ئادەم، سىزگە ئوپ - ئوخشاش ئادەم ئىلگىرىمۇ بولۇپ باقمىغان، كېيىنمۇ بولمايدۇ. ئىرسىيەت ئالىملىرى، ئادەم 48 دانە بويالغۇچى تەنچىنىڭ بىرىكىشىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭ 24 دانىسى ئاتا تەرەپتىن، 24 دانىسى ئانا تەرەپتىن كەلگەن، دەيدۇ. ھەربىر بويالغۇچى تەنچىدە بىرنەچچە يۈز دانە ئىرسىيەت گېنى بولىدۇ. ھەربىر گېن سىزنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. دېمەك، بىز «ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، ئاجايىپ بىر بىرىكمە» دىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيادا پەقەت بىردىنبىر ئىكەنلىكىڭىزدىن خۇرسەن بولۇشىڭىز، ئۆز تالانتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز كېرەك. تەجرىبە، مۇھىت ۋە ئىرسىيەت سىزنىڭ چىرايىڭىزنى شەكىللەندۈرگەن. بېغىڭىز ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇنى سىز ئۆزىڭىز كۆكەرتىسىز، ھاياتلىق كۈيىڭىزنى ئۆزىڭىز ياڭرىتىسىز.

ئېمىرسون «ئۆزىگە تەمەننا قويۇش» دېگەن نەسرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ھەربىر كىشى تەربىيىلىنىش جەريانىدا ھەسەت قىلىش ئەخمەقلىق، تۇر، خەقنى دوراش ئۆزىنى نابۇت قىلغانلىق؛ ھەربىر كىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئۆزىگە تەۋە ئىش؛ كائىناتتا ياخشى نەرسىلەر ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ، تىرىشمىسا ھېچقايسىسىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ؛ ئىچكى كۈچىنىڭ تەڭدىشى بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي قىلىپ كۆرمىسە، ئۆزىنىڭ زادى نېمە قىلالايدىغانلىقىنى بىلمىگەنگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.»

يۇقىرىقىلار ئېمىرسون دېگەن گەپلەر. دوكلاس مىلىخمۇ بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئىپادىلىگەن:

ئەگەر سىز تاغ چوققىسىدىكى ئېگىز قارىغاي بولالمىسىڭىز، جىلغىدىكى كىچىك دەرەخ بولۇڭ — لېكىن ئېرىق بويىدىكى ئەڭ ياخشى كىچىك دەرەخ بولغايسىز.

ئەگەر سىز چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بولالمىسىڭىز، بىر تۈپ كىچىك چاتقال بولۇڭ.

بىر تۈپ كىچىك چاتقال بولالمىسىڭىز، بىر پارچە چىملىق بولۇڭ.

ئەگەر سىز بىر دانە ئىپار كېيىك بولالمىسىڭىز، كىچىك قۇيرۇقلۇق ئوكۇن بېلىقى بولۇڭ، ئەمما كۆلدىكى ئەڭ تېتىك ئوكۇن بېلىقى بولۇڭ.

بىز ھەممىمىزنىڭ كاپىتان بولۇۋېلىشىمىزنىڭ يولى يوق، ماتروس بولۇشىمۇ چوقۇم ئادەم بولۇشى كېرەك.

بۇ يەردە بىز قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار، چوڭ ئىشلارمۇ، كىچىك ئىشلارمۇ بار، لېكىن ئەڭ مۇھىمى يېنىمىزدىكى ئىشتۇر.

ئەگەر سىز داغدام يول بولالمىسىڭىز، چىغىر يول بولۇڭ.

ئەگەر سىز قۇياش بولالمىسىڭىز، يۇلتۇز بولۇڭ.

غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان نەرسە سىزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىڭىز ئەمەس، بەلكى ئەڭ ياخشى «مەن» بولۇش - بولماسلىقىڭىز.

## تۇرمۇش تېخنىكىسى — ياشاش ئىقتىدارى

سۆيۈملۈك دوستۇم، دىققەت قىلغايسىز: فرانسۇزلار «تۇرمۇش تېخنىكىسى» نى بىلىدۇ دېيىشىم، ئۇلارنىڭ «تۇرمۇش سەنئىتى» نى بىلىدۇ دېگەنلىكىم ئەمەس. «تېخنىكا» بىلەن «سەنئەت» ئوخشاشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، «كەسىپ» بىلەن «تۇرمۇش» ئوخشاشمىغىنىدەك، ئۇلارمۇ ئوخشاشمايدۇ.

«تۇرمۇش تېخنىكىسى» نى بىلگەن كىشى، «تۇرمۇش سەنئىتى» نى

بىلىشى ناتايىن. «تۇرمۇش تېخنىكىسى» دېگىنىمىز «كەسپىي تېخنىكا» دېگەنلىكتۇر، — سىزنىڭ «ياشاش ئىقتىدارىڭىز» بارمۇ؟ ئەگەر سىز «بار» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇ سىزنىڭ «ياشاش ئىقتىدارىڭىز» ھەمدە «تۇرمۇش تېخنىكىڭىز» بولىدۇ. چۈنكى، سىزدە بۇنداق «تېخنىكا» بولمىسا «تۇرمۇش» كەچۈرەلمەيسىز!

«تامچى» ياكى «تىككۈچى»نىڭ «ياشاش قابىلىيىتى» تام ئېتىش ياكى كىيىم تىكىشتۇر، تام ئېتىدىغان، كىيىم تىكىدىغانلار «تۇرمۇش تېخنىكىسى»نى ئىگىلىگەن بولىدۇ، ئەمما ئادەتتىكى تامچىنىڭ ئىشى تولىمۇ جاپالىق، ئادەتتىكى تىككۈچىنىڭ كىرىمى بەك تۆۋەن! لېكىن، «تېخنىكىسى» يۇقىرى كىشى تەرەققىي قىلىپ ئۆزى «قۇرۇلۇش شىركىتى» ياكى «كىيىم تىكىش شىركىتى» قۇرۇپ چىقالايدۇ، ئۇنداقتا ئۇلار يەنە «جاپا» چەكمەيدۇ، بەلكى ماددىي «ھالاۋەت»تىن ئىمكانقەدەر تەسەللى تاپىدۇ! بۇنى قولدا تۇتقىلى، كۆزدە كۆرگىلى، قۇلاقتا ئاڭلىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى «سېزىم جەھەتتىكى پاراغەتپەرەسلىك» دەپ ئاتايمىز. بۇ، ھازىر مودا بولغان، يەنى پارىژلىقلار «بەھرىمەن بولۇۋاتقان» نەرسىدۇر!

پارىژلىقلار پۈتۈن كۈچى بىلەن «ئۆزىنىڭ ياشاش ئىقتىدارى»نى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ ۋە «تۇرمۇش تېخنىكىسى»نى قانداق قىلغاندا «ھالاۋەت» سۈرۈش پرىنسىپىغا ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ، شۇڭلاشقا پارىژ شەھىرىگە خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ «پاراغەت» سۈرگۈچىلەر توشۇپ كەتكەن.

## مۇزىكىنى قالغان ئۈچ تارىدا ئورۇنداش

ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىكى ئاچچىق لىمون مېۋىسىنى تاتلىق لىمون سۈيىگە ئالماشتۇرالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ قاتتىق مەيۇسلەنسەك — بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن يەنە سىناپ كۆرۈشىمىز كېرەكلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىككى سەۋەب بار — بۇ ئىككى سەۋەب بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم نەتىجە قازىنالايدىغانلىقىمىز، قىلچە زىيان تارتمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ!

بىرىنچى سەۋەب: مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئىككىنچى سەۋەب: ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىساقمۇ، ئۇ بىز ئۈچۈن مەنپىي سانىنى مۇسبەت سانغا ئايلاندۇرۇشتىكى تىرىشچانلىق بولىدۇ، بىزنى ئارقىمىزغا قارىماي، ئالدىمىزغا قاراشقا ئۈندەيدۇ، بۇ خىل تىرىشچانلىق ئارقىلىق پاسسىپ ئىدىيىنى ئاكتىپ ئىدىيىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇ خىل تىرىشچانلىق ئاكتىپ يوشۇرۇن كۈچ هاسىل قىلىپ، بىزنى جىددىي ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ، ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يۈرۈشىمىزگە قايتا پۇرسەت بەرمەيدۇ.

بىر قېتىم، دۇنياغا مەشھۇر ئىسكىرىپكىچى ئوۋرى بوۋل پارىژدا بىر مەيدان مۇزىكا يىغىلىشى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ مۇزىكا ئورۇنداۋاتقاندا تۇساتتىن ئىسكىرىپكىنىڭ A تارىسى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئوۋرى بوۋل قالغان ئۈچ تار ئارقىلىق مۇزىكىنى چېلىپ ئورۇنداۋېرىدۇ. «مانا بۇ تۇرمۇش، — دەيدۇ خارۋي ئېمېرسون فۇسدىك بىزگە، — ئەگەر سىزنىڭ A تارىڭىز ئۈزۈلۈپ كەتسە، قالغان ئۈچ تارىڭىز بىلەن مۇزىكىنى ئورۇنداڭ.»

بۇ، تۇرمۇش بولۇپلا قالماي، تۇرمۇشتىنمۇ قىممەتلىك — بۇ، هاياتلىقتىكى بىر قېتىملىق غەلىبە.

ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەن ۋىلىيام بورسۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى مىس تاختىغا ئويۇپ، ھەربىر مەكتەپكە ئېسىپ قويغان بولاتتىم:

«هاياتلىقتىكى ئەڭ مۇهىم ئىش، كىرىمىڭىزنى مەبلەغ هېسابلاپ يۈرمەسلىكىڭىز كېرەك. ئەخمەق كىشىلا شۇنداق قىلىدۇ، لېكىن ھەقىقىي مۇهىم بولغىنى زىيان ئىچىدىن پايدىغا ئېرىشىشتۇر، بۇنداق قىلىشقا

پاراسەت كېرەك. مانا بۇ، ئەقىللىق كىشى بىلەن ئەخمەق كىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر.

## ساغلام، خۇشال روھىي ھالەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ

ئەگەر بىزدە خۇشال ئىدىيە بولسا خۇشال تۇرىمىز، چۈشكۈن ئىدىيە بولسا چۈشكۈن تۇرىمىز، قورقۇش ئىدىيىسى بولسا، قورقۇپ تۇرىمىز، ناساغلام ئىدىيە بولسا، كېسەل بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، مەغلۇبىيەتنى ئويلايدىكەنمىز، مەغلۇپ بولىمىز. ئەگەر بىچارىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولساق ھەممە كىشى بىزدىن قاچىدۇ.

ھاياتىمىزدا تەخمىنەن 90٪ ئىشىمىز توغرا، 10٪ ئىشىمىز خاتا بولىدۇ. ئەگەر بىز خۇشاللىقنى ئارزۇ قىلساق، قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشىمىز — پۈتكۈل زېھنىمىزنى ئاشۇ 10٪ خاتالىقىمىزغا مەركەزلەشتۈرۈش بولماستىن، بەلكى 90٪ توغرا ئىشىمىزغا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز غەم - ئەندىشە، ھەسرەت-نادامەتتىن خالىي بولماي، ئاشقازان ياللۇغىغا گىرىپتار بولاي دېسەك، قىلىدىغان بارلىق ئىشىمىز — پۈتكۈل زېھنىمىزنى ئاشۇ پارلاق 90٪ ئىشىمىزغا ئەمەس، بەلكى 10٪ خاتا ئىشىمىزغا مەركەزلەشتۈرسەكلا كۇپايە.

ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە ئۆزىڭىزگە گەپ قىلىپ تۇرسىڭىز، ئۆزىڭىزنى باتۇرلۇق ھەم خۇشاللىققا، كۈچ - قۇۋۋەتلىك ۋە سالماق بولۇشقا يېتەكلىيەلەيسىز. سىز ئۆزىڭىزگە مىننەتدار بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سۆزلەپ تۇرسىڭىز قەلبىڭىز شادلىققا تولىدۇ.

خۇشاللىق ئىشىك تۈۋىمىزدىكى چاغدا ئۆتۈپ كەتمىگۈچە ئۇنى تونۇيالمايمىز.

كىچىك ئىش چوڭىيىپ كەتمىسۇن. كىچىككىنە بىرنەرسە — ھاياتىڭىزدىكى كىچىككىنە بىر چۈمۈلە — خۇشاللىقىڭىزنى ۋەيران قىلمىسۇن.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇشاللىق سىزنىڭ كىملىكىڭىز ياكى سىزدە نېمە بارلىقىنى شەرت قىلمايدۇ، ئۇنىڭ شەرت قىلىدىغىنى سىزنىڭ نېمىنى ئويلىشىڭىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كۈن باشلىنىش بىلەنلا سىزنى مىننەتدار قىلالايدىغان بارلىق ئىشلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈۋېلىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز ئاساسەن سىزنىڭ بۈگۈنكى ئىددىيىڭىزگە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈمىد، ئىشەنچ، مۇھەببەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئويلاپ قويۇڭ.

سىزنى خۇشال قىلىدىغان نەرسە سىزنىڭ كىملىكىڭىز، سىزدە نېمە بارلىقى ياكى سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىز بولماستىن، بەلكى سىزنىڭ شۇلارغا بولغان ئارزۇيىڭىز. مەسىلەن، ئالايلۇق، ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ئوخشاش، قىلىدىغان ئىشى ئوخشاش، پۇل - پۇچەك، نام - ئابرۇيى ئوخشاش. ئەمما، ئۇلاردىن بىرسى شۇنداق چۈشكۈن، يەنە بىرسى شۇنداق خۇشال، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى پىسخىك ھالەتنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا.

بىلىشىڭىز كېرەككى، قەتئىي نىيەتكە كەلسىڭىزلا چوقۇم خۇشال بولالايسىز — خۇشاللىققا بولغان ئارزۇيىڭىزنى قەتئىي بوشاشتۇرماڭ — شۇنداق قىلغىنىڭىزدا خۇشال يۈرەلەيسىز. خۇشاللىق سىزنىڭ مال - مۈلكىڭىز ياكى نەتىجىڭىزگە باغلىق بولماستىن، بەلكى سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىزگە باغلىق. بۇنىڭدا:

بىرىنچىدىن، ئۆزىڭىزگە خاس، مۇستەھكەم ھاياتلىق پەلسەپىسىنى ئىگىلەڭ. خەقنىڭ گەپ - سۆز، ھەرىكىتى سىزگە ئارتۇقچە تەسىر يەتكۈزمىسۇن، ئېتىقادىڭىزنى تەۋرىتىپ قويمىسۇن.

ئىككىنچىدىن، سىزنى غەم باسقان چاغدا مەلۇم بىر ياخشى كۈننى تاللاپ، ھاۋالىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئۇ يەردىكى گۈزەللىكتىن زوق

ئېلىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىز، غەمدىن شۇئان خالاس بولىسىز، مۇشۇ بىغەملىك سىزنىڭ بىر كۈنىڭىز، بىر ھەپتىڭىز، بىر ئېيىڭىز ياكى پۈتكۈل ھاياتىڭىزنىڭ غەمسىز ئۆتۈشىنى بەلگىلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، ياخشى يېزىلغان بىرەر پارچە شېئىرنى ئوقۇپ كۆرۈڭ، يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلاڭ.

تۆتىنچىدىن، (بۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك، تەسىر كۈچى بار ئۇسۇلدۇر) خەقلەرگە ساۋابلىق ئىش قىلىپ بېرىڭ.

بەشىنچىدىن، ئەگەر سىز ئايال كىشى بولسىڭىز، ئۆيىڭىز رەتلىك ھەم پاكىز، كۆركەم تۇرسۇن.

ئالتىنچىدىن، ئىمكانقەدەر ساغلام بولۇڭ. تۇرلۇك رېماتىزم، بوغۇم ياللۇغى، نېرۋا ياللۇغى، يۇقىرى قان بېسىمى ۋە باشقا ئاستا خاراكتېرلىككە ئۆزگىرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە قەتئىي سەل قارىماڭ. ئەگەر كېسەللىك بىلەن كارىڭىز بولمىسا، ئۆزىڭىزگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمىگەن بولۇپ قالىسىز.

يەتتىنچىدىن، ئۆزىڭىزدە بىر خىل ھەۋەس يېتىلدۈرۈڭ، ئۇ سىزنى قاتتىق قىزىقتۇرىدىغان ئىش بولسۇن.

بۇ دۇنيادا سىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىڭىزنىڭ بىرى خۇشاللىق. ساغلاملىق زور ئامىل بولغىنى بىلەن، خۇشاللىق نورمال ساغلاملىق، پۇل - پۇچەك، نام - ئاتاقنى شەرت قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى، يەنى سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، ئېرىشكىنىڭىزدىن مىننەتدار بولۇڭ. دائىم ئۆزىڭىزنى خاپا قىلىدىغان ئىشلاردىن ئاغرىنىپ يۈرمەي، مىننەتدار بولۇشقا تېگىشلىك چوڭ ئىشلارنى ئەسلەپ تۇرۇڭ.

چېھرىڭىزدە قىلچىلىك ساختا بولمىغان، سەمىمىي كۈلكە جىلۋە قىلسۇن؛ گەۋدىڭىزنى رۇسلاپ بەھۇزۇر، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بىردەم ناخشا ئېيتىڭ، ناخشا ئېيتالمىسىڭىز، ئىسقىرتىڭ، ئىسقىرتالمىسىڭىز غىڭشىپ ناخشا ئېيتسىڭىزمۇ بولىدۇ. روھىڭىز ئۇر-

غۇۋالىقان مۇشۇنداق چاغدا ۋۇجۇدىمىزدا يەنە قايغۇ - ھەسرەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بىزنى بەختسىزلىك چىرمىۋالغاندا، ئەگەر جىددىيلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز دەيدىكەنمىز، خۇشاللىقنى ئېسىمىزدە ساقلىساقلا كۇپايە. كېلەر قېتىم تەقدىرىمىزدىن نارازى بولغاندا، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشنىڭ تېخىمۇ ناچار بولۇپ كەتمىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشىمىز كېرەك.

كېلەر قېتىم تەشۋىش تۇمانلىرى ئۈستىمىزدە ئەگىپ يۈرگەندە، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى كۆز ئالدىمىزدىكى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن دەپ قارىغانلىقىمىزدا. ئەگەر مۇشۇ قاراشنى يوقىتالىساق غەم - غۇسسىدىن خالاس بولالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېسىمىزدە بولسۇنكى، خۇشاللىق خۇددى ئايلىنىپ تۇرىدىغان ماياك نۇرىغا ئوخشاش گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ دائىم يورۇپ تۇرسا، سىز ئۇنى ھېس قىلالمايسىز.

نەپرەت باشقا ھەرقانداق ئىش، مەسىلەن جاپالىق خىزمەت، كېسەللىك ياكى نورمال ئەندىشە قاتارلىقلارغا قارىغاندا ئادەمنىڭ زېھنىنى تېخىمۇ خورىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلبىمىزدە نەپرەت ئۇچقۇنى پەيدا بولغاندا، ئۇنى ۋاقىتنىچە خىيالىمىزغا كەلتۈرمەي، خۇشاللىققا ئورۇن ھازىرلاپ بېرىپ، تەڭرى ئاتا قىلغان قىممەتلىك زېھنىمىزنى تېجەپ، مەنىلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

## ئۆزۈڭىزدىن باشقا ھېچكىم سىزگە خاتىرجەملىك بەخش ئېتەلمەيدۇ

مەن چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، كۆڭلىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە تۇرمۇشتىن ئېرىشكەن خۇشاللىقىمىز بىزنىڭ قەيەردىلىكىمىز، بىزدە نېمە بارلىقى ياكى بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزگە باغلىق بولماستىن، بەلكى

بىزنىڭ قەلب مۇھىتىمىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە باغلىق. تاشقى شارائىتنىڭ كارايىتى چاغلىق.

300 يىل ئىلگىرى، مىلتونمۇ ئەما بولۇپ قالغاندىن كېيىن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىختىرا قىلغان: «ئىدىيىنىڭ تەتبىق قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى دوزاخنى جەننەتكە، جەننەتنى دوزاخقا ئايلاندۇرالايدۇ».

ناپالېئون بىلەن ھايلۇن كەيلېر مىلتون ئېيتقان بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى: ناپالېئوندا ئادەتتىكى ئادەملەر قوغلىشىدىغان بارلىق نەرسە — شۆھرەت، ھوقۇق، بايلىق — بار. لېكىن، ئۇ ساينت لېئانناغا: «بۇ ئۆمرۈمدە ماڭا بىرەر كۈنمۇ خۇشاللىق بولمىدى» دېگەن ئىكەن؛ ئەمما، ھايلۇن كەيلېر ئەما، گاچا ھەم گاس بولسىمۇ، ئەكسىچە «مەن ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېگەن.

ئەگەر بىرسى مەندىن يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىڭدا نېمىنى ئۆگەندىڭ دەپ سورىسا، جاۋابىم: «ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم ساڭا خاتىرجەملىك بەخش ئېتەلمەيدىكەن» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

## بىز — ئەتىدىكى ئەۋلىيا

خېرىبادنىڭ تۆۋەندىكى دانا تەكلىپىنى تەپسىلىي ئوقۇپ كۆرگەيسىز:

سىز ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا، ئۆزىڭىزنى تۈزەشتۈرۈپ، بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈڭ، تولۇق نەپەس ئېلىڭ؛ قۇياش نۇرى ئاستىدا غىزالىنىڭ؛ دوستىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈلۈمسىرەڭ، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقماڭ، رەقىبىڭىزنى ھەرگىز يادىڭىزغا كەلتۈرمەڭ. كۆڭلىڭىزدە نېمىنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈڭ؛ ئاندىن نىشانىنى ئۆزگەرتمەي، كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ئۇدۇل ئىلگىرىلەڭ. دىققىتىڭىزنى ئۆزىڭىز ياقتۇرغان ئۇلۇغ ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈڭ، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مارجان قۇرتى دولقۇن ئارا ئوزۇپ يۈرۈپ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرگە

ئېرىشكىنىگە ئوخشاش، ئارزۇيىڭىزنى قاندۇرۇشقا زۆرۈر بولغان پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتالىلىقىڭىزنى ئىختىيارسىز ھېس قىلىپ قالىسىز. كۆڭلىڭىزدە ئىقتىدارلىق، سەممىي ۋە كېرەكلىك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىكەنسىز، سىزدىكى ئىدىيە سىزنى ھەر ۋاقىت ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ ۋە سىزنى شۇ خىلدىكى ئادەم قىلىپ چىقىدۇ... ئىدىيە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، سىزدە توغرا روھىي ھالەت — باتۇر، سەممىي ۋە خۇشال ھالەت بولۇشى كېرەك. ئىدىيە بولسا ئىجادىيەت، ھەممە ئىش ئارزۇدىن بارلىققا كېلىدۇ، قىسقىسى، چىن دىلىڭىزدىن تىلىسىڭىز ھامان ئارزۇيىڭىزغا يېتىسىز. كۆڭلىمىزدە نېمىنى كۆزلىسەك، شۇ بولۇپ چىقىمىز. چىرايىڭىزنى ئېچىڭ، بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈڭ، بىز — ئەتىدىكى ئەۋلىيا.

## «خۇشاللىق دوختۇرى» نىڭ ھەقسىز مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇڭ

«كرېفور ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى جونادىن سۋىفورت ئەنگلىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تەركىيدۇنيا تەرەپدارىدۇر. ئۇ ھەر قېتىم تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەندە قارا كىيىم كىيىپ، گۆشسىز تاماق يېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىگە ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا خۇشال-خۇراملىقنىڭ سالامەتلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ زور كۈچ ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ: «دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دوختۇر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، خاتىرجەملىك ۋە خۇشخۇيلۇق» دېگەن ئىدى.

بىز ئۆزىمىزدە بار بولغان قىممەتلىك بايلىقنى كۆرگەندە — بۇ بايلىق ھېكايىدىكى ئېلى باباننىڭكىدىنمۇ كۆپ — ھەممىمىز بۇ «خۇشاللىق دوختۇرى» نىڭ ھەقسىز مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىمىز مۇمكىن. سىز بىرەر مىليارد دوللار بايلىق ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ كۆزىنى، پۇت - قولىڭىزنى، ئاڭلاش سېزىمىڭىزنى، بالىلىرىڭىزنى ياكى ئائىلە كىشىلە-

ـرىڭىزنى سېتىۋېتەلەمسىز؟ سىزدە بار بولغان بايلىقنى ھېسابلاپ كۆرگە-
نىڭىزدە شۇنى بايقايسىزكى، روكفېللېر، فورت ۋە مورگىنلار ئۆزلىرد-
نىڭ جىمىكى مال - دۇنياسىنى يىغقان تەقدىردىمۇ، سىزدە بار بولغان
نەرسىنى سېتىۋالالمايدۇ.
لېكىن، بىز ئۆمرىمىزدە مۇشۇ نەرسىلەردىن مىننەتدار بولۇپ باققاد-
مۇ؟ ياق. خۇددى شوپېنۋارد ئېيتقاندەك: «بىز دائىم ئۆزىمىزدە يوق
نەرسىلەرنى ئويلايمىزيۇ، ئەمما ئۆزىمىزدە بار بولغان نەرسىلەرنى ناھايىتى
ئاز خىيالىمىزغا كەلتۈرىمىز.» مانا بۇ، كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ زور
بەختسىزلىك.

# ھاياتلىق لەززىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇڭ

لىنكولىن بىر قېتىم «كۆپ ساندىكى ئادەمنىڭ خۇشاللىقى ئۇلارنىڭ
ئىرادە قىلغىنىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ توغرا ئېيتقان.
يېقىندا مەن بۇ ھەقىقەتنىڭ تەسىرلىك بىر مىسالىنى كۆردۈم. بىر قېتىم
مەن نيۇ - يوركنىڭ ئۇزۇن ئارال ئاپتوموبىل بېكىتىدە پەلەمپەيدىن
چىقىۋاتقىنىمدا، 30 — 40 نەپەر مېيىپ بالا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار
ھاسىلىرىغا تايىنىپ پەلەمپەيدىن ئاران چىقىۋاتاتتى، ھەتتا بىر ئوغۇل
بالىنى پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈپ چىقمىسا بولمايتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ شادد-
يانە كۈلكىسى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن ئۇلارنىڭ باشقۇرغۇچىسىغا
بۇ ئەھۋالنى ئېيتتىم، «شۇنداق، — دېدى ئۇ، — بالىلار ئۆزىنىڭ
ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىنىدە، دەسلەپ قاتتىق تەش-
ۋىشلىنىدۇ، كېيىن تەقدىرىگە تەن بېرىپ، ساغلام بالىلاردىنمۇ بەكرەك
خۇشال يۈرىدۇ.»
مېنىڭ قالپىقىمنى بېشىمدىن ئېلىپ، ئۇلارغا سالام بەرگۈم كېپكەت-
تى. ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ ئىلھامى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقماسلىقىنى
ئارزۇ قىلىمەن.

## تۇرمۇشىڭىز تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولسۇن

بۇ دۇنيادا، سىزنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنىڭىز «ھاياتلىق» دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىنىڭ ئىدىتقى تۇپەيلى پۇرسەتلەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىنلا ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، نېمىشقا پىلان تۈزۈپ، تۇرمۇشىڭىزنى ئىمكانقەدەر خۇشال، باياشات ئۆتكۈزمەيسىز؟

بۇ دۇنيا قىلىشقا تېگىشلىك قىزىقارلىق ئىشلار بىلەن تولغان. كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ دۇنيادا زېرىكىشلىك تۇرمۇش كەچۈرمەڭ.

## ساۋابلىق ئىشنىڭ ئەھمىيىتى

پۇرسەت بولسىلا ساۋابلىق ئىش قىلىڭ، بىر كۈن ئاخىرلاشقاندا، ساۋابلىق ئىشلارنى يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭ سىزگە قانداق ئەھمىيىتى بارلىقىغا قاراپ بېقىڭ. سىز بىرەر ساۋابلىق ئىشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى چۈشەنمەيسىز، ئەمما ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇ مەلۇم بىرسىگە سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئەكسىچە، بىراۋمۇ سىزنى بۇ ئىش ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدە ياخشى كۆرىدۇ، ئەلۋەتتە.

## خەقنىڭ مىننەتدار بولۇشىنى ئۈمىد قىلماڭ

بىراۋغا بولغان مىننەتدارلىقنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قېلىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى، شۇڭا ئازغىنا ياخشىلىق قىلىپلا، بىراۋنىڭ مىننەتدار بولۇشىنى ئارزۇ قىلساق چوقۇم كۆڭلىمىزنى ئاغرىتىۋالىمىز. كۆڭلىمىز خۇش

بولسۇن دېسەك، بىراۋنىڭ مىننەتدار بولۇش - بولماسلىقىنى ئويلاشماي، ياخشىلىق قىلالىدىم دەپ خۇش بولۇشىمىز زۆرۈر.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ مىننەتدار بولۇشىنى بىلمىگەنلىكىدىن قايغۇرۇپ كەلدى.

ھەتتا شېكسپىرنىڭ ئەسىرىدىكى رىدلى خانىمۇ: «ۋاپاسىز بالىنىڭ تىلى زەھەرلىك يىلاننىڭكىدىنمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ» دەپ زارلانغان.

لېكىن، بالىلارغا بىز ئۆگەتمىسەك، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزدىن مىننەتدار بولغۇدەك. ياخشىلىقنى ئۇنتۇش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى، بىراق ۋاپادارلىق بىر تۈپ ئەتىرگۈلگە ئوخشىشىدۇ، ئۇنى ئوغۇتلاپ، سۇغىرىپ، ئاسراپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ۋاپاسىز بولۇپ قالسا، بۇنى كىمدىن كۆرۈشىمىز كېرەك؟ ئېھتىمال بۇنى ئۆزىمىزدىن كۆرۈشكە توغرا كېلەر. بالىلىرىمىزغا، بىراۋغا قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئەزەلدىن ئۆگىتىپ باقماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىزدىن مىننەتدار بولۇشىنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلالايمىز؟

## ئەندىشىگە «بۇ يەردە توختاپ قال» دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈرۈڭ

ئەندىشە بىلەن كۈرەش قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

كۇتۇپخانا، تەجرىبىخانىدا تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن ئەندىشە تۈپەيلى روھىي جەھەتتىن ۋەيران بولىدىغانلار ناھايىتى ئاز، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇنداق «ھەۋەس»تىن ھوزۇرلىنىشقا ۋاقتى يوق.

ئەندىشىسى بار ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل زېھنىنى خىزمەتكە بېغىشلىشى، دائىم ئالدىراش يۈرۈشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جېنىنى قىينايدۇ.

ئەگەر بىز تۇرمۇشىمىز ئارقىلىق ئەندىشىگە بەدەل تۆلىسەك، تۆلىگەن بەدىلىمىز بەك كۆپ بولسا، تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بولىمىز.

ئەندىشە ئايال كىشىنى ۋاقىتسىز قېرىتىپ رەڭگى - رۇخسارىنى نابۇت قىلىدۇ. ئەندىشە بىزنىڭ چىرايىمىزنى سەتلەشتۇرۇپ، چىشلىرىمىزنى كىرىشتۇرۇپ، يۈزىمىزگە قورۇق سالىدۇ، دائىم غەمگە سېلىپ، چېچىمىزنى ئاقارتىۋېتىدۇ، ھەتتا چېچىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەندىشە يۈزىڭىزدە سەپكۈن، داغ ۋە دانىخورەكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇخلىيالمىغان بولسىڭىز غەمگە پېتىپ يېتىۋەرمەي، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئازراق ئىش قىلىڭ. كىشىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان نەرسە ئۇيقۇسىزلىق ئەمەس، بەلكى ئەندىشە.

ئەگەر سىزدە ئەندىشە قىلىش كېسەللىكى بولسا مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلىڭ:

1. ئۆزىڭىزدىن «يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئىش نېمە بولار» دەپ سوراڭ.

2. ئەگەر ئەلھۆكمىلىللا دېيىشىڭىزگە توغرا كەلگەن ئىش بولسا، ئەلھۆكمىلىللا دەڭ.

3. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئەڭ يامان ئەھۋالنى ياخشىلاشنىڭ چارىسىنى ئىزدەڭ.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بولسا، ئەندىشە، قورقۇنچ ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەردىن خالىي بولالايدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھايات قارىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن! مۇتلەق ئىشىنىمەن! چۈنكى، مەن كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى كۆپ كۆرگەن. ناھايىتى كۆپ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ھەيران قالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئالدىراش بولغاندا نېمە ئۈچۈن تەشۋىشنى ئۇنتۇغىلى بولىدۇ؟ چۈنكى، مۇنداق بىر قانۇنىيەت بار — بۇ قانۇنىيەت پسىخولوگىيە ئىلمىدە كۆرسىتىلگەن ئەڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى — ئۇ بولسىمۇ

ھەرقانداق كىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا بىرنەچچە ئىشنى تەڭ ئويلىيالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەندىشىڭىزگە «بۇ يەردە توختاپ قال» دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈرۈڭ. بىر ئىشنىڭ قانچىلىك ئەندىشە قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى بەلگىلەڭ — ھەمدە ئارتۇق بولۇپ كېتىشكە يول قويماڭ.

مەسىلە بىر تەرەپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئىمكانقەدەر پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئويلىنىڭ، قارار قىلغان ئىكەنسىز ئىككىلەنمەڭ.

ئەگەر سىز دۇنيادىكى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ئەندىشە توغرىسىدا يازغانلىرىنى تولۇق ئوقۇپ كۆرگەن بولسىڭىز، «ھەممە كىشى باشقا كەلگەندە باتۇر» ۋە «خەقنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ يۈرمەڭ» دېگەن سىرنىڭ تېگىگە يېتەلەيسىز.

سىزنىڭ بىر يىل بۇرۇن ئەنسىرىگەن ئىشلىرىڭىز يادىڭىزدىمۇ؟ ئۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان؟ سىز ئۇ ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن زېھنىڭىزنى سەرپ قىلىپ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن ئەمەسمۇ؟ ئەنسىرىگەن ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نەتىجىسى ئوبدان بولدىغۇ؟

نۆۋەتتىكى تۇرمۇش شەكلىمىز ھەققىدە كىشىنى بەك چۆچۈتىدىغان يەكۈنلەرنىڭ بىرى شۇكى، كېسەلخانىلاردىكى كارىۋاتلارنىڭ يېرىمى روھىي كېسەل ۋە پسىخىك كېسەللىك ئاغرىقلىرىغا قالدۇرۇلغان، بۇ ئاغرىقلار ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈش ۋە قورقۇنچلۇق كەلگۈسىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا غۇلاپ چۈشكەن. ئەمما، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر جاز ۋىلىيام ئاۋسىرنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلغان بولسا، ئىلگىرى تېز ھەرىكەت رىتىمىدا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىرى بۈگۈن ئوخشاشلا كوچىلاردا يۈرۈپ مەنىلىك ۋە خۇشال تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ.

ئىشىنىمەنكى، كۆڭلىڭىزنى ئارام تاپتۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ سىرى — مۇۋاپىق قىممەت تۇيغۇسى بولۇش. ئەگەر بىز ئۆمرىمىزنىڭ ئالتۇن مىزانىنى يېتىلدۈرەلىسەك، بىزدىكى ئەندىشىنىڭ %90 ى يوقىلىدۇ.

ئەگەر بىز زىياننىڭ ئەڭ يامىنىنى تارتىپ بولغان بولساق يەنە

تارتقۇدەك زىيانمۇ قالمايدۇ. تەبىئىيكى، بۇ بىزنىڭ بارلىق نەرسىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

## خۇشاللىق ھاياتلىقتىكى مۇھىم ئامىل

بىز ھايات قىممەتلىك دېگەن، بىراق قانداق ھاياتنى قىممەتلىك دەيمىز؟ ئېيدىسون: «ھەقىقىي ھايات، خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدىكى ھايات» قىممەتلىك دېگەن.

چارلى تېنار ھايات چېغىدا ھەر كۈنى ۋاقتىدا ئىشخانىسىغا كىرەتتى. بۇ ئادىتىنى ئۇ ئاخىرقى قېتىم كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانغا قەدەر بىر كۈنمۇ ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرغان. بىر قېتىم ئىچكى كابىنېتنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭدىن: «ئەپەندىم، مەن سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق جاپالىق ئۆگىنىدىغانلىقىڭىزنى زادى چۈشەنمىدىم؟» دەپ سورىغاندا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز يېڭىلىشتىڭىز! مەن خۇش چاقچاقنىلا بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا، مەيلى قانداق ئىشتا بولسۇن، ھەممىدە خۇشال-خۇراملىقنى ئاساس قىلغان. بىر كۈنى ئۇ ياشانغان بىر كىشىدىن: سىز خېلى ياخشىلىنىپ قاپسىز، ھازىر كىتاب كۆرۈپ، توپ ئويناپ، سەيلە قىلىپ تۇرامسىز؟ دەپ سورىغاندا، ياشانغان كىشى ھەسرەت بىلەن: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەمما، تېنار باللارغا خاس روھ بىلەن: «بىراق، مەن ھەممىنى قىلىمەن، ھەر كۈنى كەچكىچە قىزىقارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىمەن» دېگەن.

سىز كۆرەشنى مىختەك ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىش دەپ قارىماسلىقىڭىز كېرەك. ھاياتلىقتا خۇشاللىق كەم بولسا بولمايدۇ. خۇشاللىق بولغاندا تۇرمۇش ئاندىن كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك ئۆتىدۇ.

چۈشكۈن، ئۈمىدسىز ياشلاردىن بىرمۇنچىسى دائىم: «مېنىڭ تۇر-مۇشۇم تولىمۇ زۇلمەتلىك» دەيدۇ. دوستى ئۇنىڭغا:

— سىز يورۇقلۇق تەرەپكە قارىسىڭىز بولىدىغۇ، ھەسرەت چېكىش-نىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

— ئەمما، يورۇق تەرەپمۇ يوق تۇرسا! — دەيدۇ ئۇ.

— ئۇنداقتا قاراڭغۇ تەرەپنى پاكىزراق سۈرتۈپ قويۇڭ! — دەيدۇ دوستى.

شۇنداق، ئەگەر سىز تۇرمۇشىڭىزدىن خۇشاللىق ھېس قىلالمىسا-ڭىز، ئۇنى تىرىشىپ ئىزدىشىڭىز كېرەك. شاد ئادەملەرنىڭ ئۆمرى ئادەتتە ئۇزاق بولىدۇ. شادلىق ھاياتلىقتىكى تېرمومېتىرغا ئوخشىشىدۇ، كۆپ خۇشال بولغان كىشىنىڭ ھاياتتا ئېرىشكەن لەززىتىمۇ كۆپ بولىدۇ.

فرانكلىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىشخانامدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا، بىرمۇنچە ئۇستا ئۆي سېلىۋاتاتتى. بۇلاردىن بىرسى ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمدە خۇددى ناھايىتى خۇشال ئادەمدەك سىپايە كۈلۈمسىرەيت-تى. مەيلى ئۇ كىمنى ئۇچراتسۇن، كۈلۈپ تۇرۇپ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلاتتى؛ ھاۋا قانچىلىك سوغوق ياكى پىژ-پىژ ئىسسىق بولسۇن، ئۇنىڭ يۈزىدە ھامان كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرات-تى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، مەن ئۇنىڭدىن خۇشاللىقىنىڭ سىرىنى سورىدىم.»

ھېلىقى ئىشچى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ماھىيەتتە بۇنىڭ ھېچقانداق سىرى يوق، بۇ پەقەت ئايالىمنىڭ ياردىمىدىن بولغان. مەن ھەر كۈنى ئىشقا چىقىدىغان چاغدا ئايالىم بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ئىلھاملاندۇ-رۇپ قويىدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، يەنە مېنى خۇش چىراي كۈتۈۋا-لىدۇ، چاي تەييارلاپ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئىشى ماڭا تەسەللى ۋە شادلىق بېغىشلايدۇ. شۇڭا، تەبىئىي ھالدا خۇش تۇرى-مەن.» لىنكولىننىڭ خىزمەت ئۈستىلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە دائىم بىر پارچە يۇمۇرلۇق كىتاب تۇراتتى. ھەر قېتىم ئىچى پۇشقان ۋاقىتلىرىدا،

بۇ كىتابتىن بىرنەچچە ۋاراق ئوقۇپ قويالىتتى، بۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقى چىققاندىن باشقا، ھاردۇقىمۇ چىقىپ قالاتتى.

شادلىق ھاياتلىقنىڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىكەنمىز، ئۇ ھالدا دائىم ئۆزىمىزنى خۇشال قىلىپلا قالماي، ئامال بار باشقىلارنىمۇ خۇشال قىلىشىمىز كېرەك. روھىي خۇشاللىققا يەنە چەكسىز بەخت يوشۇ-رۇنغان بولىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ خۇشلۇقىنى ئىپادىلىگەندە، ئۆزى خۇشال بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان ساۋابلىق ئىش قىلىش كۆچىگە ئىگە بولىدۇ.

«خۇشاللىق دورىغا ئوخشاش كېسەل داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە» . ئە-گەر بىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە ئەسىر بولۇپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش، ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش كويىدا بولمىساق، ئۆمرىمىز مەڭگۈ پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

ئامېرىكىلىق باي خوك 51 ياشقا كىرگەن يىلى پۈتۈن مال ـ مۈلكى-دىن ئايرىلىپ قايتا تىجارەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ راستىنلا بىرمۇنچە پۇل تاپىدۇ.

دوستى ناھايىتى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن:

— سىزنىڭ تەلىيىڭىز نېمىشقا دائىم شۇنداق ئوڭدىن كېلىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— بۇ مېنىڭ تەلىيىم ئەمەس، — دەيدۇ خوك ئۇنىڭغا، — بەلكى مېنىڭ سىرىم.

— سىرىڭىزنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

— بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنى ھەممە كىشى قىلىپ كېتەلەيدۇ. مەن خۇشخۇي ئادەم، مەيلى قانداق ئىشقا دۇچ كېلەي زادىلا ئۈمىدسىزلەنمەي-مەن، ھەتتا خەق مېنى زاڭلىق قىلغان، ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن بولسى-مۇ، قارىشىمنى زادىلا ئۆزگەرتمەيمەن. يەنە تېخى باشقىلارغا خۇشاللىق بېغىشلايمەن. شۇنداق بولغاچقا، مېنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىم ھامان مۇۋەپ-پەقىيەتلىك بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەگەر كىشى دائىم يورۇق ۋە خۇشال-

لىق تەرەپكە قارىسا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

دېمەك، ئەگەر سىز خىزمەت ئورنىڭىزدىن، خىزمىتىڭىزدىن رازى بولمىسىڭىز، بۇنى ھېچ كىشىدىن كۆرمەڭ، ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەستايىدىل ئىشلەپ، شاد - خۇراملىق بىلەن كەسپىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئۆز قابىلىيىتىڭىزنى ئىمكانقەدەر جارى قىلدۇرۇڭ، تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارىڭىز بارلىقىنى ئىپادىلەڭ، تالانت - ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرغاندا مۇتلەق تەبىئىي بولۇڭ، ياسالمىلىق قىلماڭ، ھەرگىز زورۇقماڭ. خۇشال پوزىتسىيە تەبىئىي ھەرىكەتتە ئىپادىسىنى تاپىدۇ، شۇنداق بولغاندا سىز چوقۇم يۇقىرى ئۆرلىيەلەيسىز.

بىر خىل ئادەت يېتىلدۈرۈڭ، يەنى ئىشخانىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چوقۇم ئىشخانىدا قىلىپ تۈگىتىشىڭىز، ئائىلىڭىزگە ئېلىپ بارماسلىقىڭىز كېرەك، ئەگەر ئائىلىگە ئېلىپ بارسىڭىز، ئائىلىڭىزدىكى خۇشال كەيپىيات سىزنىڭ خىزمىتىڭىز تۈپەيلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

خىزمەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى چوقۇم ناھايىتى ئېنىق ئايرىش كېرەك، خىزمەت قىلغاندا پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن خىزمەت قىلىشىڭىز، كۆڭۈل ئاچىدىغان چاغدا ھەممە ئىشنى تاشلاپ، بەھۇزۇر كۆڭۈل ئېچىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز خىزمەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ئايرىمىسىڭىز، خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاندىن سىرت، خىزمەت ۋاقتىدا غەمكىن بولۇپ قالىسىز، كۆڭۈل ئاچقاندىمۇ يېتەرلىك شادلىنالمايسىز، بۇنداق بولغاندا ئىشلىرىڭىز راۋاج تاپمايلا قالماي، ئەكسىچە ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالىدۇ، ھەتتا ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدۇ ھەمدە سالامەتلىكىڭىزگىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

گود مۇنداق دېگەن: «ھاياتقا زىيادە ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئەگەر ئەتىگەندە يېڭى خۇشاللىق بولمىسا، كەچ كىرگەندىمۇ خۇشاللىقتىن ئۈمىد بولمىسا، كۈننى دائىم شۇنداق ئۆتكۈزۈۋەرگەننىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟»

شادلىق كىشىنىڭ فىزىئولوگىيىسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز كۈلگىنىڭىزدە، ئىچكى ئەزالىرىڭىزمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. كۈلگەن چېغىڭىزدا ئۆپكە ۋە ئايرىغۇچى پەردىلىرىڭىز ھەرىكەتكە كېلىپ، جىگەر، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالىرىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا قاتتىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدۇ، يۈرەك ھەرىكىتى، قان ئايلىنىش ۋە نەپەسمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تېزلىشىپ، پۈتۈن ئورگانىزمدا ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت كۆكرەك بوشلۇقىڭىزنى كېڭەيتىپ، كۆزىڭىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، پۈتۈن بەدىنىڭىزنى ساغلاملاشتۇرىدۇ.

گەپكە ئۇستا دوختۇرنىڭ كېسەلگە قىلغان بىر - ئىككى ئېغىز كۈلكىلىك چاقچىقى دورىدىنمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

بىر كىشى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. بۇ چاغدا كېسەلنىڭ بىر دوستى كەپتۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ كېسەلگە: سىز ئۆلۈپ كەتمەيسىز، ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىسىز، دەپتۇ. دوستىنىڭ خۇش چىرايى كېسەلدىمۇ كۈلكە پەيدا قىپتۇ.

كېسەلنىڭ بۇ كۈلكىسى، ئويلىمىغان يەردىن شىپا بولۇپ، كېسەللىك ئەھۋالى شۇ ھامان خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي بارا-بارا ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ.

سىز دائىم كۈلۈڭ، كۆپرەك كۈلۈڭ، كۈلكە ئەڭ ئەرزان دورا. ئەگەر سىز بەختسىزلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىسىڭىز، بىر ۋاراق قەغەز بىلەن قېرىنداش تېپىپ قايغۇ - ھەسرەتلىرىڭىزنى بىر - بىرلەپ يېزىپ چىقىڭ، ئارقىدىن ئۆزىڭىزنىڭ قابىلىيىتى، سالامەتلىكى ۋە خۇشاللىق بەخش ئەتكەن ئىشلىرىڭىزنىمۇ بىر - بىرلەپ يېزىپ چىقىڭ ۋە ئالدىدىكىسى بىلەن كېيىنكىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، ئەنە شۇ چاغدا قايغۇ - ھەسرىتىڭىز دەرھال يوقىلىپ خۇشاللىق پەيدا بولىدۇ.

دوستلار، قايغۇرماڭلار، ھەسرەت چەكمەڭلار، ئەگەر بىزدە كەلگۈ-

سىنى كۆرەلەيدىغان كۆز، ئالىيجاناب تۇرمۇش ئىستىكى ۋە خۇشال كەيپىـ
يات بولسا، ئاخىر چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت بوسۇغىسىدىن ئۆتەلەيمىز.

ئىسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، يورۇقلۇق ۋە خۇشاللىق مۇۋەپپەقىيەتـ
ـنىڭ ئاساسى، بەختنىڭ مەنبەسى.

شاد قەلب مەڭگۈ ئۆچمەس گۈلخاندۇر!
بەختلىك هايات قىممەتلىك هاياتتۇر!

بۇ، بىر ۋاراق ئۆزىنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى بولۇپ، هەر كۈنى ئەتىگەن - كەچ ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ ۋە بۇ بىر كۈن ئىچىدە ئىلگىرىلەش بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ، ئاندىن نەتىجىنى خاتىرىلەڭ. مۇشۇنداق يېرىم يىل، بىر يىل داۋاملاشتۇرسىڭىز كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىنى كۆرىسىز.

1. مەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بەش مىنۇت بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇردۇممۇ - يوق؟

2. مەن ئىشخانىغا بارغاندا، قىلماقچى بولغان بىر كۈنلۈك خىزمەتـ
ـنى پىلانلاپ كۆردۈممۇ - يوق؟

3. مەن خىزمەت پىلانى بويىچە خىزمەتنى ئادا قىلدىممۇ - يوق؟ ئىشنى بەلگىلەنگەن خىزمەت ۋاقتىدىن تېزراق قىلغىلى بولامدۇ - يوق؟

4. خىزمەت ئۈنۈمى بىلەن ۋاقىت تەتۈر تاناسىپ بولدىمۇ - يوق؟ (خىزمەت كۆپ، ۋاقىت ئاز ياكى خىزمەت ئاز، ۋاقىت كۆپمۇ؟)

5. بۈگۈن كەچكى تاماق ئادەتتىكىدىن مولراق بولۇشى كېرەكمۇ-
يوق. چۈنكى، بۈگۈنكى خىزمىتىمدە نەتىجە كۆپ.

6. بىراۋ بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇنىڭدا ئۆزۈمگە تېخىمۇ يېقىملىق هېسسىيات پەيدا قىلالىدىممۇ - يوق؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

7. ماڭا قارشى رەقىبىم بىلەن قانداق قىلىپ ياخشى ئۆتىمەن؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

8. بۈگۈن قانچىلىك بوش ۋاقتىم بار. مەن بۇ ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزىمەن؟

9. بۈگۈن قانداق تەنھەرىكەت قىلىمەن؟ قايسى جەھەتتىكى ھەرىكەت-كە دىققەت قىلىشىم كېرەك؟
10. تۈنۈگۈنكى خاتىرىنى كۆرگەندە تۈزىتىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر بايقالدىمۇ؟ تۈزىتىلدىمۇ - يوق؟
بۈگۈننى قەدىرلەپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، رېئاللىقتىن بەھرىمەن بولۇڭ، كۆز ئالدىڭىزدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭ، ئەتىكى شادلىقىڭىز ئۈچۈن ئالدىن پىلان تۈزۈڭ.

## شۆھرەتپەرەسلىك ۋە سۆلەتۋازلىق ناچار پەزىلەتنى يوشۇرىدىغان روھىي ھالەتتىن بارلىققا كەلگەن

قەدىمدىن ھازىرغىچە شۆھرەتپەرەسلىك، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق ھەققىدە نۇرغۇن ساۋاقلار بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرمەي كەلدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پسىخو-لوگىيە تەتقىقاتچىلىرى بىزگە، شۆھرەتپەرەسلىك بولسا كىشىلىك ھايات-تىكى زىددىيەت، ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئاجايىپ قور-قۇنچلۇق خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئىنسانلاردىكى شۆھرەتپە-رەسلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ئۇلارنىڭ ناچار پەزىلىتىنى يوشۇرىدىغان روھىي ھالىتىدىن كەلگەن. تۆۋەندە مەن سىزگە بىر پاكىتنى سۆزلەپ بېرەي.
ئىككى بالا بىر - بىرى بىلەن ئۇستۇنلۈك تالىشىپ، مۇنازىرىلىشىش-كە باشلاپتۇ.
بالىلاردىن بىرى مۇنداق دەپتۇ:
— سىنىڭ چىچىڭ نېمىدېگەن سەت! سېرىق چاچ، قاراپ باققىنا، جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەملەرنىڭ قايسىسىنىڭ سىنىڭكىدەك سېرىق چېچى بار! ئۇلارنىڭ چېچى مېنىڭ چېچىمغا ئوخشاش قارا.

— ھىم، سېنىڭچە سېرىق چاچ سەت ئىكەن - دە؟ بىراق، دادامنىڭ چېچىمۇ مېنىڭكىدەك سېرىق؟

— ئۇنداقتا داداڭمۇ ساڭا ئوخشاش كۆرۈمسىز ئىكەن - دە.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى بالىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ، خورلۇق ھېس قىپتۇ ۋە ناھايىتى ئوسال بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئاخىر رەقىبىگە رەددىيە بېرىپ:

— مېنىڭ چېچىم قارا بولمىغىنى بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ماشىنىسى سىلەرنىڭكىدىن ياخشى. بىزنىڭ ماشىنىمىز ئەڭ يېڭى تىپتىكى كايتىراك ماركىلىق ماشىنا، ئەمما سىلەرنىڭ ئادەتتىكى فورت ماركىلىق ماشىنا، — دەپتۇ.

— نەدىكىنى، ئۆيىمىزدە ماشىنىدىن سىرت يەنە...

ھېلىقى بالا رەقىبىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئىشقىلىپ، بىزنىڭ ئۆينىڭ نەرسىلىرىگە يەتمەيدۇ، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى بالا تالاش - تارتىشقا چۈشۈپتۇ. ئاخىر مۇشتلىشىپ قاپتۇ. ھەر ئىككىسىدە دۈشمەنلىشىش ئىدىيىسى پەيدا بولۇپتۇ. بۇ ئىككى بالىنىڭ دوستلۇقى شۆھرەتپەرەسلىك ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپتۇ.

بۇ ھېكايە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھېكايىدۇر! ئىنسانىيەت مۇنبىرىدە، بۇنداق ئويۇن توختاپ قالغىنى يوق. ئاق تەنلىكلەر ئۆزىنى سېرىق تەنلىكلەردىن ئۈستۈن تۇرىمىز دەپ ماختىنىدۇ؛ ئەرلەر، بىز ئاياللاردىن ئىقتىدارلىق، دەپ مەغرۇرلىنىدۇ؛ ئامېرىكىلىقلار گېرمانىيىلىكلەرگە ماختىنىدۇ؛ گېرمانىيىلىكلەر شۋېتسىيىلىككە پو ئاتىدۇ. سلاۋيانلار ئۆزىنى موڭغۇللاردىن كۈچلۈك دەيدۇ. موڭغۇللار بۇنىڭغا تەن بەرمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى جۇڭگونى ئىستېلا قىلغانلىقىنى پەش قىلىدۇ. ئەمما، جۇڭگولۇقلارچۇ؟ جۇڭگولۇقلارمۇ دەرۋەقە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۈبھىسىزكى، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان.

دۇنيادىكى ھەممە نەرسە شۆھرەتپەرەسلىك، سۆلەتۋازلىق، مەغرۇرلۇق ۋە ماختانچۇقلۇقتىن ئىبارەت!

## قوشۇمىڭىزنى تۈرمەڭ، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ

«دادۇخۇي ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى» ئۆزىنىڭ تەشۋىقات ۋارىقىدا: «تىرىشىپ ئىشلەشتىن چارچايدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ ئارام ئالغان ياكى ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ چىقمايدىغان ھارغىنلىق... ئەندىشە، جىددىيلىك ۋە تەشۋىش چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۈچ چوڭ سەۋەبتۇر، بىراق بىز دائىم ئۇنى جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىكى ھارغىنلىق پەيدا قىلغان دەپ قارايمىز... ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، چىڭقالغان مۇسكۇل ماھىيەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ! زېھنىڭىزنى تېجەپ، تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارغا سەرپ قىلىڭ» دەپ كۆرسەتكەن.

ھازىر سىز ۋاقتىنچە توختاپ ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا كىتابقا قاراپ قوشۇمىڭىزنى تۈرۈۋاتامسىز؟ ئىككى قېشىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇسكۇل تارتىشقاندەك بولۇۋاتامدۇ؟ ئورۇندۇقتا ناھايىتى بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋاتامسىز؟ ياكى تۈگۈلۈپ ئولتۇردىڭىزمۇ؟ يۈزىڭىزنىڭ مۇسكۇللىرى جىددىيلىشىۋاتامدۇ؟ پۈتكۈل بەدىنىڭىز كونا لاتا قونچاقنىڭكىدەك بوش تۇرسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا سىز ھازىرمۇ روھىي جىددىيلىك ۋە مۇسكۇل جىددىيلىكى پەيدا قىلغان بولىسىز. بۇ، روھىي ھارغىنلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەت بار: پۇل-پۈچەكنى ئىسراپ قىلمايدىغان مىليونلىغان ئادەم ئۆزلىرىنىڭ زېھنىنى قاراملىق بىلەن بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا روھىي ھارغىنلىقنى چىقىرىپ تاشلاشنىڭ قانداق ئۇسۇلى بار؟ ئۆزىڭىزنى يەڭگىل تۇتۇڭ! خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزنى يەڭگىل تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ!

بۇنداق قىلىش ئوڭايمۇ؟ ئوڭاي ئەمەس. سىز بىر ئۆمۈر ۋاقىت سەرپ قىلسىڭىز ئاندىن ھازىرقى ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتەلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، بۇ خىل تىرىشچانلىق ئەرزىيدىغان تىرىشچانلىق، چۈنكى سىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىڭىزدە مۇشۇ سەۋەبلىك ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. ۋىلىيام جامىس «كۆڭۈل ئېچىشتىكى زۆرۈر بىلىملەر» دېگەن ئەسىرىدە: «ئامېرىكا ئۇسلۇبىدىكى تۇرمۇشنىڭ زىيادە جىددىيچىلىكى، تېز ھەرىكىتى، تېز رىتىمى، كۈچلۈك ۋە پەۋقۇلئاددە، كەسكىن ئىپادىلەش شەكلى… ئومۇمەن يامان ئادەت» دېگەن ئىدى. جىددىيلىك بىر خىل ئادەت، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشمۇ بىر خىل ئادەت، يامان ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

سىز ئۆزىڭىزنى قانداق ئەركىن تۇتىسىز؟ ئەركىن تۇتۇش چوڭ مېڭىڭىزدىن باشلىنامدۇ ياكى نېرۋىڭىزدىن باشلىنامدۇ؟ ھېچقايسىسىدىن ئەمەس، بەلكى سىز مۇسكۇلىڭىزدىن باشلاپ ئەركىن تۇتۇشىڭىز كېرەك.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كۆزدىن باشلاش كېرەك. ئالايلۇق، بىرەر ئابزاس خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كەينىڭىزگە يۆلىنىپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆزىڭىزگە «ئەركىن، ئەركىن، قوشۇما تۈرۈلمىسۇن، تۈرۈلمىسۇن، ئەركىن، ئەركىن…» دەپ تەخمىنەن بىر مىنۇتچە توختىماي ئاستا تەكرارلاڭ.

كۆزىڭىزنىڭ گەپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقاۋاتامسىز؟ بىرنەرسىنىڭ جىددىيلىكىنى ھەيدەۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتامسىز؟ شۇنداق، بۇ ھادىسە كىشىگە تولىمۇ غەيرىي تۇيۇلىدۇ. بىراق، سىز بايا تەجرىبە قىلغان ئاشۇ بىر مىنۇت ئىچىدە، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ يەتتىڭىز. بۇ ئۇسۇلنى ئوخشاشلا پېشانىڭىز، بوينىڭىز ۋە يۈزىڭىزنىڭ مۇسكۇللىرىغا، مۈرىڭىز ياكى پۈتۈن بەدىنىڭىزگە تەتبىقلىسىڭىز بولىدۇ.

لېكىن، ئەڭ مۇھىم ئەزا يەنىلا كۆز. چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى ئېرمۇند كاركېدسون بۇ توغرۇلۇق: «ئەگەر سىز كۆز مۇسكۇللىرىڭىزنى ئەركىن تۇتالىسىڭىز، بارلىق قايغۇ - ھەسرەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتەلەيسىز! دېگەن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: كۆزگە كېتىدىغان ئېنېرگىيە پۈتۈن بەدەن نېرۋىلىرىغا كېتىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، كۆز قۇۋۋىتى ياخشى نۇرغۇن ئادەمنىڭ «كۆز ھارغىنلىقى» تۈپەيلى كۆز قۇۋۋىتى ئاجىزلىنىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار كۆزىنىڭ جىددىيلىكىنى كۈچەيتىۋەتكەن.

## سىز قورقۇنچنى يېڭەلەيسىز

ئەگەر سىز قورقسىڭىز، ئۆزىڭىزنى بىر دەم تۇتۇۋېلىپ باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئېھتىمال شۇ تاپتا قورقۇنچ سىز تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندۇ: قورقۇنچ ئەلچىسى بەلكىم سىزگە بىرنېمە دەۋاتقاندۇ: خوجايىن بىرنېمە دەۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەتراپىڭىزدىكىلەر سىز توغرۇلۇق ئويلاۋاتقاندۇ. بۇلار كەلگۈسىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سىز ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن قورقۇپ يۈرمەڭ. چۈنكى، سادىر بولغان ئىشنى بىلىپ بولدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنچىۋالا قورققۇدەك ئىشمۇ يوق. لېكىن، كەلگۈسى ئۈچۈن قورقۇنچنى يېڭەلىگۈدەك مۇنداق بىر ئاددىي ئۇسۇل بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىڭىزدىكى قورقۇنچنى مۇلاھىزە قىلىش. شۇنداق قىلغاندا قورقۇنچنى ئازايتقىلى، چىقىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ. سىز ئەڭ ناچار ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىنىڭىزدە، قورقۇنچتىن بۇنچە گاڭگىراپ قالمايسىز. بەلكىم ئۆزىڭىزگە: «ئوھوي، مەن ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن» دەيسىز.

قورقۇنچنى مەغلۇپ قىلىدىغان ئۇسۇل: ھەرىكەت نىشانىنى بېكىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش. ئالدىراش يۈرسىڭىز قورقۇنچنى ئۇنتۇپ كېتىسىز.

قورقۇنچنى يېڭەي دېسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئويلىماڭ. ئامال بار باشقىلارغا ياردەم قىلىڭ، شۇنداق قىلغىنىڭىزدا قورقۇنچ يوقىلىدۇ.

قورقۇنچنى يېڭىشكە ئىرادە باغلىسىڭىزلا ھەرقانداق قورقۇنچنى ئاساسىي جەھەتتىن يېڭىپ كېتەلەيسىز. چۈنكى، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، قورقۇنچ كاللىڭىزدىن باشقا جايدا مەۋجۇت ئەمەس.

قورقۇنچ ھەم كۈچلۈك، ھەم ئاجىزدۇر، بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز قورقۇنچنى يېڭىش ھەمدە ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۇنتۇش، سىز چوقۇم بۇنى قىلالايسىز.

## جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇڭ

ئوغۇل بالا كەچتە قەبرىستانلىقتىن ئۆتكەندە، ئۆزىنىڭ يۈرەكلىك بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا ئىسقىرتىدۇ. ئادەتتە مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈشتىكى قورقۇنچنى يېڭىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىسقىرتقاندا جاسارىتى ئۇرغۇيدۇ، ئارىمىزدا نۇرغۇن ئادەم غەمكىن ۋاقىتلىرىدىمۇ ياڭراق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ كىشىلەرنى خۇشال قىلالايدىغۇ؟ ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى خۇشال كۆرسىتەلىسەك، ئۆزىمىزنىڭ راستىنلا خۇشالىققا چۆمگەنلىكىنى توساتتىن ھېس قىلىپ قالىمىز. قىزغىنلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتى ۋە سۆزلىمەكچى بولغان نۇتقىمىزدىن خۇشال بولۇۋاتقاندەك، ئىلھاملىنىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولساق، ئۆزىمىزنى بىز ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇ خىل ھېسسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەركىزىگە «ئېلىپ كىرگەن» بولىمىز.

تېخىمۇ جاسارەتلىك بولۇشنى ئويلامسىز؟ بۇ يەردە بەش تۈرلۈك پرىنسىپ بار، ئەگەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالىسىڭىز، ھۆددە قىلىمەنكى، سىزنىڭ قەتئىيلىكىڭىز چوقۇم كۈچىيىپ بارىدۇ.

1. جاسارىتىڭىز تولۇپ تاشقاندەك كۆرۈنسۇن، بۇنداق قىلغىنىڭىزدا سىز تېخىمۇ جاسارەتلىك بولىسىز، تېنىڭىز چاقىرىقنى قوبۇل قىلغاندەك

بولىدۇ - دە، ئۇنچىۋالا قورقۇپمۇ كەتمەيسىز.

2. ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ ئويلىنىپ كۆرۈڭ. باشقىلارمۇ ئېغىر چۈشكۈنلۈك، چوڭ توسالغۇلارغا دۇچار بولغان، ئەمما ئۇلار يېڭىپ كېتەلىدىغۇ. باشقىلار قىلالىغان ئىشنى سىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايسىز.

3. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزنىڭ هاياتىي كۈچىڭىز مەلۇم رىتىم بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى چۈشكۈنلۈككە ئەسىر قىلىپ هاياتلىقتا يۈزلىنەلمىسىڭىز، هاڭنىڭ ئەڭ تۆۋەن قىسمىغا چۈشۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن، ئەكسىچە جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتالىسىڭىز سىزنى هاڭغا سۆرەپ چۈشۈۋاتقان ئاشۇ كۈچتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنى هاڭدىن چىقىرالايسىز.

4. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كېچە سىزنى كۈندۈزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ۋە چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. جاسارەت كۆپىنچە قۇياش بىلەن بىرگە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

5. جاسارەت ۋىجداننى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. شۇڭا، ئۆزىڭىزنى ئىمكانقەدەر بۇ ئۆلچەمگە يېقىنلاشتۇرۇڭ.

ئارىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەمدىكى جاسارەت بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىكىدىن نەچچە هەسسە يۇقىرى.

## مۇهىتنىڭ خوجايىنى بولۇڭ

خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان، ئۆز كۈچىگە تايانمايدىغان ۋە خەقنىڭ سايىسىدا كۈن كەچۈرىدىغان تۇرمۇش چاكىنا تۇرمۇشتۇر. بۇنداق تۇرمۇشقا هەقىقىي ئەر، باتۇر ئەزىمەت هەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ. بىز ۋەزىيەتنىڭ قەهرىمانى، مۇهىتنىڭ خوجايىنى بولۇشىمىز، ۋەزىيەتكە بېقىندى بولماسلىقىمىز، مۇهىتقا باش ئەگمەسلىكىمىز كېرەك.

بىز مۇۋەپپەقىيەت ۋە خۇشاللىققا يۈزلىنىشىمىز، مەغلۇبىيەت ۋە چۈشكۈنلۈككە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. مۇنداق بىر

جۈملە پاسسىپ سۆز بار: «ھايات شۇنداق قايغۇلۇق، جاھانغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە خىلمۇخىل مۇشكۈلاتلار كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە خۇشاللىقى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تاسادىپىيلىقتىن بولىدۇ. كىشىلەر ئەتىلا تەقدىرگە قارشى تۇرۇپ كېتەلمەيدۇ ۋە مۇھىت ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ.» بۇ خىل پاسسىپ ئىدىيە ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى ھەممىدىن بەك بۇزىدۇ، ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

## ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

سىز قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېلەر قېتىم بىراۋنىڭ ئالدىغا بېرىپ ياردەم سوراشنى ئويلىغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزگە: مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزۈمنى قاچۇرسام ئۆزۈمنى ئەخمەق قىلغان بولىمەن. بۇ مەسىلىنى ئۆزۈم ھەل قىلىشىم لازىم، دېيىشىڭىز كېرەك. ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلىسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم قويغان بولىسىز.

## ئۆزىمىز ياقتۇرمايدىغان ئادەملەرنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەيلى

تەمكىن ۋە خۇشال روھىي ھالەت يېتىلدۈرۈڭ، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، «مەڭگۈ قىساسچىمىزدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە بولماسلىقىمىز» كېرەك، چۈنكى ئۇنداق قىلساق ئۆزىمىزنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈۋالىمىز. گېنېرال ئېزىنخاۋېر ئېيتقاندەك: «ياقتۇرمايدىغان ئاشۇ ئادەملەرنى خىيال قىلىپ بىرەر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلمايلى.»

# قىساسچىمىزغا قارشى يانغان غەزەپ ئوتى ئۆزىمىزنى كۆيدۈرۈپ قويمىسۇن

قىساسچىمىزغا غەزىپىمىز تۇتقاندا ئۇلارغا غەلىبە كۈچى ھەدىيە قىلغان بولىمىز. ئۇ كۈچ بىزنىڭ ئۇيقۇمىز، ئىشتىيىمىز، قان بېسىمىمىز، سالامەتلىكىمىز ۋە خۇشاللىقىمىزغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر قىساسچىمىز بىزنى شۇنداق ئەندىشە، تەشۋىش ۋە قىساس ئوتىغا سېلىپ قويالىغانلىقىنى بىلسە، چوقۇم خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىدۇ. چۈنكى، قەلبىمىزدىكى نەپرەت ئۇلارغا قىلچىلىك زىيان يەتكۈزەلمەكتە يوق، ئەكسىچە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

تۆۋەندىكى سۆزنى كىم ئېيتقانلىقىنى پەرەز قىلالامسىز؟ «شەخسىيەتچى ئادەملەر سىزدىن پايدىغا ئېرىشىشنى ئويلىغان بولسا، ئۇلارغا پەرۋا قىلماڭ، ئۆچ ئېلىشنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەڭ. ئۇلار بىلەن گەپ تالاشقىنىڭىزدا يارىڭىز ئۇنىڭكىدىنمۇ كۆپرەك بولىدۇ…» بۇ سۆز قانداقتۇر بىرەر ئىدېئالىست ئېيتقاندەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ سۆز مىلۋاگى ساقچى ئىدارىسى چىقارغان بىر پارچە ئېلاندا يېزىلغان.

قىساس بىزنى قانداق زەخىملەندۈرىدۇ؟ ئۇ بىزنىڭ نۇرغۇن ئەزايىمىزنى زەخىملەندۈرىدۇ. «تۇرمۇش» ژۇرنىلىدىكى خەۋەرگە قارىغاندا، قىساس ھەتتا ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىكەن. «قان بېسىمى يۇقىرى كېسەللەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالامىتى ئوڭاي غەزەپلىنىش — دېيىلىدۇ 〈تۇرمۇش〉 ژۇرنىلىدا، — غەزەپكە خاتىمە بېرىلمىسە، ئۇزاق مۇددەتلىك يۇقىرى قان بېسىمى ۋە يۈرەك كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ.»

بىز ئۆزىمىزنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. بەلكىم

سىزمۇ ماڭا ئوخشاش بىر قىسىم قىز - چوكانلارنى تونۇيسىز. ئۇلارنىڭ چىھرىنى غەزەپ تۈپەيلى قورۇق باسقان، پۇشايمان ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇلارنى مۇز چىراي قىلىپ قويغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرقانچە تۈزىسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايى كۆڭلىنى كەڭ تۇتقان، مۇلايىم بولغان ۋە مۇھەببەتكە نائىل بولغان چاغدىكىدەك چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.

غەزەپ - نەپرەت ھەتتا بىزنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىن لەززەتلىنىشىمىزگە توسالغۇ بولىدۇ. «نەپرەت ئارىلاش گۆش يېگەندىن، سۆيگۈ ئارىلاش چامغۇر يېگەن ئەلا.»

ئەگەر قىساسچىمىز بىزنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان نەپرىتىمىزنىڭ ھالىمىزنى قويمىغانلىقىنى، بىزنى تىت - تىت قىلىۋاتقانلىقىنى، تاشقى قىياپىتىمىزنى بۇزغانلىقىنى، شۇنداقلا بىزنى يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئۆمرىمىزنى قىسقارتىۋەتكەنلىكىنى بىلسە، خۇش بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۆزىمىزنى ئاسرىشىمىز، قىساسچىمىزغا شادلىقىمىزنى، سالامەتلىكىمىز ۋە تاشقى قىياپىتىمىزنى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمەسلىكىمىز لازىم. مەسىلەن، شېكسپىر ئېيتقاندەك: «دۈشمىنىڭىز تۈپەيلى سىزگە غەزەپ ئوتى تۇتاشمىسۇن، بولمىسا ئۇ ئوت سىزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.»

## كىشىنىڭ ئەسەنگۈسى كەلمەيدىغان پىسخىك كۈچ

روھىي ھالىتىمىز تەن سالامەتلىكىمىز ۋە كۈچ - قۇدرىتىمىزگە ئەسەنگۈسىز دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئەنگلىيىلىك ئاتاقلىق پىسخولوگ ھودفېر ئۆزىنىڭ ئاشۇ 54 بەتلىك كىچىككىنە كاتتا كىتابىدا بۇ توغرۇلۇق كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق چۈشەنچە بېرىدۇ: «روھىي

ھالەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالەتكە بولغان تەسىرىنى تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن، مەن ئۈچ ئادەمنى تەكلىپ قىلدىم. سىقىش كۈچىنى سىناش ئەسۋابى ئارقىلىق كۈچىنى ئۆلچىدىم.» ھودفېر بۇ ئۈچ كىشىدىن ئوخ-شاشمىغان ئەھۋالدا سىقىش كۈچى ئەسۋابىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىقىشنى تەلەپ قىلغان.

ئادەتتىكى سەگەك ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە سىقىش كۈچى 101 قاداق بولغان. ئىككىنچى قېتىملىق تەجرىبىنى ئۇلار ئۇخلىغاندا ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇلارغا تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. نەتىجىدە ئۇلار-نىڭ سىقىش كۈچى پەقەت 29 قاداققا چۈشۈپ قالغان — بۇ ئۇلارنىڭ نورمال كۈچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمىگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھودفېر بۇ ئۈچ كىشىنى ئۈچىنچى قېتىملىق تەجرىبىگە تەكلىپ قىلغان؛ ئۇلار ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تولىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە سىقىش كۈ-چى 142 قاداققا يەتكەن. ئۇلار ئىدىيىسىدە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى-نى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۈچى تەخمىنەن 50% ئاشقان.

مانا بۇ، ئىشەنگۈمىز كەلمەيدىغان پىسخىك كۈچتۇر.

## ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇڭ — ئاندىن خىجىل بولمايسىز

سىزنىڭ تارتىنچاقلىق كېسەللىكىڭىزنى پەقەت بىر ئادەم داۋالىيالاي-دۇ، ئۇ كىشى دەل ئۆزىڭىز. بۇنىڭدا «ئۆزىنى ئۇنتۇش» تىنىمۇ ياخشى چارە بولمىسا كېرەك. سىز قورقۇش، خىجىللىق ۋە بىئاراملىق ھېس قىلغاندا، كۆڭلىڭىزنى دەرھال باشقا ئىشلارغا قارىتىڭ. ئەگەر نۇتۇق سۆزلەۋاتقان بولسىڭىز نۇتۇق تېمىسىدىن باشقىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. خەق-

نىڭ سىز ۋە سىزنىڭ نۇتقىڭىزغا بولغان قارىشىغا ئېرەن قىلماڭ. پەقەت ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان ھالدا دائىم ئالغا ئىلگىرىلەڭ.

بىئاراملىق ۋە تارتىنچاقلىقنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، بىراۋغا قىزىقىش ھېسسىياتىدا بولۇش ھەمدە ئۇنى كۆڭۈلدىن چىقارماسلىق، شۇنداق قىلغىنىڭىزدا تارتىنچاقلىق ھەيران قالارلىق ھالدا غايىب بولىدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بېرىڭ، ساۋابلىق ئىش قىلىڭ، ھەرىكىتىڭىز دوستانە بولسۇن، شۇنداق قىلغىنىڭىزدا، سادىر بولغان ئىشنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايسىز.

## ئىرىشچان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى چوقۇم تەسەللىگە ئېرىشىدۇ

«تۇرمۇش سەنئىتى»نى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ كۆڭۈللۈك كۆرۈنۈشى ئۇ ئادەمنىڭ روھى تەسەللى تاپقانلىقىدا!

«يازغۇچى تۇرمۇشى»نىڭ ناھايىتى «نامرات» بولىدىغانلىقىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەرغۇ؟ قەدىمدىن تارتىپ «يازغۇچىلار» «يوقسۇزلۇق» بىلەن مەڭگۈلۈك جورىلاشقان، بىراق ئۇلارنىڭ روھى توق. ئۇلار «ماددا»دىن ئەمەس، بەلكى «روھ»تىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ شەكىلسىز بولىدۇ!

40 ياشتىن كېيىنكى «گۈزەل تۇرمۇش» دېگىنىم قانداقتۇر «كەسپىي» جەھەتتىكى ھەرقانداق نەتىجىنى كۆرسەتمەيدۇ؛ «تۇرمۇش ماھارىتى»دىكى ھەرقانداق ئىلگىرىلەشنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىم ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرىشىش نەتىجىسىدىن كۆڭلى چوقۇم تەسەللى تاپىدۇ دېگەنلىك! ئەمما، مەن دەۋاتقان «تەسەللى» دىندارلارنىڭ ئېغىزىدىكىدەك «ئابستراكت» ئەمەس، پەيلاسوپلارنىڭ ئېغىزىدىكىدەك «چۈشىنىكسىز»مۇ ئەمەس، بەلكى «ئەمەلىيەت» ئارقىلىق ئىسپاتلانغان تەسەللىدۇر.

ئېدىسوننىڭ «ئېلېكتىر تەتقىقاتى» مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كې-
يىن، نامى تېزلا «پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان»، بۇ خىل «تەسەللى»
«سەنئەت» جەھەتتىكى تەسەللى! «قەلب» جەھەتتىكى تەسەللىدۇر! ياز-
غۇچى نام چىقارغاندىن كېيىن ئېرىشكەن تەسەللى ئېدىسوننىڭكى بىلەن
ئوخشاش بولىدۇ!

بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، فرانسىيىلىكلەرنىڭ ھالا-
ۋەتپەرەسلىكىنى تەنقىد قىلغىنىمىزدا، بۇ خىل قاراشنىڭ تولىمۇ مەنىسىز
ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ «ھەۋەس» قىلىشىمىزغا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس
قىلىمىز.

بولۇپمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىكى، فرانسىيىلىكلەر ۋاقىتنى
زىيادە ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ! مانا بۇ، مەن ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە
بىلەن تۈپتىن زىت.

مېنىڭچە، تۇرمۇش 40 ياشتىن باشلىنىدۇ. كىشىلەر چۈشكۈنلە-
شىپ - ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەستىن، بەلكى ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ «مۇۋەپپەقىيەت» قازىنىش ئارزۇسىغا يېتىشى كېرەك! —
ۋاقىتنى زىيادە ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرەر
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ سۆزۈمگە مەن پۈتۈنلەي مەسئۇل
بولالايمەن.

## سىزدە مەلۇم ھەۋەس بولۇشى كېرەك

پسىخولوگلار مۇنداق دەيدۇ: «سىزنىڭ مەلۇم ھەۋەسىڭىز بولۇشى
كېرەك.»

دوختۇرلارمۇ: «سىز چوقۇم مەلۇم ھەۋەس يېتىلدۈرۈشىڭىز كې-
رەك» دەيدۇ.

ئەگەر سىز كۈندىلىك خىزمىتىڭىزدە قابىلىيىتىڭىزنى تولۇق جارى
قىلدۇرالمىغان بولسىڭىز، باشقا بىرەر ئىشنى قىلىپ كۆرۈڭ، ئۇ ئىش

بەلكىم سىزنىڭ ھەۋەسىڭىز بولۇپ قالار. مۇشۇنداق قىلغىنىڭىزدا، تەبىئىيكى، قابىلىيىتىڭىزنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيسىز. تۇرمۇشىڭىز مەنىلىك تۇرمۇش بولىدۇ، سىزمۇ مەقسەتلىك ياشىغان بولىسىز. ھەۋەس قابىلىيىتىڭىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە خىزمەتتىكى ھارغىنلىقىڭىزنى چىقىرىدۇ. كۆڭۈل ئازادىلىكى ئۇيقۇغا ئوخشاش مۇھىم.

سىز خىزمەت ئۈچۈنلا ياشىماسلىقىڭىز كېرەك. ھازىرقى زاماندا، خىزمەتنىڭ قۇلى بولسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئويۇن ئوينىمىسىڭىز، ھەرىكەت قىلمىسىڭىز، كۆڭۈل ئاچمىسىڭىز، ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە خاس سالاھىيەتتىن مەھرۇم بولغان بولىسىز، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىدىنمۇ مەھرۇم بولغان بولىسىز. ئەگەر سىز بوش ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشىڭىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمىسىڭىز، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى قىلمىسىڭىز، بۇ ھاياتىڭىزنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟ نورمال ھەۋەس سىزنى بارلىق مىسكىنلىك، ئىچ پۇشۇقى، بىمەنىلىكتىن خالاس قىلىپ، كەلگۈسى ئۆمرىڭىزنى تېخىمۇ بەختلىك ۋە قىزىقىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. سىز ئۆمرىڭىزدە يىغقان ئامانەت پۇلىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قېرىلار ساناتورىيىسىدىكى كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىز ئۈچۈن تاپشۇرۇۋېتىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

## بالىڭىزنىڭ ئىنتىلىشىنى مەسخىرە قىلماڭ

بالىڭىزنىڭ ئىنتىلىشىنى زاڭلىق قىلماڭ، مەسخىرىدىنمۇ بەك كىشىنى ئازابلايدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. مەسخىرە بالىڭىز ئۈچۈن كۆپىنچە زاڭلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىنىڭ غايىسى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جەھەتتىن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشى كېرەك. ئەگەر مۇمكىن بولسا مۇۋاپىق بىر نۇقتىنى تاللاپ، شۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسى-

نى ھاسىل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بالىنى ئالغا ئىنتىلىشكە ئۈندەپ تولۇق
ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش لازىم.

ئەڭ مۇھىمى بالىلار ئۆزى تاماملىيالايدىغان ئىشقا ياردەملىشىپ
يۈرمەسلىك كېرەك. بالىلارنى ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغۇدەك تە-
رەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئالاھىدە ھوقۇق ۋە شادلىقتىن مەھرۇم قىلماس-
لىق لازىم.

## بالىنى ئەيىبلەشتىن بۇرۇن...

ئادەتتە، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئەيىبلەشكە ئامراق كېلىدۇ، سىز
ئېھتىمال مېنى «بالىنى ئەيىبلىمەڭ» دېمەكچى ئوخشايدۇ دەپ قارىشىڭىز
مۇمكىن. بىراق، ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بالىنى
ئەيىبلەشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى «دادامنىڭ خاتىرىسى» دېگەن مەشھۇر
ماقالىنى ئوقۇپ كۆرگەيسىز. بۇ ماقالە ئەسلىي «ئاۋامىلار ئائىلىسى»
ژۇرنىلىغا بېسىلغان، ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنى بۇ
كىتابقا كىرگۈزدۇق.

### دادامنىڭ خاتىرىسى

لىۋىنىستون راند

ئوغلۇم، كىچىككىنە بۇدرۇق قولۇڭنى مەڭزىڭگە قويۇپ، ئالتۇندەك
بۇدۇر چاچلىرىڭ تەرلىگەن پېشانەڭگە چاپلاشقان ھالدا تاتلىق ئۇيقۇغا
كەتكەن بولساڭمۇ، سۆزۈمگە قۇلاق سالغايسەن. مەن سېنىڭ ياتاق ئۆيۈڭ-
گە ئاستا كىردىم، چۈنكى بايا كۇتۇپخانامدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرۇپ،
كۆڭلۈم قاتتىق ئۆكۈندى، ئاخىر پۇشايمان ئىچىدە كارىۋىتىڭنىڭ ئالدىغا
كەلدىم.

بالام، مەن نۇرغۇن ئىشنى ئويلىدىم، مەن دائىم ساڭا ئاچچىقلىنات-
تىم. ئەتىگەندە كىيىمىڭنى كىيىپ مەكتەپكە ماڭغان چېغىڭدا، يۈزۈڭنى

يۈيۈپ لۆڭگىنى قالايمىقان ئىشلەتتىڭ دەپ كايىپتىمەن؛ ئايىغىڭنى پاكىز سۈرتمەپسەن دەپ ئاچچىقلىنىپتىمەن، نەرسە - كېرەكلەرنى قالايمىقان تاشلىغىنىڭنى كۆرگىنىمدە، تېخىمۇ تېرىكىپ ۋارقىراپتىمەن.

ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدىمۇ شۇنداق. مەن دائىم سېنى نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆرۈۋەتتىڭ، تاماقنى ئوبدان چايناپ يېمىدىڭ، تاماق يېگەندە بىلىكىڭنى ئۈستەلگە قويۇۋالدىڭ، قايماقنى كۆپ سۈرتۈۋاپسەن، ۋاھاكازالار دەپ ئەيىبلەيتتىم. سەن تاماقنى يەپ بولۇپ ئوينىماقچى بولغان، مەنمۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، سەن مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كىچىككىنە قولۇڭنى پۇلاڭشىتىپ تۇرۇپ: «خوش دادا» دېسەڭ، مەن يەنىلا قوشۇمامنى تۈرۈپ تۇرۇپ«گەۋدەڭنى رۇس تۇت!» دەيتتىم.

كەچتىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولاتتى. يولدا كېتىۋېتىپ سېنى يوشۇرۇن كۆزىتەتتىم. سېنىڭ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مەرمەر ئويناۋاتقىنىڭنى، پايپىقىڭنى يىرتىۋەتكەنلىكىڭنى كۆرگىنىمدە ساڭا ھېچقانداق يۈز خاتىرە قىلماستىن، باشقا باللارنىڭ ئالدىدىلا ئۆيگە تېز قايت! دەپ قاتتىق ۋارقىرايتتىم، ئۇزۇن پايپاق بەك قىممەت، ئۇنى ئاسراپ كىيىشىڭ كېرەك! دەيتتىم. ئويلاپ كۆر بالام، بۇ دەل سېنىڭ داداڭنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەر ئەمەسمۇ!

ئېسىڭدىمۇ؟ تېخى بايا، مەن كۇتۇپخانامدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمدا، سەن قورقۇنچ بىلەن، كۆزلىرىڭدىن تەشۋىش نۇرى چىقىپ تۇرغان ھالدا، ئىشىك ئالدىدا ئىككىلىنىپ تۇرغىنىڭدا، مەن گېزىتتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بىزار بولغان قىياپەتتە: «نېمە دەيسەن؟» دەپ چالۋاقىغان ئىدىم.

سەن ھېچنېمە دېمەستىن، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ بوينۇمغا گىرە سېلىپ مېنى سۆيدۈڭ، سېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە بىلىكىڭدە ئاتىغا بولغان بىر خىل باللىق مۇھەببەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ خىل مۇھەببەتنى سېنىڭ دىلىڭغا تەڭرى سالغان. ئۇنى ھېچنېمە سۇسلاشتۇرالمايدۇ. سەن

مېنى سۆيۈپ قويۇپ پالاقشىپ يۇقىرى قەۋەتكە چىقىپ كەتتىڭ.

بالام، دەل ئاشۇ چاغدا گېزىت قولۇمدىن يەرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. مەندە توساتتىن بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولدى. مەن قانداق بولۇپ بۇنداق يامان ئادەتنى — بىراۋدىن قۇسۇر تېپىش، ۋارقىراش ئادىتىنى پەيدا قىلىۋالغاندىمەن. مانا بۇ مېنىڭ كىچىككىنە بالىغا بولغان مۇئامىلەم. بالام، بۇ مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىم ئەمەس، بەلكى ساڭا بولغان تەلىپىمنىڭ ئارتۇقچە يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكى، مەن ئىختىيارسىز ھالدا سېنى ئۆزۈمنىڭ يېشىغا تەڭ قىلىپ مۇئامىلە قىپتىمەن.

ئەمەلىيەتتە، سېنىڭ تەبىئىتىڭدە نۇرغۇن گۈزەللىك، سەمىمىيلىك، ساخاۋەت ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ. سېنىڭ كىچىككىنە قەلبىڭ خۇددى تاغ باغرىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياشقا ئوخشاش پاك. بۇنى سېنىڭ ئاشۇ بىغۇبار ھەم تەبىئىي، ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلماي ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى سۆيۈپ قويۇپ، كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن دېگەن ھەرىكىتىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بالام، بۈگۈن كېچە مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى مۇشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كارىۋىتىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىشتۇر!

بۇ ئۆز گۇناھىنى بىچارىلەرچە ئېتىراپ قىلىشتۇر. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى سېنىڭ تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. بىراق، مەن ئەتىدىن باشلاپ چوقۇم ھەقىقىي دادا بولىمەن! ھەمدە سەن بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ، سەن قايغۇرغاندا قايغۇرۇپ، خۇشاللانغاندا خۇشاللىنىمەن. ئەگەر يەنە تېرىكىدىغان سۆزلەرنى قىلسام چوقۇم تىلىمنى چىشلىۋالىمەن. مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمگە: «ئۇ پەقەت بىر بالىغۇ — كىچىك ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ!» دەيمەن.

«مەن سېنى چوڭ ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىكىم كېرەك ئىدى ئوغلۇم، شۇتاپتا كۆز ئالدىمدا، ھارغىنلىق يېتىپ كارىۋاتتا توگۇلۇپ ياتقان ئاشۇ قىياپىتىڭ، يەنىلا پۈتۈنلەي كىچىك بالىنىڭ قىياپىتى. تېخى تۈنۈ-

گۈن، بېشىگىنى ئاناڭنىڭ مۇرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ باغرىدا ياتقىنىڭ ئېسىمدە. مېنىڭ ساڭا بولغان تەلپىنىم ھەقىقەتەن بەك كۆپ، بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ.»

بىز ئىمكانقەدەر باشقىلارنى چۈشىنىشىمىز، ئەيىبلەپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك! ئىمكانقەدەر ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ: ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ دېگەننى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلىش تەنقىد ۋە ئەيىبلەشتىن كۆپ پايدىلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماي، كىشىدە ھېسداشلىق، سەۋر - تاقەت ۋە مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈرىدۇ.

«چۈشىنىش كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.»

## بالىلارنى ئارتۇقچە ئارزۇلاپ كېتىشكە بولمايدۇ

ئاتاقلىق پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى يېقىندىن بېرى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يوق كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك چۈشەنچە بەردى:

بۇ ئەھۋال ئاتا - ئانىلىرى زىيادە ئارزۇلاپ كەتكەن بالىلارنىڭ ئائىلىسىدە — ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ئاز ئائىلىلەردە — روشەنرەك بولماقتا. ئىلگىرى ئائىلىلەردە ئادەم سانى ھازىرقىدىن كۆپرەك بولۇپ، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلاشمايتتى، بالىلارنىڭ ئۆزى ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۆزى قارار قىلىدىغان ئەمەلىيەت مەشقى بار ئىدى.

كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش ئىرادىسىنى تېز يېتىلدۈرۈشتە كەسكىن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، ئەلۋەتتە. ئاتا - ئانا ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خاتا سېزىمى بۇ خىل

ئەمەلىي مەشىق نەتىجىسىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، كەسكىنلىك ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىششى تەبىئىي.

بۇ خىل ئەھۋال پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، شىركەت دىرېكتورى ياكى يېتەكچى ئورۇندىكى خوجايىنلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇلار قول ئاستىدىكىلەرگە دائىم: «بۇ يەردە مېنىڭ گېپىم گەپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى پەقەت مەنلا بىلىمەن» دەيدىغان پوزىتسىيىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ، بۇنداق قىلغاندا، تەبىئىيكى، قول ئاستىدىكىلەر روھىي جەھەتتىن كەسكىن بولالماي قالىدۇ.

يوھان روسكىننى بوشاڭ بالا دەپ قارايدىغان پەقەت ئۇنىڭ ئانىسى. بۇ ئانا ھەتتا روسكىننىڭ مەكتەپكە يالغۇز بېرىشىغىمۇ يول قويمايتتى. ئۇ روسكىنغا ھەمراھ بولۇپ مەكتەپكە باراتتى، دائىم بالام كىيىمىنى رەتلىك كىيگەندىمۇ، كەپسىز دوستلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەندىمۇ، قالايمىقان نەرسە ـ كېرەك يەپ قورسىقىنى ئاغرىتىۋالغاندىمۇ دېگەندەك ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىپ يۈرەتتى.

شۇنداق قىلىپ روسكىن ئانىسىنىڭ قولتۇقىدىن چىقالماي، ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا چىڭ باغلىنىپ قالغان. يوھمېر گېھىر بىلەن بولغان توي ئىشىنىمۇ بۇ ئانا دىتلاپ بەرگەن. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ 29 ياشلىق ئوغلىغا ۋاكالىتەن قىزچاققا توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان. بىراق، دائىم ئانىسىنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان ئوغۇل كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ھېسابلانمايدۇ. ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئاجرىشىپ كەتتى، بۇ ئىشنى «يېزىدىكىلەر» مازاق قىلىشىپ كۈلۈشكەن.

روسكىننىڭ ئىشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى بەك ئارزۇلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ياخشى مىسالى، روسكىنمۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن غەم قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قارار قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئانىسىنىڭ قىلىپ بەرگەنلىكى ئۆزىنىڭ خاراكتېر جەھەتتە ئاجىز بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ: «ئاتا ـ ئانامنىڭ دائىم مەندىن ئەندىشە قىلىشى، مېنى ئىرادىسىز ئادەم قىلىپ قويغان.

مەندە پەقەت ئۇلارغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇش، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق قابىلىيەت يوق ئىدى» دەپ يازغان.

بىر قىسىم ئەرلەر توي قىلغاندىن كېيىن، پۇتكۈل زېھنىنى كەسىپكە قارىتىپ، ئائىلىگە سۆيگۈ ئىزھار قىلمايدۇ. ئەگەر ئائىلىنىڭ خاراكتېرى ئاكتىپ بولسا، ئۆزىنىڭ ئەرگە بولغان نارازىلىقىنى بالىلارغا ئىپادىلەپ، ئۇلارغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بالىلارنىڭ كەسكىنلىك ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. دەرۋەقە، ئانىسىنىڭ چۈشەپ قويۇشىغا قاراپ تۇرماي قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بالىلارمۇ بار. بىسمار بۇنىڭ مىسالى. ئۇ ئۆزىگە ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئانىسىنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە بۇ خىل كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرىدۇ.

دوكتور چېينىي بۇ مەسىلە ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«بۇنداق ئانىلار — بولۇپمۇ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى بەختلىك بولمىغان ئانىلار ئۆزىنىڭ بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى بالىلارغا بېغىشلايدۇ. بۇنداق ئانىلار ئوغۇللىرىنىڭ زامانىنىڭ شەپقەتسىز دولقۇنلىرىغا ئۇچرىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ ۋە قىزلىرىنى يېنىدىن پەقەت ئايرىمايدۇ. مەكتەپتىكى نەتىجىسىنىڭ ناچارلىقى، كەسىپتىكى مەغلۇبىيەتلىرىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئانامنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قارشىغا يول قويمايدۇ.»

«مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشاش ئۈچۈن ئۆسمۈرلەر چوقۇم مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ھەر تەرەپتە يوشۇرۇنۇپ ياتقان توسقۇنلۇقلارنى چىقىرىپ تاشلىشى، ئۇلار ئائىلىدە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق، كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ يېتىلدۈرۈلۈشى كېرەك.»

«بالىلارنى يۆلىنىۋېلىشقا ئادەتلەندۈرۈپ ھەم بۇنىڭدىن خۇرسەن بو-

لۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئانىلار ئەڭ هاماقەت ئانىلاردۇر. »

«بۇنداق ئاتا - ئانىلارغا مەن شۇنداق مەسلىھەت بېرىمەنكى، بالىلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ يېنىدىن ئايرىۋېتىڭلار، ئۇلار مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرسۇن. ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش قەتئىيلىكى يېتەرلىك بولماي، سىلەرنى مەيۈسلەندۈرىدىغان بولسا، چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ئويلاڭلار ۋە ئىش كۆرۈڭلار: بالام بەختلىك بولسۇن، تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسۇن دەيدىكەنسىلەر، بۇنىڭ ئۇلار مۇستەقىل بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق يولى يوق، سىلەر بۇنىڭدىن تەسەللى تېپىشىڭلار كېرەك! »

# ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىلدۈرگەندە تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن ھەقىقىي ھوزۇرلانغىلى بولىدۇ

دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنىڭ تۇرمۇش مەقسىتى ئەسلىدىن ئوخشاش:
بىخەتەر بولۇش، ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىماسلىق.
خۇشال بولۇش، ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلماسلىق.
بەختلىك بولۇش، ئازابتىن خالىي بولۇش.
ئالىيجاناب ئىدىيە ۋە ئاڭغا ئىگە بولۇش، توختىماي يۇقىرى ئۆرلەش.

ئەمما، نېمە ئۈچۈن تۇرمۇش مەقسىتى ئوخشاش تۇرۇقلۇق، پەزىلەتتە يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى بولىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ياش ۋاقتىمىزدا تېخى ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش نىشانى توغرىسىدا ئېنىق ئىزدەنمەي تۇرۇپلا، بىر خىل ھوقۇققا، بىخەتەرلىك ۋە خۇشاللىق قارىشىغا ئىگە بولىمىز. بالىلار پەقەت چوڭ بولۇشنىلا ئارزۇ قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كىچىك، ئاجىز، گۆدەكلىكى، ئۇلارنى تەشۋىش، ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھوقۇق بولۇشنى

ئارزۇ قىلىدۇ. ھوقۇقى بار كىشىلەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نەمۇنە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ساقچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ساقچىنى يەرلىكنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغۇچى ھېسابلايدۇ، ساقچىدىنمۇ زور ھوقۇقى بار ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، شۇنداقلا دۇنيادا ساقچىدىنمۇ يۇقىرى ھوقۇقى بار ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سەبىي كۆڭلى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغاننىلا خاتىرىسىگە ئالالايدۇ. ئەگەر بىراۋ ئۇلارنىڭ يېقىنىنىلا كۆزلەيدىغان بۇنداق غايىسىگە يېتەكچىلىك قىلمىسا، ئۇلاردىكى ساقچىغا بولغان نوپۇز قارشى مۇقىملىشىپ قالىدۇ.

بىز شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، بارلىق رەزىل پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىشى تۇرمۇش مەقسىتىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. ئەگەر سىز ياخشى پەزىلەتكە موھتاج بولسىڭىز، ئەھمىيىتى بار، قىممىتى بار تۇرمۇش نىشانىنى ئىزدىشىڭىز كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتتە يەككە - يېگانە ياشىمايدىغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. جەمئىيەتتە بىزنىڭ بىخەتەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىمىز، پۈتۈنلەي توپلىشىپ ياشاپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتىدىن بولغان. ئۆزىنىڭ توپلىشىش ئىقتىدارى ئارقىلىق ھەركىم ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان جەمئىيەت ئەڭ مەدەنىي، ئەڭ ئىلغار، شۇنداقلا ئەڭ بىخەتەر جەمئىيەتتۇر.

ۋەھالەنكى، بارلىق قىممەتكە ئىگە نەرسىلەر — مۇھەببەت، نام - ئاتاق، سالامەتلىك ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت قاتارلىقلار — ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ تۇرمۇش مەقسىتىمىز، پەقەت شەخسكە تەۋە بولماستىن، چوقۇم جەمئىيەتكە تەۋە بولۇشى كېرەك. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى جەمئىيەتكە بەخت - سائادەت يارىتىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ياخشىلاش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە قاراتساق، بىزنىڭ تۇرمۇش نىشانىمىز توغرا بولغان بولىدۇ، ئالىيجاناب پەزىلەت ئەنە شۇ نىشاندىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئەمما، بىر نۇقتىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىز كېرەك.

ئادەم بالىلىق چېغىدىن تارتىپلا تۇرمۇش يۈنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان چېغىدا، شەخسىيەتچى كېلىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجى، مۇراد - مەقسىتى بولىدۇ ھەمدە بۇ مەقسەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى قاندۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان كىشىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ بىر تەبىئىي قانۇنىيەت. بىراق، بىز قانداق قىلغاندا بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن ياشلىق ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيمىز؟

بۇ يەردە ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بالىلىق چاغلىرىمىزدا، يەنى پەقەت تۇرمۇشنىلا ئارزۇ قىلىدىغان مەزگىللەردە، تۇرمۇشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر خىل ھوقۇققا موھتاج بولىمىز. بۇ ھوقۇققا ئېرىشكەن چېغىمىزدا قۇرامىمىزغا يېتىپ قالىمىز، بىزنىڭ نوقۇل ياشاش نىشانىمىز ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. بىز چوقۇم تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىمىز تەنھا ئىگىلىگەن ئۇ ھوقۇقنى جەمئىيەتكە تەقسىم قىلىشىمىز لازىم. بالىلىق چاغدىكى ھوقۇققا بولغان تەلەپ، پەقەت تۇرمۇش بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، بىراق پەقەت توپنىڭ كۈچى ئارقىلىق شەخسىي تۇرمۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، مانا شۇلا ئىشەنچلىك بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلدۇق. ئۇنداق بولمىغاندا جەمئىيەت تەرەققىي قىلمايدۇ، تۇرمۇشمۇ ئەلۋەتتە بىخەتەر بولمايدۇ.

بىراق، بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار يەنىلا بالىلىق مەزگىلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ قالغان، ئۇلار تولىمۇ شەخسىيەتچى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەقسىتى يەنىلا ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەش، خۇددى سىز بىر بالىنىڭ قولىدىن بىر تال كەمپۈتنى ياكى بىر ئويۇنچۇقنى ئېلىۋالماقچى بولغاندا، ئۇ بالا ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەنگە ئوخشاش. بۇنداق پەزىلەتمۇ شەخسىيەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ.

سىزنىڭ تۇرمۇش مەقسىتىڭىز قانداق؟ بۇ ئىنتايىن مۇھىم سىناق.

سىز پەقەت ئۆزىڭىزگىلا تەۋەمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنى ئاسراپ چوڭ قىلغان، سىزگە تۇرمۇش ھوقۇقى ئاتا قىلغان جەمئىيەتكە كۈچىڭىزنى بېغىشلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ئەگەر سىزنىڭ تۇرمۇش مەقسىتىڭىز سىزگە يېتىپ ئاشقۇدەك مال-دۇنيادا بولسا؛

كۆڭلىڭىزنى ئالىدىغان سۆيۈملۈك خوتۇندا بولسا؛

بىراۋنى كونترول قىلىدىغان ھوقۇقتا بولسا؛

سىزنى مەغرۇرلاندۇرىدىغان ئىجتىمائىي ئورۇندا بولسا، سىزگە سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتىپ قويايكى، سىز تۇرمۇشتا ھەقىقىي بەختكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسىز. سىزنىڭ ئالتۇن دەۋرىڭىز، يېشىڭىزغا ئەگىشىپ قىسقىرىدۇ، سىزنىڭ پەزىلىتىڭىزمۇ تۇرمۇش مەقسىتىڭىزگە ئەگىشىپ بارغانسېرى چاكىنىلىشىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدۇ، بەختتىن ھەممە تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، بەختلىك تۇرمۇشتىن ھەممە تەڭ ھۇزۇرلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا سىز تۇرمۇشىڭىزدىن ھەقىقىي بەخت ھېس قىلالايسىز.

## توختىماي ئاغرىنىش ئەڭ ئەجەللىك زەربىدۇر

دوزاخ ئوتى يامان، دوزاختىكى شەيتان ئىجاد قىلغان بەتبەشىرىلىك مۇھەببەت پىلانىنى بەربات قىلىۋەتكەن دېيىشىدۇ، ئەمما ئەڭ ئەجەللىك زەربە يەنىلا توختىماي ئەيىبلەشتۇر. ئۇ زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش كىشىنىڭ ھاياتىنى مەڭگۈ زەھەرلەپ بارىدۇ.

گراف تولستوينىڭ ئايالى بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن — ئەپسۇسكى تولىمۇ كېچىككەن ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، قىزلىرىغا: «داداڭلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە مەن سەۋەبچى بولغان» دەپ ئېتىراپ قىلغان. قىزلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلانغان. ئۇلار ئانىسىنىڭ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقلا ئانىسىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئاغرىنىشى،

مەڭگۈلۈك تەنقىدى، تۆگىمەس تاپا ـ تەنىسى ئۇلارنىڭ دادىسىنى بىئەجەل ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

تولستوينىڭ هاياتى تراگېدىيىلىك ئۆتكەن، بۇ تراگېدىيە ئۇنىڭ نىكاھ ئىشىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ ئايالى هەشەمەتچىلىكنى قوغلىشاتتى، ئەمما تولستوي ئاددىي ـ ساددىلىقنى ياخشى كۆرەتتى، ئايالى نام ـ ئاتاق ۋە جەمئىيەتنىڭ ماختىشىغا تەشنا ئىدى، بىراق تولستوي ئۇچۇن بۇلار هېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى؛ ئايالى مال ـ دۇنياغا هېرىس ئىدى، لېكىن تولستوي مال ـ دۇنياغا ئېرىشىشنى گۇناھ دەپ قارايتتى.

تولستوينىڭ ئايالى تولستوينى دائىم ئەيىبلەيتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلاتتى. چۈنكى، تولستوي كىتابلىرىنىڭ نەشر هوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، هېچقانداق نەشر هەققى ئالمايتتى؛ بىراق، ئايالى ئۇنىڭ ئاشۇ كىتابلىرىدىن كېلىدىغان پۇلنى تەلەپ قىلاتتى.

تولستوي ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندا ئۇ تەلۋىلەرچە يەردە يۇمىلايتتى ۋە بىر بوتۇلكا ئەپيۇننى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى ـ دە، ئۆلۈۋالىمەن، قۇدۇققا سەكرەيمەن دەپ قورقۇتاتتى.

ئىككىيلەننىڭ هاياتىدىكى بىر ئىش، مېنىڭچە تارىختىكى ئەڭ پاجىئەلىك بىر كۆرۈنۈش بولسا كېرەك. ئۇلار توي قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ناهايىتى بەختلىك ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىم؛ بىراق، 48 يىل ئۆتكەندە تولستوي ئايالىنىڭ چىرايىغا قارىسىمۇ سەسكىنىدىغان بولۇپ قالغان. بەزى كۈنلىرى كەچقۇرۇن، دىلى سۇنۇق، ياشىنىپ قالغان بۇ ئايال مۇھەببەتكە تەشنا بولۇپ، ئېرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، 50 يىل بۇرۇن خاتىرىسىگە يازغان، ئۇنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدىكى مۇھەببەت مىسرالىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. تولستوي ئوقۇپ مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ گۈزەل چاغلارغا كەلگەندە، هەر ئىككىيلەن ئەلەملىك ياش تۆكەتتى. تۇرمۇشتىكى رېئاللىق ئىلگىرى ئۇلار بىرگە ئۆتكۈزگەن مۇھەببەتلىك شېرىن كۈنلەردىن شۇنداق كەسكىن پەرقلىنەتتى.

85 ياشلىق تولستوي ئائىلىدىكى بەختسىزلىككە چىداپ تۇرالماي، ئاخىر 1910 - يىل 10 - ئاينىڭ قارلىق بىر كېچىسى ئايالىنىڭ قېشىدىن قېچىپ چىقتى — قەھرىتان سوغۇق كېچىدە، ھېچقانداق نىشانسىز مېڭىپ يۈردى.

ئارىدىن 11 كۈن ئۆتكەندە ئۇ ئۆپكە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ بىر ۋوگزالدا ئۆلۈپ قالدى. تولستوي جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ئايالىم قېشىمغا كەلمىسۇن دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

مانا بۇ، گراف تولستوينىڭ ئايالى تولا كوتۇلداپ، ئاغرىنىپ تەلۋىلىكتە ئۇچىغا چىققانلىقىغا تۆلىگەن بەدەلدۇر.

## ئائىلىدىكى تەنقىدتىن ساقلىنىڭ

گلادستون ئاۋام ئىچىدە قورقۇنچلۇق رەقىب بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىدە تەنقىدتىن مۇتلەق مۇستەسنا ئىدى. ئەتىگەندە بىنادىن چۈشۈپ ناشتىغا ئولتۇرغاندا ئائىلىدىكىلەرنىڭ تېخى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ناھايىتى سىلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۆيدە خىجىلچىلىق يوشۇرۇنغان يۇقىرى ئاۋازى بىلەن ئەنگلىيىدىكى ئەڭ ئالدىراش ئادەمنىڭ ئۆزى يالغۇز ناشتىلىق كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. ئائىلىدىكى تەنقىدتىن دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق ئىمكانقەدەر ساقلىناتتى.

دېكىس نىكاھ بەختسىزلىكى مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكىدىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نوپۇزلۇق كىشى، ئۇ بارلىق نىكاھنىڭ %50 ىدىن كۆپرەكى مەغلۇپ بولىدۇ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ شۇنداق كۆپ رومانتىك خىياللارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشتەك بۇ قىيا تاشقا سوقۇلۇپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، تەنقىد — ئاشۇ ئەرزىمەس، كىشىنىڭ قەلبىنى ئازابلايدىغان تەنقىد ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلە تۇرمۇشىڭىزدىكى خۇشاللىقنى ساقلاپ قالاي

دىسىڭىز، ئىسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى — تەنقىد قىلماڭ.

نىكاھىڭىزدا يوشۇرۇن خادا تاشقا سوقۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن جورىڭىزنىڭ سىزگە ياقىدىغان يەرلىرىنى ئىزدەپ كۆرمەيسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ بىراۋنى بىزار قىلىپ قويىدىغان تەرەپلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمايسىز؟ مۇشۇنداق قىلسىڭىز تۇرمۇشىڭىز پۈتۈنلەي باشقىچە ئۆزگىرىش ياسىشى مۇمكىن.

## بىراۋنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ھۆرمەتلەڭ ۋە ياقتۇرۇڭ

جامۇس ئىيتقاندەك: «كىشىلەر بىلەن ئالاقىلەشكەندە، بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش: بىزنىڭكى بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ قالمىسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى خۇش قىلىدىغان خاس ئۇسۇلىغا دەخلى قىلماسلىق كېرەك.»

بۇ بىر جۈملە سۆز ئىنتايىن مۇھىمكى، يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشقا ئەرزىيدۇ: «ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى خۇش قىلىدىغان خاس ئۇسۇلىغا دەخلى قىلماسلىق كېرەك.»

ياكى ۋود «ئائىلىدە بىرگە چوڭ بولۇش» دېگەن كىتابىدا ئىيتقاندەك: «نىكاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ھەرگىز ئۆزىگە ماس ئادەم تاپقانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى شۇ خىل مۇۋاپىق ئادەم بولۇشتا.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر سىز ئائىلە تۇرمۇشۇم بەختلىك بولسۇن دەيدىكەنسىز، جورىڭىزنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە بولماڭ.

## كالىلا ئىشلىتىشنى خالايدىغان ئادەملەر ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ

ئومومەن، كالىلا ئىشلىتىشنى خالايدىغان، يۇكسەك پەم - پاراسەتكە

ئىگە كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئادەتتە ئۇزاق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى بۇنداق كىشىلەرنىڭ مىڭە نېرۋىلىرى دائىم غىدىقلىنىپ تۇرغانلىقتىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ساغلام ۋە مۇكەممەل نېرۋا مەركىزى پۈتۈن بەدەنگە قوماندانلىق قىلسا ئۆمۈر ئۇزاق بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ماھىيەتتە ھەرىكەت دېمەكتۇر. ئاددىيراق قىلىپ چۈشەندۈرگەندە «ھەرىكەت» نىڭ «ئىقتىدار» غا ئۆزگۈرۈشىدۇر. «ئىقتىدار» بولسا كۆپەيمەيدۇ ياكى ئازايمايدۇ!

## رىتىملىق تۇرمۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ كاپالىتى

ئەبجەق ماشىنىدا ھەرگىز نەپىس بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولمايدۇ، ئەگەر سىز ماشىنىنى زورىغا ئىشلەتسىڭىز، ئىشلەتكەنسېرى ناچارلىشىپ چوقۇم يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بارىدۇ. نۇرغۇن ئادەم تىرىشىپ خىزمەت قىلىدۇ، بىراق كونا ماشىنىنى ئىشلىتىۋەرسە كونىراپ كېتىدىغان قائىدىنى چۈشەنمەيدۇ. نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ھارغىنلىقتىن ھاياتىي كۈچى قالمىغاندا يەنە ئىشلىسە چوقۇم خەتەرلىك بولىدۇ. ناھايىتى ئوبدان ماشىنىمۇ مايسىراپ كەتسە ئوبدان ئايلىنالمايدۇ. بىزنىڭ ئورگانىزم توقۇلمىلىرىمىزمۇ شۇنداق. بىئارام بولسا، مۇۋاپىق تولۇقلاپ كۈچەيتىلمىسە، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. نۇرغۇن ئادەم بار، ئۇلارنىڭ جېنى ئۈنچىۋالا كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشى ناھايىتى رىتىملىق، ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا غىزالىنىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۇخلايدۇ، ئۇخلاش ۋاقتىمۇ ناھايىتى يېتەرلىك، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزۈشىگە ياكى غىزالىنىش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق رىتىملىق تۇرمۇشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە يول قويماي-

دۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كەسىپتىكى مۇۋەپپەقىيىتى كۆپىنچە ئەقىللىق ۋە
كۈچلۈك ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇ-
كى، رىتىملىق تۇرمۇش بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى كۈچ- قۇۋ-
ۋىتىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرىدۇ، بىز چوقۇم رىتىملىق تۇرمۇش
كەچۈرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، سىرتتىكى پائالىيەتلەرگىمۇ كۆپرەك كۆڭۈل بۆ-
لۈش كېرەك. چۈنكى، بۇ كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرۇشتىكى ياخشى
ئۇسۇل، شۇنداقلا روھلۇق، ساغلام بولۇشتىكى ئوبدان چارە. ئەگەر
بۇنداق قىلماي، داۋاملىق ياخشى خىزمەت قىلىمەن دەپ ئويلىساق قەتئىي
مۇمكىن ئەمەس. ياش دوستلار، رەڭگى - رۇخسارىڭلار تازا ياخشى
بولمىغان، بەزى ئىشلار كۆڭلۈڭلارغا ياقمىغاندا، تۇرمۇش مەنىسىز تۇ-
يۇلغان، ھەرقانداق ئىشقا ئىلگىرىكىدەك قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان
چاغلىرىڭلاردا كۆپرەك ئارام ئېلىشىڭلار كېرەك. بۇنداق چاغلاردا سىلەر
چوقۇم يېزا - قىشلاق ياكى سىرتلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭلار.

مۇشۇنداق قىلالىساڭلار، ئىلگىرىكى قايناق كەيپىياتىڭلار چوقۇم
ئەسلىگە كېلەلەيدۇ. بىرنەچچە كۈن سەرىپ قىلىپ يېزا - قىشلاقلارغا
بېرىپ كەلسەڭلار ياكى خالىغان ھەرىكەت ياكى تاقتا چىقىش پائالىيىتى
بىلەن شۇغۇللانساڭلار ۋەياكى ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە مېڭىپ سەيلە
قىلساڭلار كۆڭلۈڭلاردىكى قاراڭغۇلۇق پاك - پاكىز يوقىلىدۇ. روھىڭلار-
مۇ كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن بولۇپ قالىدۇ.

## ھەرىكىتىڭىز سىزنى كىشىگە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ

ساختىلىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، دائىم ئۆزىڭىزگە كۆڭۈل
بۆلۈشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. مەسىلەن، بىز بىراۋ بىلەن پاراڭلاشقان-
دا، ئۇنىڭغا بىزنى مۆلچەرلەش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن بولىمىز. بىراۋ

بىزنى ياخشى مۆلچەرلىسۇن دېسەك، ئۆزىمىزنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلغايمىز. بىراۋ بىلەن بىر قېتىم يېقىنلاشقىنىمىزدا، ئۇنىڭغا بىر قېتىم مۆلچەرلەش پۇرسىتى بەرگەن بولىمىز، بىزنىڭ تەقى - تۇرقىمىز، ئېگىز ياكى پاكارلىقىمىز، يەڭگىل ياكى ئېغىرلىقىمىز ئۇنىڭغا ئايان بولىدۇ.

ئاشۇنداق بولسۇن دەيدىكەنمىز، بىزنىڭ بارلىق ئىدىيىمىز، يۈرۈش-تۇرۇشىمىز، ھەرىكىتىمىز، ئىقتىدارىمىز ۋە تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى قىلىۋاتقان خىزمىتىڭىزگە ئاتىشىڭىز لازىم. ئەگەر سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز چاكىنا بولسا، ئۆمۈر بويى قىلغان خىزمىتىڭىز چوقۇم ناچار بولىدۇ. سىزنىڭ سۆزىڭىزگە خەق ئىشەنمەيدۇ، تىرىشچانلىقىڭىزنىڭمۇ نەتىجىسى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر سىز سەممىي، ئالىيجاناب، پاك بولسىڭىز، ھەربىر ئېغىز سۆزىڭىز، ھەربىر ھەرىكىتىڭىز شۇنداق كەسكىن، كۈچلۈك بولىدۇكى، سۆزىڭىز كىشىگە باشلىقنىڭ بۇيرۇقىدەك تۇيۇلىدۇ. ھەممە ئادەم خۇشاللىق بىلەن بويسۇنىدۇ. مانا شۇ چاغدا سىز خالىغانچە ئىش قىلالايسىز.

كالىفورنىيىلىك بىر ئادەم تەركىبىدە ئالتۇن بولغان بىر قوتا قۇمنى بوستۇندا تۇرۇشلۇق بىر خىمىيە ئالىمىنىڭ ئالدىغا تەكشۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئېلىپ بارغان. بۇ ئادەم قۇم تەركىبىدە ئالتۇن بارلىقىدىن گۇمانلانغان ئەمەس، بەلكى مەقسىتى قۇمنىڭ قىممىتىنى ئىلمىي ئاساستا ئىگە قىلىش ئىدى، لېكىن خىمىيە ئالىمى بۇ قۇمدا پەقەت «گۇڭگۇرتلۇك تۆمۈر»لا بار ئىكەن دېگەن.

نۇرغۇن ئادەمنىڭ قارىشى شۇنداق، ئۇلار ئۆزلىرىنى قىممەتلىك ئالتۇن بولسامتىم دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، خەقنىڭ قارىشى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىنىپ: «ئەسلىدە گۇڭگۇرتلۇك تۆمۈر ئىكەنمەن!» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئادەملەرنىڭ بىرمۇنچىسى كېيىنكى كۈنلەردە پادىشاھ ئوردىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئەكسىچە يەنە بىرمۇنچە بايلار كېيىنكى كۈنلەردە نامراتلار گەمىسىدە جان ئۈزىدۇ.

دوستۇم، ئۆزىڭىزگە دائىم دىققەت قىلىڭ، ساختىپەزلىك سىزنى ئورىۋالمىسۇن. ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلەر سىزگە باھا بەرگەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالىسىز. ئۆزىڭىزگە دائىم دىققەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك باھاسىغا مۇيەسسەر بولۇڭ.

## بۈگۈننى ئوبدان مۆلچەرلىگەندە ئەتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە زېھنىنى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش ۋە كەلگۈسىنى خىيال قىلىش بىلەن زايە قىلىۋېتىدۇ. ئۆتكەنگىمۇ، كەلگۈسىگىمۇ ئېرىشىلىۋالماي، پەقەت ھازىرنى ئويلاش ئەڭ مۇۋاپىق پوزىتسىيىدۇر. ئەپسۇس، كىشىلەر بۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىچۇ؟ ئۇلار ھازىرقى تۇرمۇشقا يېقىن كېلىشى كېرەك ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتا ياشاشنى خالىمايدۇ. ئۇلار كىتاب دۆۋىسىگە چۆكۈۋېلىپ، ئىلگىرىكىنى خىيال قىلىپ، تۇرمۇشنى قەدىمىي ئاسار - ئەتىقىلەر ئىچىدىن ئىزدەيدۇ ھەمدە كىشىلىك دۇنيادىن ئايرىلغان دېڭىز ئۈستى ۋە سىرلىق تاغلار ئىچىدە ياشاشنى خىيال قىلىدۇ. دۇنيانىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى زادىلا سەزمەيدۇ. مەيلى ئۆتكەنكى دۇنيا بولسۇن ياكى كەلگۈسى دۇنيا بولسۇن ئۇلار ئۇچۇن بەرىبىر. پەقەت بۈگۈنكى دۇنيادا ياشىغاندىلا ئاندىن قىممەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۈگۈنكى دۇنيانى ئېنىق تونۇشىمىز ھەمدە شۇ دۇنيادا ياشىشىمىز كېرەك.

## تۇرمۇشىڭىزنى پىلانلىق، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇڭ

تۇرمۇشىڭىزدىن كۆرەش ئاساسىڭىزنى بېكىتكەندىن كېيىن، كۆ-

رەشچان تۇرمۇشىڭىز باشلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىز بۇ كۈرەش جەريانىڭىزنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئۇلۇغۋار كۈرەش نىشانىغا يېتىش ئۇزۇن بىر مۇساپىنى باسقانغا ئوخشاش، بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىنى بىر كۈچەپلا بېسىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاياتلىق دېگەن ئۇزۇن مۇساپە. بىراق، ئۇزۇن مۇساپىنى باسماقچى بولغاندا، سىزدە چوقۇم پىلان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، بىرىنچى كۈنى قەيەرگە بېرىش، قەيەردە چۈشلۈك تاماق يېيىش، قەيەردە قونۇپ ئارام ئېلىش قاتارلىقلار. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشى زۆرۈر.

دېمەك، سىز كۈرەش سەپىرىگە ئاتلانغان ئىكەنسىز، تۇرمۇشىڭىزنى باسقۇچلارغا بۆلۈۋېلىشىڭىز، بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز كېرەك. بىرىنچى قەدەمدە، ئۆزىڭىزنىڭ كۈچىنى قانداق تولۇقلايسىز، ئىككىنچى قەدەمدە قانداق ئالغا ئىلگىرىلەيسىز ياكى تۈزىتىشكە تېگىشلىك قانداق يېتەرسىزلىكىڭىز بار؛ تۈزىتىش ئۇسۇلىڭىز قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ؟ بۇلارنى پىلانلىۋېلىشىڭىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەزىلىتىڭىزدە قانداق يېتەرسىزلىكلەر بار؟ قانداق قىلىپ بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزەتمەكچى؟ قانداق قىلغاندا ۋاقتىڭىز ۋە زېھنىڭىزنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا خىزمەتتە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇلارنى كۆزىتىپ كۆرۈشىڭىز كېرەك.

كۈرەش سەپىرىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان كىشى كۈرەش باسقۇچلىرىنى ئېنىق ئايرىۋالمايدىكەن، خۇددى ساياھەت قىلىشتا ئالدى بىلەن ماڭماقچى بولغان مۇساپىنى بەلگىلىمىگەنگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ. مۇساپىنى باسقۇچقا بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم.

## ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بىلىڭ

كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قانداق بولۇپ يامان ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى،

بەزىدە پەۋقۇلئاددە ھالەتتىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويۇش كېرەك.

ئىككىنچى قېتىملىق پەۋقۇلئاددە ھالەت شارل بېرنالنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى ئادەمدەك قىلىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى قايتا تونۇپ يەتكەن.

بىرىنچى قېتىم، شارل ئىككى ياش ۋاقتىدىلا قان ئازلىق كېسەللىكىگە ۋە ئۇتتاقلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ئانىسى ئۇنى تاشلىۋەتكەن، بىراق برىتانى يېرىم ئارىلىدىكى بىر دېھقان ئۇنى بېقىۋالغان.

شارل دائىم تانىدا ئېگىز ئورۇندۇقتا تېڭىپ قويۇلاتتى. ئۇ ئۇستەل يېنىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ رەڭلىك قەغەز ئوينايتتى. بىر كۈنى ئۆيدىكىلەر تانىنى چىگىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شارل ئېگىز ئورۇندۇق ئۈستىدىن ئوچاقتىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئائىلىسىدىكىلەر يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى دەرھال ئوچاقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، سۈت قاچىلانغان سۈت پىشۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە سېلىۋېتىدۇ. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆيۈك يارىسى ساقىيىدۇ. بىراق، تارتۇقلار ئۇنىڭ بەدىنىدە مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالىدۇ. چوڭ بالا - قازادىن ئامان قالغان شارلغا كىشىلەر «سۈت گۈلى» دەپ لەقەم قويىدۇ.

مۇشۇ كۈندىن باشلاپ شارل ئوتتىن ئاجايىپ قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شارل بېرنال پۈتۈن پارىژنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئايال چولپان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ تىياتىرخانىنىڭ يېنىدىكى بىر سارايدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق ئائىلە جابدۇقلىرى لوئى XV زامانىدىكى نۇسخىدا ئىدى. توكۇر بولۇپ قالغان مومىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇراتتى. شارل رەپىتىسىيە ياكى ئويۇن قويغىلى كەتكەن چاغلاردا بالىسى مورىسقا مومىسى قارايتتى.

بىر كۈنى كەچ، ئۇ سىرتتىن قايتىپ ئۆيىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆيى بار كوچىغا ئادەملەر يىغىلىۋاپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ سارىيىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقۇدەك.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرىنى كۆرسە ئايلىنىپ كېتىدىغان، كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان بۇ چوكان ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنىڭ ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىدۇ. ئاپلا! ئۇنىڭ بالىسى مورىس تېخى ساراي ئىچىدە ئىدى! ئۇ ئۆزىنى توسۇماقچى بولغان ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ۋارقىرىغىنىچە بىناغا ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشىگە قارىماي، ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە ئوغلىنى ئىزدەيدۇ. ئاخىر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مورىسنى تاپىدۇ - دە، ئەدىيالغا يۆگەپ چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كوچىغا يۈگۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىدۇ.

بۇ پەۋقۇلئاددە ھالەت ئۇنى ئوتتىن قورقۇشنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقارغۇزىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە، سودا - سانائەت ساھەسى تېخى گۈللەنمىگەن ۋاقىتلاردا، نۇرغۇن ئادەم تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغانلا بولسا، چوقۇم ئادەتتىكى چاغلاردا كۆزى يەتمىگەن ئىشلارنى تاماملىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ پېشىۋاسى ئامېرىكىلىق ۋىلىيام جامۇس: «ئىقتىدارنى داۋاملىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغاندا ئىرادىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بۇ داۋاملىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، تىرىشىپ ئىشلەش، دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئاياللارنى ماختاشنى بىلمەي تۇرۇپ ھەرگىز توي قىلماڭ

دۇنيادا ئائىلىدىنمۇ بەك ماختاشقا موھتاج، ئائىلىدىنمۇ بەك ماختاش-

قا سەل قارايدىغان ئورۇن بولمىسا كېرەك. بىز بىراۋنى ماختاش پرىنسى-
پىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇنى ئالدى بىلەن ئائىلىدە تەتبىق قىلى-
شىمىز كېرەك. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ،
ھېچبولمىغاندا ئەر بولغۇچى ئائىلىنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ
قىلىدۇ. شۇڭا، ئەر - ئايال ئىككىيلەن بۇ ئۇزۇن ھايات مۇساپىسىنى
بىرگە ئۆتكۈزەلەيدۇ. ئەمما، توي قىلىپ بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كې-
يىن، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بارغانسېرى سۇسلىشىدۇ. ئەر بولغۇچى
ئائىلىنى ئانچىكى بولىسمۇ ماختاپ قويۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.
بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، مەن كانادانىڭ نىيپورونك شتاتىدىكى
مىرامج دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا بېلىق تۇتقىلى باردىم. ئۇ يەر ئادەمزات
يوق باراقسان ئورمانلىق ئىدى. مەن كەپەمنى تىكىپ، ئاش - تامىقىمنى
ئۆزۈم ئېتىپ يېدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن، شۇ
يەرنىڭ بىر پارچە گېزىتىنى سېتىۋاپتىكەنمەن، ۋاقتىمنى شۇ گېزىتنى
كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەن گېزىتنى باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ چىق-
تىم، گېزىتتە دىرس دىكوس خانىمنىڭ يىگىتلەرگە سوغا قىلغان قىسقا
ماقالىسى بار ئىكەن. بۇ خىلدىكى ماقالىلەر كەم ئۇچرايدىغان بولغاچقا،
مەن ئۇنى كېسىۋېلىپ ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، ماقالىدىكى بىر
ئابزاستا مۇنداق دېيىلگەن:
يىگىتلەرگە شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى، سىلەر بىراۋنىڭ كۆڭلىنى
ئۇتىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالماي تۇرۇپ ھەرگىز
توي قىلماڭلار. بويتاق چېغىڭلاردا ئاياللار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ماخ-
تاش - ماختىماسلىقىڭلارغا ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ؛ بىراق، توي قىلغاند-
دىن كېيىن، ئاياللارنى ماختاش ناھايىتى مۇھىم شەرت بولۇپ قالىدۇ.
بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ پايدا - مەنپەئىتى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى بەخت-
لىك ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان
شەرتلەرنىڭ بىرى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، نىكاھلىق تۇر-
مۇشتا دىپلوماتىيە تاكتىكىسىغا ئوخشاش سۆزلەش سەنئىتىگە سەل قاراشقا

بولمايدۇ.

ئەگەر سىز ئىناق ئائىلەم بولسۇن دېسىڭىز، ئايالىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى دائىم ئەيىبلەپ يۈرمەڭ، بولۇپمۇ ئايالىڭىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەيىبلىمەڭ ياكى ئايالىڭىزنى ئانىڭىز بىلەن سېلىشتۇرماڭ. ئايالىڭىزنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى دائىم ماختاپ تۇرۇڭ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەم ئىقتىدارلىق، ھەم چىرايلىق ئايال بىلەن قوشۇلغانلىقىڭىزدىن ناھايىتى خۇرسەن ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇڭ. ئەگەر ئايالىڭىز تاماقنى ياخشى ئېتەلمىگەن بولسىمۇ «ئاچچىقىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ، سەۋر قىلىڭ» ، بۇگۈنكى تاماق تۈنۈگۈنكىدەك ئوخشىماپتۇ دەپ قويسىڭىزلا كۇپايە. ئايال بولغۇچى ئېرىنىڭ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

بىراق، مەن سىزنىڭ دەرھال مۇشۇنداق قىلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلمايمەن، چۈنكى سىزنىڭ تاسادىپىي ھەرىكىتىڭىز ئەكسىچە ئايالىڭىزنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدۇ، بۈگۈن سىز ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئايالىڭىزغا بىر دەستە ئەتىرگۈل ياكى بىر قۇتا شاكىلات ئالغاچ بېرىڭ، كۆڭۈلدىلا ئويلىغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، چوقۇم ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. يەنە بىرسى خۇش پېئىل بولۇشنى، يېقىملىق چاقچاق قىلىشنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىز، كېيىنكى ئېيتالايمەنكى، سىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭلار چوقۇم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئاجرىشىپ كېتىش ئىشى ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولمايدۇ.

# كىچىك سوۋغىلارنىڭ ئاياللارغا بولغان ئەھمىيىتى

قەدىمدىن تارتىپ گۈل مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىپ كەلمەك-

تە، بولۇپمۇ گۈللەر ئېچىلغان مەزگىلدە، ھېچقانچە پۇل خەجلىمەيلا كوچىدىن چىرايلىق گۈللەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، ئويلاپ باقايلى، ئادەتتىكى ئەرلەردىن ئۆيىگە نەركەس گۈلى ئېلىپ بارىدىغانلار بەك ئاز، سىز ئېھتىمال نەركەس گۈلىنى ئالپىس تاغلىرىنىڭ قىيا - چوققىلىرىدا ئېچىلىدىغان، قىممەتلىك كەتران گۈلىدەك بولسا كېرەك دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن.

نېمە ئۈچۈن ئايالىڭىز دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاندىلا، ئاندىن گۈل سوۋغا قىلىسىز؟ نېمە ئۈچۈن تۈنۈگۈن كەچ ئايالىڭىزغا بىرنەچچە تال ئەتىرگۈل سوۋغا قىلمايسىز؟ نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرمەمسىز.

ئاياللار تۇغۇلغان كۈن ۋە خاتىرە كۈنلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ — زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقى ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدىكى مەڭگۈلۈك بىر سىر. ئادەتتىكى ئەرلەر ئۆمرىنى بىخۇدلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ نۇرغۇن ۋاقىتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىسىمۇ، لېكىن تۆۋەندىكى ۋاقىتلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ: 1492- يىل، 1776- يىل، ئايالىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، توي قىلغان يىل، ئاي، كۈن. ئالدىنقى ئىككى ۋاقىتنى ئەسلىيەلمىسىڭىز مەيلى — بىراق كېيىنكى بىرسىنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ!

چېكاگولۇق سوتچى مانباس نىكاھ ماجىراسىدىن 40 مىڭنى بىر تەرەپ قىلغان ھەمدە 2000 جۈپ ئەر - ئايالنى كېلىشتۈرۈپ قويغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇششاق ئىشلار كۆپ ساندىكى نىكاھ ئىشىدا بەختسىزلىك پەيدا بولۇشىنىڭ مەنبەسى بولغان. مەسىلەن، ئادەتتىكى بىر ئىشلار، ئائىلىۋى، ئەتىگەندە ئېرى ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا، ئايال ئېرىگە «خوش» دەپ قويسىلا، نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىرالىرىنىڭ نۇرغۇنىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ».

قىسقىسى، ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش — باشقا سېكە تېرىۋالغانلىق. بۇ ئەمەلىيەتكە سەل قارالسا، ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش بەختسىزلىككە

ئۇچرايدۇ. سىمران ئۆزىنىڭ ئاددىيغىنا بىر شېئىرىدا: «ئۇششاق - چۇششەك ئىشتا بەربات بولدى شېرىن كۈنلىرىم، ماڭا بائىس ئەمەس زىنهار سۆيگۈسىز كۈن - تۈنلىرىم» دەپ يازغان.

بۇ، ئەستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان شېئىر. لونوردا سوت كولېگىيىسى ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە ئاجرىشىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ خىل دېلودىن ھەر 10 مىنۇتتا بىرسى سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. سىزنىڭچە ئاشۇ ئاجراشقۇچىلارنىڭ زادى قانچىسى خادا تاشقا سوقۇلۇشتەك تراگېدىيىگە دۇچار بولغاندۇ؟ ھۆددە قىلالايمەنكى، بۇنداقلار ناھايىتى ئاز. سىز كۈن بويى ئولتۇرۇپ بەختسىز ئەر - خوتۇنلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، «مۇھەببەتنىڭ ئۇششاق ئىشلار سەۋەبىدىن بەربات بولۇشى»نى چۈشىنىپ يېتەلەيسىز.

## تۇرمۇشىڭىزنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ

پاراسەتلىك ئادەملەرنىڭ 40 ياشتىن كېيىنكى تۇرمۇشى ناھايىتى «ئاددىيلاشقان» بولىدۇ! «ئاددىيلىششىش» دېگەنلىك«ئاددىي تۇرمۇش» ، ئالايلۇق، قەدىمكى ئىسپانچە تۇرمۇش ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىشلارنى قائىدىلىك بىر تەرەپ قىلىش، زېھنىنى خالىغانچە ئىسراپ قىلماسلىق دېگەندىن؛ سەرپ قىلغان ئىقتىدار ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ئۈنۈمىگە ئېرىشىش، ئىقتىدارنى بىھۇدە ئورۇنلارغا ئىسراپ قىلماسلىق دېگەندىن ئىبارەت.

ياش چوڭىيىپ ئىقتىدار يىلسېرى ئاجىزلاپ بارىدۇ. بىراق، ئىقتىدارنى جايىدا ئىشلىتەلىگەندە، ئاز ئىقتىدار بىلەن زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى كۆپەيگەن بولمامدۇ؟

تۇرمۇشنى ئاددىيلاشتۇرغاندا ئىقتىدار سەرپىياتىنى تېجىگىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا پەلسەپىۋى مەنىسى يوق. چۈنكى، مەقسەت قالايمىقان

بولغاندىن كېيىن «ئىقتىدار» نى «قالايمىقانلاشتۇرۇپ»، «تىرىشچانلىقسىز» «يوققا» چىقىدۇ. ئەگەر مەقسەت بىرلىككە كەلگەن بولسا، «ئىقتىدار» مەركەزلىشىپ، تىرىشچانلىقمۇ «ئۈنۈملۈك» بولىدۇ.

بىراق، تەشكىللىك ئارزۇ ۋە ھەۋەس يولىدا سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولسىلا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن.

دەرۋەقە، تۇرمۇشنىلا ئاددىيلاشتۇرۇش كۇپايە قىلمايدۇ، ياش ۋاقىتلىرىمىزدا بىر بۆلۈك ھۈنەر - تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك! ئادەم 50 ياشقا بارغاندا، ئىقتىدارى يىلسېرى ئاجىزلاپ بارىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۆگىنىشتىكى ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئاستىلىماي قالمايدۇ! شۇڭا، 50 ياشقا كىرگەن ئادەمنىڭ بىرەر يېڭى ھۈنەر-تېخنىكىنى ئۆگەنمىكى خېلىلا قىيىن بولىدۇ.

## بىكار ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇڭ

سىزنىڭ ھەر كۈنى بوش ۋاقتىڭىز بارغۇ؟ بۇ بوش ۋاقىتلارغا ئەزەلدىنلا سەل قارايسىزغۇ؟ بىراق، بۇنداق بوش ۋاقىتلار دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن! قەدىمكىلەر مانا مۇشۇ بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزەتتى ۋە گۈزەل سەنئەتتىن ھۇزۇرلىناتتى — شەيئىلەرنى «تەپەككۇر» قىلىشتىن «پەلسەپە» بارلىققا كەلگەن. گۈزەل سەنئەتتىن «ھۇزۇرلىنىش» ئارقىلىق «ھېسسىي پاراغەتنىزم» مەيدانغا كەلگەن!

پەلسەپىگە كەلسەك، ئۇ دىنغا ئوخشاش سىرلىق كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنى روھىي جەھەتتە مەلۇم تەسەللىگە ئىگە قىلىدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئادەم پەلسەپىدىن ئاز - تولا بىلىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئادەم بولۇش سەنئىتى» نى كۆپرەك بىلسىڭىز «بەختلىك تۇرمۇش» قا يېقىنلىشالايسىز!

# خىزمەت رىتىمى

## ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان خىزمەتنى قىلىڭ

نۇرغۇن ئىشلار ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ: تەن ساغلاملىق (بۇنىڭ مۇتلەق زۆرۈر بولۇشى ناتايىن) ۋە جىسمانىي كۈچ — تىز پۈكمەس ئىرادە، ئومۇمىي ساۋات، قىزغىنلىق ۋە قابىلىيەت. بىراق، يەنە بىرنەرسە بولمىسا بولمايدۇ. بۇ نەرسە بولمىغاندا سىز ھەرقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز. ئۇ بولسىمۇ خىزمەت.

سىز بۇ دۇنيادا خەقتىن ئېشىپ چۈشمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم خىزمەت قىلىشىڭىز كېرەك، مەلۇم ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى بەك ئارزۇ قىلىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا بۇنىڭغا بەدەل بېرىشىڭىز زۆرۈر. بەدەل بېرىشنى خالامسىز؟ سىز ياخشى خىزمەت ئورنىغا چىقماقچى بولسىڭىز، باشقىچىرەك خىزمەت قىلىشىڭىز — ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز لازىم. سىز ئۇ ئىشنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمەسلىكىڭىز ھەمدە جاپا تارتىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئۇ ئىش ھامان سىزگە جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئەگەر سىز خىزمىتىڭىزگە «خۇددى» قىزىقمىغاندەك ئىپادىدە بولسىڭىز، ئاشۇ كىچىككىنە ئىپادىڭىز سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى چىنلىققا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە سىزنىڭ ھارغىنلىقىڭىز، جىددىيلىكىڭىز ۋە ئەندىشىڭىزنى يەڭگىللىتىدۇ.

مەن ئەزەلدىن ھەرقانداق كىشىنىڭ — مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن — پۇل تېپىش ئۈچۈن ياشىشىدىن ئەجەبلەنمەيمەن. ئەمما، ئۆز خىزمىتىگە ھېچقانداق قىزغىنلىقى يوق كىشىلەرنى كۆرگىنىمدە ئەپسۇس-

لانماي تۇرالمايمەن. مېنىڭچە، ئەگەر بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى بالدۇرراق بايقاپ يېتەلمەي، ياشلىقىدىكى بارلىق قىزغىنلىقىنى جارى قىلدۇرالمايدىكەن، ئۇنداقتا بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ.

سىز ھاياتتىن بىزارمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتكە بېغىشلاڭ، ئۇ خىزمەت ئۈچۈن ياشاڭ، ئۇ خىزمەت ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلىڭ. شۇنداق قىلغىنىڭىزدا، ئەسلىدە «ماڭا نېسىپ بولمايدۇ» دەپ قارىغان خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز.

ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىڭىزنى ئەرزىمەس دەپ قارىغان خىزمەتكە بېغىشلاشتىن ئەندىشە قىلماڭ. سىز ھەربىر خىزمەتنى تاماملاپ بولغىنىڭىزدا تېخىمۇ جاسارەتلىك بولۇپ قالىسىز. ئەگەر ئاشۇ كىچىك ئىشلارنى ياخشى قىلسىڭىز، چوڭ ئىشلارنى تەبىئىي ھالدا ياخشى قىلىپ كېتەلەيسىز.

مۇشۇ تاپتا سىز ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى قىلىۋاتقانسىز؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، تېزراق ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىڭ. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمەيدىغان خىزمەتنى قىلسىڭىز مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيسىز. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن، بىرنەچچە خىل خىزمەتنى قىلىپ كۆرگەن.

ھەممىدىن مۇھىمى، يىراقتىكى غۇۋا نەرسىلەرگە كۆز تىكمەستىن، يانىدىكى ئېنىق ئىشلارنى قىلىش كېرەك.

## بەنە بىر خىل ئۇسۇلنى سىناپ كۆرۈڭ

دۇنيادىكى كۆپلىگەن مۇھىم ئىشلارنى قىلچىلىك ئۈمىد قالمىغان ئەھۋالدىمۇ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئادەملەر تاماملىغان.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بىلەن مەغلۇبىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆزىنىڭ خاتالىقىدىن پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا قايتا سىناپ كۆرىدۇ.

ئۆزىڭىز ناھايىتى ياقتۇرغان ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، ئۇ ئىشتىن شۇئان ۋاز كەچمەڭ ھەمدە مەغلۇپ بولدۇم دەپ قارىماڭ، باشقا ئۇسۇللارنىمۇ سىناپ كۆرۈڭ، سىزدىكى ئوقنىڭ يەنە باشقا كىرىچىمۇ بار، ئۆزىڭىز خالىسىڭىزلا ئۇ كىرىچنى تاپالايسىز.

يەكۈن بىلەن غايىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھاياتىي كۈچنى ئېتىتقۇ قىلىڭ. مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاجايىپ سىرلىق رېتسېپى.

## ئەتىنىڭ خىزمەتنى ياخشى پىلانلاڭ

پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە نامى چىققان «پايتەخت مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى ھېنرى دوخت: ئادەمدىكى ئىككى نەرسىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، بۇ بىباھا ئىقتىدارنىڭ بىرى تەپەككۇر ئىقتىدارى، يەنە بىرى ئىشنىڭ ئېغىر - يەڭگىللىكىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، دېگەن ئىدى.

ئۆرۈق قول ئىگىلىك تىكلىگەن چارلېز روجمان 12 يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، پوراسودون شىركىتىنىڭ باش لىدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى يىللىق مائاشى 100 مىڭ دوللار بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىرت مىليون دوللارلىق باشقا كىرىملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى دوخت ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى خىل ئىقتىدارغا يىغىنچاقلايدۇ. «ئەستە قالدۇرۇشنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە قوپىمەن، چۈنكى مېنىڭ بۇ چاغدىكى تەپەككۇر ئىقتىدارىم ناھايىتى ياخشى ئىدى. مەن شۇ كۈنلۈك ئىشىمنى پىلانلايتتىم ھەمدە ئىشنىڭ ئېغىر - يەڭگىللىكىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باراتتىم» دەيدۇ روجمان.

پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى، سوغۇرتا كەسپىي خادىمى فرانك بېتگېر ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرۇپلا، شۇ كۈنلۈك ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولاتتى — بۇنى ئۇ ئالدىنقى كۈنى كەچقۇرۇن پىلانلاپ بولاتتى — ئۇ ھەر كۈنلۈك قوبۇل قىلىنىدىغان سوغۇرتا سوممىسىنى بېكىتىپ چىقاتتى، ئەگەر پىلانغا يەتمىسە، ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئەتىلىك پىلانغا قوشۇپ قوياتتى. كېيىنكىلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولاتتى.

ئۇزاق يىللىق تەجرىبىدىن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ھېچقانداق كىشى ئىشنى مەڭگۈ ئېغىر - يەڭگىللىكىگە قاراپ قىلالمايدۇ. بىراق، ماڭا شۇنىسى ئايدىڭكى، ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قىلىش ئۇسۇلى نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىشتىن ھامان كۆپ ياخشى.

ئەگەر شوبونارت ئۆزىگە قاتتىق بەلگىلىمە تۈزۈپ ھەر كۈنى بەش ۋاراق ماقالە يېزىشنى داۋاملاشتۇرمىغان بولسا، ئېھتىمال مەڭگۈ بانكىنىڭ كاسسىرى بولۇپ ئۆتكەن بولاتتى. ئۇ توققۇز يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. توققۇز يىل جەريانىدا پەقەت 30 دوللارلىق قەلەم ھەققىگە ئېرىشتى. بۇ پۇل كۈنلۈكىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر تىيىندىن توغرا كېلەتتى! ئۇ يېزىقچىلىقنى ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر ئاتاقلىق يازغۇچى بولۇپ چىقتى. قاقاس ئارالغا ئېقىپ بېرىپ قالغان روبىنسونمۇ كۈندىلىك مەشغۇلات ۋاقتى جەدۋىلى تۈزۈشنى ئۇنتۇپ قالمىغان!

## يوشۇرۇن كۈچىمىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك

ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى «ئويۇن»نى قىزغىن سۆيىدۇ. بۇ ئۆزىنى نامايان قىلىشنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قىممىتى، ئالاھىدىلىكى

ۋە غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ پۇرسىتى. بۇ، مېنىڭ ۋە پىرەنىڭ يېپىش مۇسابىقىسىنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ گەۋدىلىك ئارزۇسىنى مۇھىملىقتا ئىگە قىلىش ئارزۇسىنىڭ باشلىنىشى.

بىز ھەممىمىزدە ئۆزىمىز كۆرۈۋالالمايدىغان ئىقتىدار بولىدۇ، ھەتتا بىز چۈشىمىزدىمۇ قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيمىز. زۆرۈ-رىيەت بولۇپ قالسا ھەرقانداق مۇھىتقا روبىرو بولالايمىز، ھەتتا ھازىرغى-چە قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيمىز.

بىز ھەممىمىز مۇشۇ دۇنيادا ياشايدىكەنمىز نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كېلىمىز. ئۇنى ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بىراق بىزدە ئەلۋەتتە ئاز - تولا تاللاش بولىدۇ. بىز بۇ ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئۆز ھاياتىمىزنى نابۇت قىلىمىز ۋەياكى جاسارىتىمىز بەربات بولۇپ ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ئەگەر سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن شۈبھىلەنمىسىڭىز، باشقا ئىش-لارنىڭ خىزمىتىڭىزگە دەخلى بولۇشىغا ھەرگىز يول قويماڭ. دۇنيادىكى ناھايىتى ياخشى ئىشلەنگەن نۇرغۇن ئىشلار قارىماققا مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تاماملانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى خىزمەتنى تاماملاش.

كىشىلەرنىڭ سىزگە بولغان باھاسىدىن ئەنسىرىگەندىن كۆرە، ئامال بار ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇلار قايىل بولغۇدەك ئىشلارنى قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

## زېھنىڭىزنى مۇۋاپىق ئىشلىتىڭ

ئاشۇ پۇرسەت ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك پۇرسەتمۇ؟ زېھنىڭىزنى قاچان، قانداق يەرگە ئىشلەتسىڭىز ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز؟ بۇ، كەلگۈسى-دىكى ھەرقانداق بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى قايتا - قايتا ئويلىنىشقا

تېگىشلىك ئىش. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، زېھنىڭىزنى مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىشلىتىپ ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىز لازىم. يەنى بىز تاللىغان كەسىپ جىسمانىي قۇۋۋىتىمىز، زېھنىمىز، قىزىقىشىمىز قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا بۇ خىزمەتنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىيەلەيمىز، ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايمىز. بەزىلەر: مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى ئۇلارنىڭ كىچىك چېغىدىلا مەلۇم جەھەتتە تەربىيىلىنىپ، مەلۇم ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەنلىكىدىن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئەمەلىيەتتە توغرا ئەمەس. نۇرغۇن ئەر - ئاياللار ئوتتۇرا ياشقا بارغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان كەسىپنى بېكىتەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىنى بېكىتىشى باشقىلاردىن كېيىنرەك بولسىمۇ، بىراق ئۇلار كەسپىنى بېكىتىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن تەجرىبىسى مول بولىدۇ، كەسپىنى بېكىتكەندىن كېيىن ناھايىتى تېز ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەرقانداق ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيدۇ.

## توغرا ھۆكۈم ئىشلارنى ئۈنۈملۈك قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى

نۇرغۇن تەجرىبە ياكى رېئال ئىشلارنى كۆزىتىش نەتىجىسى توغرا قىلمىغان ئىشتا ۋاقىت كۆپ سەرپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىزمەتكە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان كىشى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمەيدىغان كىشىدۇر. خىزمەتنى توغرا قىلىش بىلەن ئاستا قىلىش ماھىيەتتە ئوخشاشمايدۇ.

ئەگەر توغرا ئەستە قالدۇرغىلى بولسا، ئىمكانقەدەر تېزراق ئەستە قالدۇرۇش كېرەك.

ئىمكانقەدەر توغرا قىلغاندا نۇرغۇن ئىشنى مۇكەممەل قىلىپ كەتكى-

لى ، سۇپەتنى ياخشىلىغىلى ھەمدە مىقدارنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
«سىپىتا ئىش قىلىشتا ياخشى قورال بولۇشى كېرەك». ئىشقا ماھىر، دانا ئۇستىكارنىڭ ئەسۋابلىرى داۋاملىق ياخشى تۇرىدۇ ھەمدە خالىغان ۋاقىتتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئۇستىكارلار ئۇلاردىن ئاغرىنىپ يۈرمەيدۇ.
سۇرومىن: «كىچىك ئىشلارغا سەل قارىغان كىشى چوقۇم كىچىك ئىشتا ھالاك بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

## مەغلۇبىيەت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتنى يېتىلدۈرۈڭ

مەغلۇبىيەت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. توسقۇنلۇق ۋە مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى ئىككى چوڭ مەزمۇت پەلەمپەي. بۇ ئىككى ئامىلنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلاردىن پايدىلانغان كىشى بۇنىڭدىن باشقا ئامىلنىڭ چوڭ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. قېنى ئۆتكەنكىلەرنى ئەسلەپ كۆرۈڭ، مەغلۇبىيەتنىڭ ئاشۇ يەردە سىزگە ياردىمى بولغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

## ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەي ھەرىكەت قىلىڭ

ئەگەر سىز بىلەن مەن ئالدىراش بولمىساق — ئەگەر ئولتۇرۇپ خىيالللا سۈرسەك — ئۇ ھالدا بىز چارلىېز دارۋىن ئېيتقاندەك بىر توپ «پارازىت قۇرت» ئىشلەپچىقارغان بولىمىز. بۇ بىر بۆلۈك پارازىت قۇرتلار باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى قەدىمكىلەر ھېكايە قىلغان كىچىك ئالۋاستىلار، ئۇلار بىزنىڭ روھىمىزنى كاۋاك قىلىپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى بەربات قىلىدۇ.

# قىزغىنلىق — خاراكتېرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

قىزغىنلىق — خاراكتېرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. قىزغىنلىق بولمىسا، سىز ئىگە بولغان ھەرقانداق ئىقتىدارنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەنكى، ھەرقانداق ئادەمدە ئۆزى بايقىمىغان نۇرغۇن يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ. ئېھتىمال سىز بىلىملىك بولۇشىڭىز، توغرا يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئىلغار تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئۆز كۆڭلىڭىزنى ئىدىيىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىزگە قويۇشنى بىلمىسىڭىز ھېچقانداق كىشى — ھەتتا ئۆزىڭىزمۇ — سىزدە شۇنداق ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ.

قىزغىنلىق تاشقى ئىپادىلا بولماستىن، بەلكى چىن قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ. ئۇ سىز قىلىۋاتقان مەلۇم خىزمەتكە بولغان چىن ئىشتىياقىڭىزدىن پەيدا بولىدۇ.

قايناق قىزغىنلىق ئەمەلىي قىممىتى بولغان بىلىم، جەسۇر ئىرادىنى مەنبە قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ.

قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىققا ئىگە قىلالايسىز؟ ئۆزىڭىزگە ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭىزنى ئېيتىڭ، ئاندىن ئۇ ئىشنىڭ سىز ياقتۇرمايدىغان قىسمىدىن تېز ئۆتۈپ، ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان قىسمىنى قىلىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشقا قىزغىنلىقىڭىزنى ئىپادىلەڭ. خىزمىتىڭىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈڭ ھەمدە ئۇلارغا ئۇ خىزمەتنىڭ سىزنى قانداق قىزىقتۇرغانلىقىنى دەپ بېرىڭ.

ئۆزىڭىزنى قىزغىن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلىسىڭىز بارا - بارا چوقۇم قىزغىن بولۇپ كېتەلەيسىز.

ئۆزىڭىزنىڭ تېمىسىنى چوڭقۇر قېزىپ تەتقىق قىلىڭ، ئۆگىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈڭ، ئىمكانقەدەر تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئىختىيارسىز ھالدا قىزغىن بولۇپ كېتەلەيسىز. مەسىلەن، ئىلگىرى مەن لىنكولنغا ئانچە قىزىقمايتتىم، لىنكولنغا ئائىت بىر پارچە كىتاب يازغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىدىغان، چوقۇنىدىغان بولۇپ قالدىم. ۋاشىڭتوننىمۇ بەلكىم لىنكولنغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئەرباب بولۇشى مۇمكىن، بىراق مەن ئۇنىڭغا لىنكولنغا قىزىققاندەك قىزىقمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ۋاشىڭتون توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس. ھەرقانداق ئىشنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا ئاندىن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ.

مېنىڭ ئىككى قوشنام بولۇپ، بىرسى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق خىزمىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەر دېسە، بىرەر كۈن سۆزلەپ بېرەلەيدۇ؛ يەنە بىرسى ھەيكەلتىراش بولۇپ، ھەيكەلتىراشلىق توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا شۇئان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىگە قىزغىن بولۇپ كېتەلمەيدۇ.

يەنە بىر مىسال، مېنىڭ ئايالىم توئورز لىنكولنغا ئانچە قىزىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ لىنكولن توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس. بىراق، ئۇنى شېكسپىر توغرىسىدىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىس دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، شېكسپىر توغرىسىدا سۆز بولسا، ئۇ ئاجايىپ ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. بىراق، مېنىڭ شېكسپىر توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم لىنكولن توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمدەك كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شېكسپىرغا قىزىقىشىم لىنكولنغا بولغان قىزىقىشىمنىڭ ئۈچتىن ئىككىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ.

قىزغىنلىق دېگەن نېمە؟ قىزغىنلىق دېگىنىمىز، ئىچكى ھېسسىياتنى سىرتقى جەھەتتە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر، بىز مۇھىم نۇقتىنى خەقلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىگە ھەي-

دەكچىلىك قىلىشقا قويۇشىمىز لازىم. ئەگەر شۇنداق قىلالىساق، سۆزلىگۈچى خۇددى نەپەسلەنگەنگە ئوخشاش ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ روھلۇق قىياپىتىنى نامايان قىلىدۇ. دەرس ئۆتكەندە ئىمكانقەدەر كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن قول سېلىشىمىز كېرەك.

قىزغىنلىق بىر خىل قايناق روھنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەن بولىدۇ... مەن بۇ ھالەتنى «ھاياجاننى تىزگىنلەش» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بىراۋغا ياردەم بېرىش قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان بولسا، ھاياجانلىنىسىز. سىزنىڭ بۇ ھاياجىنىڭىز كۆزىڭىز، چىرايىڭىز، روھىڭىز ھەمدە سىزنىڭ كىشىلەرگە بولغان بارلىق مۇئامىلىڭىزدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ روھىڭىز ئۇرغۇغان بولسا، ئۆزگىنىمۇ ئىلھاملاندۇرالايسىز.

## ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىشنى قىلىڭ

ئىلگىرى مەن ناھايىتى باي بىر ئادەم بىلەن تونۇشاتتىم. ئۇ ھەر سائەتتە تەخمىنەن 500 دوللار كىرىم قىلاتتى. ئۇنىڭ قىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ ياقتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلار ئىدى. بىراق، ئۇ ئەزەلدىن بىردەملىك ھاياجانغا تايىنىپ ئىش قىلغان ئەمەس. ئۇ دائىم بىر - ئىككى يىللىق ئىشلارنى ئالدىن پىلانلىۋېلىپ، ناھايىتى تەرتىپلىك ئىشلەيتتى. ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنىڭ تەرتىپىگە ئاساسەن مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئېغىر - يەڭگىللىكىنى دەڭسەپ، بىر - بىرلەپ بىر تەرەپ قىلاتتى، نەتىجە قازانمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايتتى! ئىشنى ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلغاندا، زېھىن ۋە ۋاقىت ئىسراپ بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر ئىشنى قىلىۋاتقاندا، ناھايىتى كۈچلۈك ئىشتىياق پەيدا بولىدۇ! ئۇنىڭ پىلانلىرى ناھايىتى دانا ئىدى! ئۇنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايتتى. ئەمما، ئۇ «پۇل - دۇنياغا تويماس» لاردىن

ئەمەس، بەلكى پۇل - پۇچەك دېگەنگە ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى.

ئېسىمدە قىلىشىچە، بىر قېتىم ئۇ سىرتقا ساياھەتكە چىققاندا ھەتتا پۇل ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق ئىدى. يېنىدا پۇل يوق، مېھمانخانىدا ياتالمىغان چاغدا، ماتروسلاردىن پاناھ جاي تەلەپ قىلىپ بىرنەچچە كۈن قونغان. بولكا سېتىۋالغىلى پۇلى بولمىغانلىقى ئۇچۇن ئېرىقتىكى سۇزۇك سۇنى ئىچىپ جان ساقلىغان. بىراق، ئۇنىڭ بۇنداق غۇربەت كۈنلىرى تېزلا ئۆتۈپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇ ئەسلىدە ئىقتىدارلىق ئادەم بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي خىزمەت تېپىۋالدى. شۇنداقلا بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشلەپ تاپقان پۇلى بىلەن ساياھىتىنى تاماملىدى. شۇڭا، ئۇ خەققە مەغرۇرلىنىپ: «ئەگەر سىزدە ئىقتىدار بولسىلا، پۇل بولمىسىمۇ ھەرقانداق يەردە ئوخشاشلا كۆڭۈلنى ئاچالايسىز!» دەيدۇ.

ئۇ ئەزەلدىن ئۆزى ئېھتىياجلىق بولمىغان خىزمەتنى بىر سائەتمۇ قىلىپ باققان ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئەتىراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە ئىشىدا مول «قىزىقىش»نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ «لۇغىتى»دە «زېرىكىش» دېگەن سۆز مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن.

ئۇ ھازىر 43 ياشقا كىرگەن، يەنىلا خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن: «مەن 40 ياشتىن باشلاپ ھەرقانداق ئىشنى پەسەنتىمگە ئالمايدىغان بولۇپ قالدىم» دەيدۇ.

نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قارشى چىقىپ: «ھېچقانداق كىشى 40 يېشىدىلا ھەممىدىن قول ئۈزۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ پەيزىنى سۈرگەن ئەمەس!» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ سوئالغا بەرگەن جاۋابى تولىمۇ قىزىقارلىق! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى مەن 40 ياشتىن كېيىن 〈تۇرمۇش〉تىن — يەنى ئاشۇ ھەقىقىي 〈تۇرمۇشنى مەقسەت قىلغان خىزمەت〉تىن ۋاز كېچىشنى دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەگەر

بىر كىشى 40 ياشتىن كېيىن قولىنى قوشتۇرۇپ ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرۈشنى ئويلىسا، بۇ تازىمۇ ئەخمىقانە قىلىق بولمامدۇ؟ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم كىشى 40 ياشتىن كېيىن، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىنىڭ 〈كەسپى〉نى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىكى كېرەك! »

# مەدھىيە ۋە ئىلھام كىشىنى تىرىشىپ ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ

1921 - يىلى ئاندرېۋ كارنىگ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن كۆزدىتىپ، شوبېرنى يېڭىدىن قۇرۇلغان «ئامېرىكا پولات شىركىتى» نىڭ تۇنجى لىدىرلىقىغا تەيىنلەيدۇ. شوبېر ئاران 38 ياش ئىدى (شوبېر كېيىن «ئامېرىكا پولات شىركىتى» دىن ئايرىلىپ، ئەينى چاغدا خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان «بىسلىبخىن پولات شىركىتى» نىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىدۇ ھەمدە بۇ پولات شىركىتىنى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ زور پايدا تاپقان شىركەتلەرنىڭ بىرى قىلىپ چىقىدۇ).

ئاندرېۋ كارنىگ نېمە ئۈچۈن 1 مىليون دوللار پۇل خەجلەپ شوبېر ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىدۇ؟ بۇ ھەر كۈنى 3000 دوللار پۇل خەجلىگەنگە باراۋەر، ئەجەبا شوبېر ئەپەندى شۇنچىۋالا تالانتلىق ئادەممۇ؟ ياكى ئۇنىڭ پولات ئىشلەپچىقىرىشتا بىلىدىغىنى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپمىدۇ؟ ھېچقايسىسى ئەمەس. شوبېر ئەپەندىم ئۆز ئېغىزى بىلەن ماڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەمگە قارىغاندا ئۇنىڭ پولات ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدىكى بىلىمى ئەمەلىيەتتە بېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شوبېرنىڭ يۇقىرى ئىش ھەققىگە ئېرىشەلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىدا، ئادەملەرنى ياخشى باشقۇرالايدىغانلىقىدا ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىشلار-

نى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆز بىلەن جاۋاب بەردى. — بۇ سۆزنى مۇمكىن بولسا مىس تاختىغا ئويۇپ، ھەربىر ئائىلە، ھەربىر مەكتەپ، ھەربىر ماگىزىن ۋە ئىشخانىغا ئېسىپ قويۇش كېرەك. بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بۇ سۆز شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ تۇرمۇش قىياپىتىمىزنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ!

«قارىغاندا مەن كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاشتىكى تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە بولسام كېرەك. كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — ماختاش ۋە ئىلھام بېرىش».

«چوڭلار ياكى باشلىقنىڭ تەنقىدى ئادەمنىڭ جاسارىتىنى ئاسان نابۇت قىلىدۇ. مەن ئەزەلدىن بىراۋنى تەنقىد قىلمايمەن. مۇكاپات — خىزمەت قىلدۇرۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن باشقىلارنى ماختاشنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلاردىن قۇسۇر تېپىشتىن بىزارمەن. مېنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرۈشۈمگە كەلسەك، مەن بىراۋنى سېخىيلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ماختاشنى ياخشى كۆرىمەن».

مانا بۇ شوببېرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرى. بىراق، ئادەتتىكى كىشىلەر قانداق قىلىدۇ؟ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئۇلار بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىسا قول ئاستىدىكىلەرگە چوقۇم قوپال تېگىدۇ؛ ياقتۇرىدىغان بولسا ئۈن چىقارمايدۇ، خۇددى كونىلار: «ياخشى ئىشنى ئادەم بىلمەس، يامان ئىشقا خەۋەر كەتمەس» دېگەندەك.

«تۇرمۇشتا، مەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان، — دەيدۇ شوببېر ئەپەندى، — مەيلى ھەرقانچە ئۇلۇغ ياكى ھۆرمەتلىك ئادەم بولسۇن، ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئېتىراپ قىلىنغان ئەھۋالدا تەنقىدكە ئۇچرىغاندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغانلىقى، خىزمەت ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقى ماڭا ئايان».

# ياخشى خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندە، خىزمەتمۇ بىر خىل راھەتكە ئايلىنىدۇ

دۇنيادا ئاتاقلىق شەخس دەپ ئاتالغان كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن مۇنەۋۋەر بولۇشى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك خىزمەت ئادىتى، يەنى قىيىن ئىشلارنى ناھايىتى ئوڭاي پۈتكۈزۈش ئادىتى بولغانلىقىدا. مەيلى ئۇلار تەبىئىي تالانتقا ئىگە بولسۇن - بولمىسۇن، ھامان تالانتلىقلارغا خاس خىزمەتلەرنى قىلىدۇ ھەمدە تالانتلىقلارغا خاس نەتىجىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار: ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆرە تۇرۇپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، بارلىق تالانت ئىگىلىرىدە مۇۋاپىق، خاس خىزمەت ئادىتى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئادەتلەر سەل قاراپ بولمايدىغان قىممەتلىك ئادەتلەردۇر. تۆۋەندە بىرقانچە مىسال كۆرسەتمەكچىمەن.

1. ئۇلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا كۆز ئالدىدىكى خىزمەتلەرنى ئويلىشىپلا قالماي، يىراق كەلگۈسىدىكى نىشانىنىمۇ پىلانلاپ كۆرۈش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، كۆزلىگەن نىشان ئۇلارنى ھەرقانداق قىيىنچىلىق ياكى توسالغۇغا تىز پۈكمەي، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

2. ئۇلاردا پىلاننى قەتئىي ئىجرا قىلىش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلاردا زېھنىنى چاچىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، كەلگۈسى ئۈچۈن ۋاقتىنىچە سەۋر - تاقەت قىلىش ئىرادىسى بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنىڭ ئىپادىسى.

3. ئۇلار خىزمەتكە پايدىسىز ئىشلارغا قارىتا دائىم «ياق» دەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلار دائىم ھەق يولدا ماڭىدۇ، تۈيۈق يولدا ماڭمايدۇ.

4. ئۇلاردا خىزمەتكە پايدىلىق كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلار ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئۇقۇم، يېڭى بىلىم ياكى يېڭى ئىلھامنى قوبۇل قىلىدۇ.

5. ئۇلاردا كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تېز بىر تەرەپ قىلىش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلار ئۆتكەن ئىشلارغا بەند بولۇپ قېلىپ، ھازىرقى خىزمەتنى ئاستىلىتىپ قويمايدۇ.

6. ئۇلار ئۈزلۈكسىز خىزمەت قىلىش ئادىتى بولغاچقا، ھورۇنلۇق، سۆرەلمىلىكنى ھەرگىز قىلمايدۇ.

7. ئۇلاردا ئۇششاق ئىشلارنى چاقماق تېزلىكىدە، كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش ئادىتى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار يەنە كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈستىدە ئىزچىل مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ.

8. ئۇلاردا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشقا تۇتۇنۇش ئادىتى بولىدۇ. ئادەتتە سەھەر تۇرۇپ ئىشلەيدىغانلار پۈتىنىڭ ئەتراپىدىكى ياۋا ئوتلارنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ.

9. ئۇلاردا ئاق كۆڭۈل ئۇستىكارلارغا خاس خىزمەت ئادىتى بولىدۇ. خىزمەتتە ئۇلار سانغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەستىن، «سۈپەت» كە كۆڭۈل بۆلىدۇ. قوپال ئىشلەشنى ياقتۇرمىغاندىن سىرت، مەمنۇن بولارلىق نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

10. ئۇلاردا بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئىككى قولىدا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىشنى قىلىش ئادىتى بولىدۇ. ھەرقانچە ئاز ۋاقىتنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەي، بۇ ۋاقىتلاردىن ياخشى پايدىلىنىدۇ. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ.

11. ئۇلاردا باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلدۇرۇش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلار باشقىلارنى ئۆزىنىڭ كۆزى، پۇت - قولى، مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەربىيىلەشنى بىلىدۇ.

12. ئۇلاردا پۇل - پۇچەك قىممىتىدىن ھالقىغان نىشان بەلگىلەش ئادىتى بولىدۇ، پۇختا ئىشلەش ئۇلار ئۇچۇن پۇلدىنمۇ قىممەتلىك ھەق

ھېسابلىنىدۇ.

13. ئۇلاردا ئۆزىنى تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدۇرۇش ئادىتى بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىدۇ ھەمدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىنى كېڭەيتىدۇ، كونا ئىدىيىگە يېپىشىپ قالمايدۇ، خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. «چېكىنگۈسىز ئىستىھكام» قۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ.

14. ئۇلار ئۆزى قىلغان خىزمەتكە مەسئۇل بولىدۇ، زادىلا باھانە سەۋەب كۆرسەتمەيدۇ، ئۇلاردا ئۆزىنى ئاقلايدىغان ئادەت يوق. تەلىيىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن ئۆزىنى قامچىلىسا قامچىلايدۇكى ھەرگىز ئۆز ئىشىدىن ئاغرىنمايدۇ.

ئۇلار مانا شۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئادەت بىلەن دوست بولۇپ، ئۆز خىزمىتىنى ئورۇندىغان. ئۇلارنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىشى ھەمدە تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىشى، مانا مۇشۇنداق ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقىدىن بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى كۆرىدۇ.

لېكىن، رەتسىز - قالايمىقان ئىشلەش بىر خىل ئەخمەقلىق، خىزمەت ئادەتكە ئايلانغاندا، كىشى تەبىئىي ھالدا راھەتلىنىدۇ.

خىزمەتتىن راھەتلىنىش ئۈچۈن خىزمەتنى چوقۇم ئادەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

## رىتىملىق خىزمەت مۇھىتىنى ساقلاڭ

چىكاگو ۋە غەربىي شىمال تۆمۈريول شىركىتىنىڭ باش لىدىرى رولاند ۋىلىيانس: «ئۈستەل ئۈستىگە قەغەز دۆۋىلىۋالىدىغان كىشىلەر ئۈستەل ئۈستىنى رەتلىسە كۆز ئالدىدىكى خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ماتېرى-

ياللارلا قالىدۇ. ئۇلار بۇ ماتېرىياللارنىڭ خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، خىزمەتتە خاتالىق سادىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مەن بۇنداقلارنى ئۇنۇمنى نىشانلاپ بىرىنچى قەدەمنى ياخشى ئالغان، ياخشى باشقۇرغۇچىلار دەپ ئاتايمەن» دېگەن.

ئەگەر سىز ئامېرىكا پارلامېنت كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىسىڭىز كۇتۇپخانا تورۇسىدا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى كۆرىسىز، بۇ سۆزلەرنى شائىر بوپ يازغان:

تەرتىپ دۆلەتنىڭ بىرىنچى قانۇنى.

تەرتىپ سودا سارىيىنىڭمۇ بىرىنچى قانۇنى بولۇشى كېرەك. ئەمما، ئەمەلىي ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ ناتايىن. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستىلىدە قەغەز دۆۋىلىشىپ كېتىدۇ، بىرنەچچە ھەپتىدىمۇ بىرەر قېتىم قاراپ باقمايدۇ. گېزىت تارقاتقۇچى بىر خوجايىن ماڭا، كاتىپ ئۈستەل ئۈستىنى رەتلىگەندە يىتۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولغان خەت ئۈرۈش ماشىنىسىنى تېپىۋاپتۇ، دەپ بەرگەن ئىدى.

ئۈستى جاۋاب قايتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغان دوكلات ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان ئۈستەلدە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر تەشۋىش، جىددىيلىك ۋە زېرىكىشتىن خالىي بولالمايدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى دائىم «بىرمۇنچە ئىش كۈتۈپ تۇرغان، بىراق بۇ ئىشلارنى بېجىرىشكە چولىسى تەگمەيدىغان» كىشى جىددىيلىك ئىچىدە ھارغىنلىق ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك كېسەللىكى ۋە ئاشقازان يالللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

# خىزمەتكە بولغان ئىشتىياقىڭىز بوشىشىپ قالمىسۇن

ھەر كۈنى ئۆزىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىز

ئۆزىڭىزنى نېمىنىڭ جاسارەت، بەخت، نېمىنىڭ تىنچلىق، كۆچ ئىكەنلى-
كىنى تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلىيەلەيسىز. ھەر كۈنى ئۆزىڭىز بىلەن
رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىڭ. شۇنداق قىلى-
سىڭىز قەلبىڭىز دېڭىزدەك كېڭىيىپ، شادلىققا چۆمىسىز.

ئويلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئويلىسىڭىز، خىزمىتىڭىز ئۇنچىۋالا
زېرىكىشلىك تۇيۇلمايدۇ، باشلىق قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىگە
قىزىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇلار كۆپلەپ پۇل تاپالايدۇ.
ئەمما، باشلىققا نېمە كېرەكلىكى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. پەقەت خىز-
مەتكە بولغان قىزىقىشىنىڭ بىزگە قانداق پايدىسى بارلىقىنىلا ئويلىشىمىز
كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز سەگەك ۋاقتىڭىزنىڭ يېرىمىنى
خىزمەتكە قاراتسىڭىز، خىزمەتتىن خۇشاللىق تاپالمىسىڭىزمۇ باشقا تە-
رەپتىن تېپىشىڭىز مۇمكىن. سىز ئۆزىڭىزنى دائىم خىزمەتتىن سوۋۇپ
قالماي دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىڭىز لازىم، مۇشۇنداق بولغاندا، ئۆزد-
ڭىزدىكى ئەندىشىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن سىرت، يىراق كەلگۈسىنى
كۆزدە تۇتقاندا، بۇ ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىڭىزگە، مائاشىڭىزنىڭ
ئۆسۈشىگە پۇرسەت يارىتىلىشى مۇمكىن. بۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ
ھارغىنلىقىڭىز پەسىيىپ، ئىش ۋاقتىڭىزنى خۇشال، بەخىرامان ئۆتكۈ-
زۈشىڭىزگە ياردىمى بولىدۇ.

## ھۇرۇنلۇقىڭىز ئۈچۈن باھانە ئىزدىمەڭ

«تېخىمۇ ياخشىراق خىزمەت ئورنى، خىزمەت ئۇسكۈنىلىرى تېخىمۇ
تولۇق ئورۇن بولغان بولسا...» بۇمۇ ئادەتتىكى ئۆزىنى ئاقلاش سەۋەبلى-
رىنىڭ بىرى. بىراق، كيۇرى ئەر - ئايال ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەسكى ئۆيىدە
رادىينى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاجرىتىپ چىققان. پىرىسىمۇ تار ھەم ئەبجەق
بىر ئۆيدە يېقىنقى زامان ئاسترونومىيە مىكروسكوپىنى ياسىغان. روچ-
دىسكىي ۋېنادىكى بىر ئىسكىلاتتا ئاناتومىيە ئاساسىي ساۋاتىنى ئىگىلى-

گەن. ئېينىشتېين بوش ئۆينىڭ ئاشخانىسىدا نىسپىيلىك قائىدىسىنى ئىختىرا قىلغان.

خىزمەت شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ئىرادىنى نابۇت قىلالمايدۇ، ئىرادىنى نابۇت قىلىدىغان ئامىل دەل شۇ كىشىنىڭ ئۆزى.

«ئەتراپىمدىكىلەر ئەجەبمۇ بىزار قىلدى، ئۇلارنىڭ دەستىدىن پەقەت ئىشلىيەلمىدىم» — بۇ ھورۇنلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن باھانىسى.

كاننا دېيىلنىڭ «ھولمىس» دېگەن كىتابىنىڭ بىرنەچچە ئابزاسى ئادەملەر ۋارقىراپ - جارقىراپ تۇرغان بىر ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا يېزىلغان. چوررېي شارتي دوستلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئارىلاشقاچ توختىماي خەت يازاتتى. يېزىقچىلىق ئەمەلىيەتتە زېھىننى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۇرۇپ قىلىدىغان خىزمەت بولسىمۇ، لېكىن چوررېي شارتي بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغانلىقتىن يېزىقچىلىقنى توختىتىپ قويمىغان، ئۇ يېنىدا ئادەم بولغانلىقى سەۋەبىدىن زېھنى چېچىلىپ خىزمىتىنى تاشلاپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

«قانداق قىلسام بولار؟» دەيدۇ ھېلىگەر ھورۇنلار. دەرۋەقە، ئېھتىمال قانداق قىلىشنى راستتىنلا بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ئەگەر قىلىپ كۆرمىسە مەڭگۈ بىلمەيدۇ.

«قىلىپ باقاي دېسەم، كۆزۈم بەك قورقىدۇ...» — بۇنداق سۆزلەرنىمۇ دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەگەر قانچىلىك قىلالايدىغانلىقىمىزنى تىرىشىپ سىناپ كۆرمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان قورقۇنچاقلاردىن بولۇپ قالىمىز.

«مېنىڭ سالامەتلىكىم يار بەرمەسلىكى مۇمكىن» — بۇ، ئۆزىنى بەك ئايايدىغان ئېھتىياتچانلارنىڭ پاسسىپ ئىدىيىسى.

«باشقىلار مەندىن ئوبدانراق قىلىشى مۇمكىن.» — ئەسلىدە بۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىشكە بولاتتى، بىراق بۇ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىشكە رازى بولۇشنىڭ باھانىسى.

«مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىشلەۋاتىمەن.» — ناھايىتى ئالدىراش

قىياپەتكە كىرىۋالغان ساختىپەزلەر شۇنداق دەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ.

«ھېچ كىشى رەھمەت دېمىسە، نېمە ئۈچۈن چوقۇم بۇ ئىشنى قىلغۇدەكمەن؟» — بۇ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتا تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇش باھانىسى.

«قىلىپ كۆرسەم بولىدۇ، بىراق بۇنداق قىلسام مېنىڭ شۇنداق قىلىشىم كېرەكتەك تېخىمۇ كۆپ ئىش ماڭا يۈكلىنىپ قالىدۇ.» — ئۆزىنى بۇنداق دەپ ئاقلاش ئۆز قابىلىيىتىنى ئىختىيارسىز ھالدا تۆۋەنلەتكەنلىكتۇر.

«مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، نام - ئابرۇيۇم ئاشتى، ئەمدى ئاز - تولا ھالاۋەت كۆرمەمدىمەن!» — بۇنداق كىشىلەرگە خەلقئارا سودا ئۇسكۇنىلىرى شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى توماس. ج. ھوتسۇننىڭ سۆزى ئارقىلىق جاۋاب بەرمەكچىمەن: «ئۆزىگە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم دەپ تەمەننا قويۇش، شۈبھىسىزكى شۇ كىشىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدۇر. كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىدىن مەغرۇرلانسا، قانائەتلىنىپ قالسا، ئاشۇ مۇۋەپپەقىيىتى ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ مەغلۇبىيەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. ھەربىر كۈننى ئەڭ سەممىيلىك بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلار ھەقىقىي ھايات كىشىلەردۇر. لېكىن، ئەڭ سەممىي كۈنلەر ئۆتمۈشكە ئايلانغان بولسا، بۇ كىشى ھالاكەت يولىغا قاراپ ماڭغان بولىدۇ.»

«ئۇ يافتىكى خىزمەت ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەن.» — بۇنداق دېگۈچىلەر، «بۇ يول تۈيۈق!» دەپ يېزىلغان كوچىغا قاراپ ماڭغان ھاماقەتلەردۇر.

«ئالدىراشچىلىقتا ھېچقانداق كىتاب ئوقۇيالمىدىم.» — بۇنداق دېگۈچىلەر قەلب ئېتىزىغا نادانلىق ئۇرۇقىنى تېرىغۇچىلار بولۇپ، سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ.

«بۈگۈنكى خىزمىتىمنى تۈگەتتىم، ئەتە ئەھۋالغا قاراپ باقارمەن.» — بۇنداق دېگۈچىلەر مۇقەررەركى نىشاندىن ئاداشقان، پىلانى

بەربات بولغان، يېغىشتۇرغۇسىز قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى كىشىلەردۇر.

«ئۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، پۇلىنى تاپقىنىم-تاپقان.» — بۇ، ئادەم پەقەت پۇل ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دەيدىغانلارنىڭ باھانىسى.

مانا مۇشۇنداق پاسسىپ ئىدىيە تۈپەيلى ئىسراپ قىلىنغان ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە ئېھتىمال ھەر يىلى بىر پانامىا قانىلى ياساشقا يېتىشى مۇمكىن.

## تەشكىللەش، ھوقوق بېرىش ۋە يېتەكلەشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم

سودا سارايلاردىكى باشقۇرغۇچىلاردىن بىرمۇنچىسى بىراۋغا ھوقۇق بېرىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ۋاقىتسىزلا قەبرىگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەممە ئىشقا تەڭ ئۆزىنى ئۇرىدۇ، نەتىجىدە ئاشۇ ئۇششاق ئىشلارغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ دائىم شۇنداق ئالدىراش بولۇشى، زېرىكىش ھېس قىلىشى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ جىددىيلىشىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بىراۋغا ھوقۇق بېرىشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلىمەن، ھېچ-بولمىغاندا ماڭا شۇنداق. تەجرىبىلەردىن بىلىپ يەتتىمكى، ئادەمنى جايىدا ئىشلەتمىگەندە كۆپىنچە يېغىشتۇرۇۋالغۇسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى بولغان ئادەم بىراۋنى قانداق تەيىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ھارغىنلىقتىن ھالسىراپ قېلىشى تۇرغان گەپ.

چوڭ كارخانىلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلار تەشكىللەشنى، ھوقۇق بېرىشنى ۋە يېتەكلەشنى بىلمىسە، 50 — 60 ياشلاردا يۈرەك كېسەللىكى بىلەن جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. — بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك جىددىيلىشىش، تېرىكىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

# زېرىكىشلىك خىزمەتنى قىزىقارلىق خىزمەتكە ئايلاندۇرۇڭ

ئەگەر سىز خىزمىتىڭىزگە «ساختا» قىزىقىشتا بولسىڭىزمۇ، بۇ خىل پوزىتسىيە سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى چىن قىزىقىشقا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ پوزىتسىيە يەنە سىزنىڭ ھارغىنلىقىڭىزنى، جىددىي كەيپىياتىڭىزنى ۋە ئەندىشىڭىزنى ئازايتىدۇ. ئوكلاخوما شتاتى تۇلسا شەھىرىدىكى بىر نېفىت شىركىتىدە خىزمەت قىلىدىغان مەلۇم بىر تېز خاتىرىلىگۈچى ھەر ئاينىڭ بىرنەچچە كۈنىدە، ئىجارە توختام جەدۋەللىرىنى تولدۇرۇش، ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى رەتلەشكە ئوخشاش ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ناھايىتى تېتىقسىز تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ قىزىقارلىق قىلىپ ئىشلەيدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىنى مۇسابىقىگە چاقىرىپ، ئەتىگەندە قانچىلىك جەدۋەل تولدۇرىدىغانلىقىنى، چۈشتىن كېيىن قايسى ساننى كۆچۈرۈپ بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىدىكەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ كۈنلۈك ئىش مىقدارىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئەتىسى تېخىمۇ ياخشىراق ئىشلەشنىڭ چارىسىنى قىلىدىكەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى باشقا تېز خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭكىدىن كۆپ تېز بولىدىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ مەدھىيىگىمۇ؟ رەھمەتكىمۇ؟ دەرىجىسى ئۆسەمدىكەن ياكى ئىش ھەققى ئۆسەمدىكەن؟ ھېچقايسىسى ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ خىل خىزمەت ئۇسۇلى خىزمىتىگە بولغان بىزارلىقتىن پەيدا بولغان ھارغىنلىقىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ياردەم بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش رولىنىمۇ ئوينايدىكەن. چۈنكى، ئۇ ئەسلىدىكى تولىمۇ تېتىقسىز دەپ قارىغان خىزمەتنى كۈچىنىڭ بارىچە قىزىقارلىق خىزمەتكە ئايلاندۇرغان. شۇ تۈپەيلى ئۆزىمۇ روھلىنىپ قالغان، خىزمەتكە بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ ئېشىپ، ئەركىن، ئازادە بولۇپ قالغان.

دەل مۇشۇ ئەمەلىيەت تۈپەيلى مەن ئۇ قىز بىلەن توي قىلدىم.

## ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىڭىزنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ

مەن ئىلگىرى چاللىس شىرۋېبىرنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىن بىر گەپنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئۆز خىزمىتىنى چەكسىز قىزغىن سۆيۈپ قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ.»

سىزدە ئۆزىڭىز قىلماقچى بولغان خىزمەتكە ھېچقانداق چۈشەنچە بولماي تۇرۇپ، ئۇ خىزمەتكە سىزدە قانداقمۇ قىزغىنلىق بولسۇن؟ ئادنې كارل خانىم دۇباك شىركىتى ئۈچۈن مىڭلىغان خىزمەتچىنى ياللاپ ئىشلەتكەن، ھازىر ئۇ ئامېرىكا ئائىلە مەھسۇلاتلىرى شىركىتى سانائەت مۇناسىۋەت تارمىقىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر تراگېدىيە نۇرغۇن ياشلار ئۆزىنىڭ نېمە قىلغۇسى بارلىقىنى ھەقىقىي بىلمەيدىغانلىقىدا. مەن، ئۆز خىزمىتىدىن مائاش ئېلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىك تولىمۇ بىچارىلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.» ھەتتا ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەن دامېس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم (ياكى كونرل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم)، سىزنىڭ شىركىتىڭىزدە ماڭا ماس كەلگۈدەك خىزمەت بارمىدۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ ۋە نېمە ئىش قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنىمۇ ھېس قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن ئادەمنىڭ باشتا ئاجايىپ غايىلەرنى قەلبىگە پۈكۈپ، شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. لېكىن، ئۇلار 40 ياشتىن كېيىن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي،

ھەسرەت چېكىدۇ، ھەتتا روھىي جەھەتتىن بەربات بولىدۇ. ماھىيەتتە ئۆزىڭىزگە ماس خىزمەتنى تاللىسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگىمۇ ناھايىتى زور پايدىسى بولىدۇ. جونس فوكىنس دوختۇرخانىسىدىكى رامون دوختۇر بىرنەچچە سوغۇرتا شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ كىشىلەرنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئامىلىنى تەتقىق قىلىپ، «ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەت»نى بىرىنچى ئورۇنغا تىزغان. بۇ، شوتلاندىيىلىك پەيلاسوپ خارلىنىڭ: «ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى تېپىۋالغانلار ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا بەختنى ئىزدىمەيدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزىگە ئويغۇن.

## ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئىرادە

يالغۇز ئىرادىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەگەر سىز بىرەر ئىشنى قىلىشنى خالىسىڭىز، ئەمما قانداق قىلىشنى بىلمىسىڭىز، ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيسىز. دېمەك، سىزدە ئۆگىنىش ئىرادىسىلا بولۇپ، قانداق ئۆگىنىشنى بىلمىسىڭىز، سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىزكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق مۇنداق بىر ئۆگىنىش پرىنسىپىنى بايقىغان: «نوقۇل ھالدىكى تەكرارلاش ئۇسۇلى بىلەن بىرەر نەرسىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ.» ئىلگىرى، «تەكرارلاش ئارقىلىق نۇقسانسىز بولغىلى بولىدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك، دەپ قارايتتۇق. ھالا ئەمدى بۇ قاراشنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى بىلدۇق. مەسىلەن، پىئانىنو مەشىق قىلىش ياكى توپ ئويناشنى مىسال ئالساق، ئەگەر تېخنىكا جەھەتتە ئالغا باساي دېسىڭىز، نوقۇل ھالدا «دائىم مەشىق قىلىش»قا تايانسىڭىز، تېخنىكا جەھەتتە چوقۇم ئالغا باسالمايسىز. سىز ھەر كۇنى شۇنداق كۆپ يول ماڭسىڭىز، بىراق يول مېڭىش ماھىرى بولۇپ چىقالمايسىز، ھەر

كۈنى گىمناستىكا ئوينايسىز، لېكىن تەنتەربىيىچى بولۇپ چىقالماي-
سىز، ئوخشاشلا ھەر كۈنى پىئانىنو چالسىڭىزمۇ، ئەمما ئاتاقلىق
پىئانىنوچى بولۇپ چىقالمايسىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ يېتەرلىك
ئەجىر قىلالمىدىڭىزمۇيا؟

توغرا، ئەجىرنى تېخىمۇ كۆپەيتىشكە بولىدۇ، بىراق سىزدە بىر
خىل ئىرادە — ئۆگىنىشتىكى ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى كەمچىل!

بىز ھەر كۈنى بىرنەچچە چاقىرىم يول ماڭىمىز، بىراق يول ماڭغان
چېغىمىزدا يول مېڭىش تېخنىكىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئىزدى-
نىپ باقتۇقمۇ؟ يول ماڭغاندا قانداق قىياپەت چىرايلىق بولىدۇ؟ قەدەمنى
قانداق ئالغاندا كۈچنى تېجىگىلى بولىدۇ؟ قايسى ئۇسۇلدا يولنى تېز
ماڭغىلى بولىدۇ؟ ئويلىنىپ كۆردۇقمۇ؟ سىز ئالغا قاراپ مېڭىشنىلا
بىلىسىز، بۇ پەقەت تەكرار قىلىنغان مەشىق بولغانلىقى ئۈچۈن سىزدە
ھەرگىز ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.

ئەگەر سىز بۇ ئىشنى چوقۇم ئادەتتىكىدىن ياخشىراق قىلىمەن دېگەن
ئىرادىگە كەلسىڭىز، ئۆگىنىشتىكى ئىلگىرىلەش ئىرادىسى تۇرغۇزۇلغان-
دىن كېيىن، سىزدە ئاندىن ئىلگىرىلەش بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىڭىزنىڭ
ئۈنۈمدارلىقىمۇ ئېشىپ بارىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ يەردە ئۆگىنىش ئارزۇسى بىلەن ئۆگىنىش
ئىرادىسى ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز. سىز ھەركۈنى مەلۇم
بىر ئىشنى ياخشىراق قىلسام، تېزراق قىلسام دەپ ئارزۇ قىلىسىز،
سىزدە پەقەت مۇشۇ ئارزۇلا بولۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى بولماي-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئارزۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئىلگىرىلەش
ئارزۇسى بىلەن ئىلگىرىلەش ئىرادىسى باشقا - باشقا ئىش. ئىلگىرىلەش
ئىرادىسى پۈتۈن زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشكە موھتاج، بىراق ئىلگى-
رىلەش ئارزۇسى پەقەت ئارزۇدىنلا ئىبارەت. بىز دائىم مۇنداق بىر خىل
ئەھۋالنى بايقايمىز: بىرەر ئىش رىقابەت بىلەن ئىشلەنسە، ئۇنىڭ نەتىجى-
سى يالغۇز قىلغان چاغدىكىدىن چوقۇم ياخشى بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، رىقابەت بىلەن قىلىنغان ئىشقا كىشى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ، يالغۇز قىلغان ئىشتا ئىلگىرىلەش ئارزۇسىلا بولۇپ، ئىرادە بولمايدۇ.

## هارغىنلىق ئادەتتە خىزمەتتىن پەيدا بولمايدۇ

هارغىنلىقنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق سەۋەب زېرىكىش. بايان قىلىشىمىزغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بىز بۇ يەردە ئارىسنى مىسال ئالىمىز.

ئارىس مەلۇم بىر شىركەت خادىمى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىشىدا ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. ئۇ شۇنداق ھارغان ئىدىكى، بېشى، ئاشقازىنى ئاغرىپ كەتتى، تاماق يېگۈسى كەلمىدى، تۆشەككە كىرىپ ئۇخلىغۇسىلا كېلەتتى. ئانىسى ھە دەپ زورلاۋەرگەچكە تاماق ئۈستىلىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى… تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇنىڭ ئوغۇل دوستى ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلغان ئىدى! بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ پۈتۈن ۋۇجۇدى باشقىچە روھلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۈستۈنـ ـكى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، يىگىتى دېگەن يەرگە باردى ۋە ئەتىگەن سائەت 3 تە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۆزىدە قىلچىلىك ھارغىنلىق سەزمىدى، بەلكى ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇخلىيالمىدى.

تېخى سەككىز سائەت ئىلگىرى، ئارىس ئۆزى ئىپادىلىگەندەك شۇنـ ـداق ھېرىپ كەتكەنمۇ؟ شۇنداق، چۈنكى ئۇ خىزمىتىدىن، ھاياتىدىن بىزار بولغان. بۇ دۇنيادا تۇمەنلىگەن ئارىس بولۇشى، ئېھتىمال سىزمۇ شۇلار قاتارىدىكى بىرسى بولۇشىڭىز مۇمكىن.

روھىي جەھەتتىكى پوزىتسىيە فىزىئولوگىيىلىك ھەرىكەتكە قارىغاندا ئادەمنى تېخىمۇ چارچىتىدۇ. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى جوسېف بامارك دوكتور «پسىخولوگىيە ئارخىپى» دا بىر پارچە تەجرىبە دوكلاتىنى ئېلان

قىلىپ، بىزارلىقنىڭ ھارغىنلىقنى قانداق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. بامارك دوكتور بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى بىر قاتار تېتىقسىز - زېرىكىشلىك تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغان. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى زېرىككەنلىكتىن مۈگدەپ قالغان ھەمدە بېشىنىڭ ئاغرىشى، كۆزىنىڭ تېلىشى ۋە ئىچى تىتىلداپ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىدىن ۋايىسىغان، ھەتتا بەزىلىرى ئاشقازىنىم ئاغرىپ كەتتى دېيىشكەن. بۇ ئالامەتلەر «خىيالىي تۇيغۇ» مۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئوقۇغۇچىلار يەنە ماددا ئالمىشىش سىنىقىمۇ ئېلىپ بارغان. سىناقتا مەلۇم بولۇشىچە: ئادەم چارچىغاندا ئورگانىزمىدا قان بېسىمى تۆۋەنلەپ، ئوكسىگېن سەرپىياتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدىكەن. خىزمەت بىرقەدەر قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق بولغاندا ماددا ئالمىشىش سۈرئىتى دەرھال تېزلىشىدىكەن.

بۇ يەردىكى يەكۈن شۇكى: بىزنىڭ ھارغىنلىقىمىز ئادەتتە خىزمەتتىن ئەمەس، بەلكى زېرىكىش، ئوڭۇشسىزلىق ۋە نارازىلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

مەن مۇشۇ سۆزلەرنى يېزىشنىڭ سەل ئالدىدا قايتا - قايتا قويۇلغان كومېدىيىلىك كىنو «ئويۇن قويۇش كېمىسى» نى كۆرگەن ئىدىم. ئاندى ئاشۇ «پاختا» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتانى بولۇپ، قويۇق پەلسەپىۋى پۇراققا ئىگە قىستۇرما ناخشىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلالىغان كىشى ناھايىتى بەختلىك كىشىدۇر.» چۈنكى، بۇنداق كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ ھاياتىي كۈچكە، تېخىمۇ كۆپ بەختكە ئىگە، ئەندىشە ۋە ھارغىنلىقتىن بىرقەدەر خالىي. قىزىقىش بولغان ئىكەن ھاياتىي كۈچ بولىدۇ. كوت - كوت ئايال ياكى ئەر بىلەن بىرگە ماڭغان قىسقىغىنا يول سۆيۈملۈك ئادىمى بىلەن بىرگە ماڭغان 10 چاقىرىم يولدىنمۇ بەكرەك ھارغۇزىدۇ.

بىزنىڭ بېشىمىزنى ئايلاندۇرىدىغىنى خىزمەتنىڭ ئېغىرلىقى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ قانچىلىك خىزمىتىمىز بارلىقى، قايسىسىنى بالدۇر

قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانلىقىمىز.

## بىلىم - قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇڭ

«ياغاچ ھەرىدە بىلىنەر، ئادەم يولدا» دېگەن گەپ بار. سىزنىڭ بىلىم - قابىلىيىتىڭىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كىشىلەر سىز بىلەن ئۇچراشقاندا قاراپلا بىلىۋالالايدۇ، يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ «كۆڭۈل چىرايدا ئىپادىلىنىدۇ». كۆڭلىڭىز ھامان ھەربىر ھەرىكىتىڭىز، سۆزىڭىز، چىرايىڭىز ھەمدە بارلىق ئىشلىرىڭىزدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

سىزنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىزغىنلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش - قىلماسلىقىڭىزنى ئالتۇننى سىناپ كۆرگەنگە ئوخشاش ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سىز يېڭى ئېچىلغان گۈلنى كۆرمىگەنمۇ؟ ئۇنىڭ خۇش ھىدى، چىرايلىق ھالىتىنى يولدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەم ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ، كىشىلەرنىڭ بىلىم - قابىلىيىتىنى يېڭى ئېچىلغان گۈلنىڭ رەڭگى ۋە خۇش پۇرىقىغا ئوخشاش قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، ناھايىتى ياخشى مىسال. جەمئىيەتكە يېڭىلا قەدەم تاشلىغان خېلى بىر قىسىم ياشلار ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئەگەر ئۇلار سالماقلىق بىلەن ئىش قىلالىسا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى مۇۋەپپەقىيىتى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ.

يامان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىرىشى، ۋاستە تاللىماسلىقى ۋە ئىشلاردا ئالدىراڭغۇ بولۇشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىرادىسىزلىك قىلىپ ئىشىم ئاقمىسا مەيلى دەيدۇ، ھەتتا كۈن - كۈنلەپ ئەيش-ئىشرەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ھالقىلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، نەتىجىدە ھەممىدە مەغلۇپ بولىدۇ، يۈكسەك ئەقىل - قابىلىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنالمايدۇ. بۇلار نېمانچە ئەجەبلىنەرلىك ھەم بىچارە - ھە.

# جىسمىڭىز كونا پايپاقتەك ئەركىن بولسۇن

1. جىسمىم كونا پايپاقتەك دائىم ئەركىن - ئازادە بولۇشى ئۈچۈن، مەن ئۈستەل ئۈستىگە بىر جۈپ قوڭۇر رەڭ پايپاق قويۇپ قويغان ئىدىم. ئۇ پايپاق مېنى ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئەگەر پايپاقنى مۇۋاپىق كۆرمىسىڭىز، مۇشۇك بولسىمۇ بولىدۇ. سىز ئاپتاپتا ئۇخلاۋاتقان مۇشۇكنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سۇغا چىلىۋەتكەن گېزىتكە ئوخشاش يۇمشاق بولۇپ كېتىدۇ. «ئازادە تۇرۇش سەنئىتى» نى تولۇق ئىگىلەش ئۈچۈن مۇشۇكنى دوراش كېرەك دېگەن گەپ بار. مەن ھېرىپ ياكى روھى چۈشۈپ ئۇخلىيالمايدىغان، غەمكىن بولۇپ قالغان، ئاشقازان ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ ئازابلانغان مۇشۇكنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان.

2. ئىمكانقەدەر ئازادە شارائىتتا خىزمەت قىلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىك مۈرە ئاغرىقى ۋە روھىي ھارغىنلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. ھەر كۈنى 4 — 5 قېتىم ئويلىنىپ كۆرۈڭ ۋە ئۆزىڭىزدىن: «مەن ئىش قىلغاندا ئۈنۈمگە ئېتىبار بەردىممۇ - يوق؟ مۇسكۇللىرىم زۆرۈر بولمىغان ھەرىكەتتە بولدىمۇ - يوق؟» دەپ سوراپ كۆرۈڭ. شۇنداق بولغاندا ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلەيسىز.

4. ھەر كۈنى كەچتە بىر قېتىم ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلىنىپ كۆرۈڭ، «ھاردىممۇ؟ ئەگەر ھارغان بولسام، بۇ روھىي جەھەتتىكى ھارغىنلىقمۇ؟ ياكى خىزمەت ئۇسۇلۇمنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن بولدىمۇ؟» دانىيېل جوسارېن: «مەن ئۆزۈمنىڭ ھارغىنلىق دەرىجىسى بىلەن خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئۆلچىمەستىن، بەلكى ھارماسلىق دەرىجىسى بىلەن خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆلچەيمەن» دېگەن. ئۇ يەنە: «كەچتە بەك چارچاپ كەتكەن ياكى تېرىككەك بولۇپ قالغان چېغىمدا، شۇ كۈنلۈك

خىزمىتىمىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلمەن» دېگەن ئىدى. ئەگەر ئامېرىكىدىكى بارلىق سودىگەرلەر مۇشۇ قائىدىنى چۈشەنگەن بولسا، «ئارتۇقچە ھارغىنلىق» كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇقىرى قان بېسىمى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى بىر كېچىدىلا تۆۋەنلىگەن بولاتتى، بىزنىڭ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىمىز ۋە ساناتورىيىمىز كېسەللەر بىلەن توشۇپ كەتمەس ئىدى.

بىز بۇنداق جىددىيلەشمەسلىكىمىز ياكى بۇنداق تېز ياشىماسلىقىمىز كېرەك، بەلكى چىملىقتا مۇزىكا ياكى ئورمانزارلىقتا سىمفونىيە ئاڭلىشىمىز زۆرۈر. دۇنيادىكى بەزى شەيئىلەر مال - دۇنيادىن كۆپ مۇھىم، ئۇلارنىڭ بىرسى — ئاددىي نەرسىلەردىن ھۇزۇر ئېلىشتۇر.

ئارام ئېلىش ئۆمۈرنى زايە قىلغانلىق ئەمەس، كىشى ئارام ئالغاندا تېخىمۇ سەگەكلىشىپ، ئىشلارنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلالايدۇ.

## ھۇرۇنلۇقنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى

ھۇرۇن كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۆڭۈلگە كۆڭۈلسىز ئىشلارنى پۈكۈۋالغان بولىدۇ. ئۇلار ئانچىكى ئىشلارنى دائىم ئارقىغا سۈرەيدۇ، ئەمما دائىم ئۆزىنى ئالدىراش كۆرسىتىدۇ. ھۇرۇنلۇقنى كۆڭۈلسىزلىك دەپ قاراپ، خۇشال - خۇرام خىزمەت قىلماسلىقنىڭ باھانىسى قىلىۋالىدۇ.

فرانك فېلىپ ھۇرۇن ئادەم ئەمەس. ئۇ ئونىيپلاسكادىكى بىر كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوكلاخوما شتاتىدىكى كىچىك بىر بازاردىكى چاچ ئېلىش دۇكىنىدا ئىشلىگەندىن باشلاپ، ۋېرىندا بېرتىنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر مال - مۈلۈككە ئىگە بولغان.

ئۇ 14 ياشقا كىرگەندە يوللۇق رەختتىن شىم كىيگۈسى كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ساتىراش بولۇشقا بەل باغلايدۇ. 30 ياشقا كىرگەندە ئوكلا-خومادا نېفىتلىك تېپىش ئارزۇسى بىلەن قېدىرىپ تەكشۈرۈش مەشغۇلاتى-نى باشلايدۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ يوللۇق شىمنى سېلىۋېتىدۇ. ئۇ سىناق تەرىقىسىدە ئىككى قۇدۇق قازىدۇ. بىراق، قۇدۇقتىن لايدىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ.

ئۈچىنچى قۇدۇقنى مۇتەخەسسىسلەر ھېچقانداق قېزىش قىممىتى يوق دەپ قارايدۇ، خەقلەر ساتىراش نېفىت سودىگىرى بولماقچىكەن دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. بىراق، فرانك فىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى دا-ۋاملاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە نېفىت ئاخىر ئېتىلىپ چىقىدۇ.

بۇ كۈچلۈك ئىرادەمنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ ئىگىلىكى بارا - بارا زورىيىپ، ئاخىر زور مىقداردىكى نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قاتارى-دىن ئورۇن ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بېنزىننى بىۋاسىتە ئاپتومو-بىل شوپۇرلىرىغا ساتىدۇ.

مۇدىرىيەت يىغىنىدا، ئۇ: «تا ھازىرغىچە بولۇپ باقمىغان ئىلغار نېفىت بىلەن تەمىنلەش تورىنى تۈرغۇزۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ئەگەر ھەرقايسىڭىزلارنىڭ باشقىچە پىكرى بولمىسا، قاراردىن ئۆتكەن بولىدۇ. بۇ ئىشنى ھازىردىن باشلاپ ئىشلەيمىز» دەيدۇ.

فىلىپ نېفىت ئىلىم - سىستېم ئىشىدا مول بىلىمگە ئىگە ئىدى. بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئۆزى قىلىش ھەقىقەتەن بىر مەسىلە ئىدى. جاپالىق ۋە خەۋپ - خەتەرلىك خىزمەتنى ئالدى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش كېرەكلىكىنى فىلىپ ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ ئەڭ ناچار ئورۇننى تاللاپ بىرنەچچە خىزمەتچىنى بېنزىن سې-تىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار تېكساس شتاتىنىڭ ۋىچدار شەھىرىدە خىزمەتنى باشلىۋەتتى.

2 — 3 يىلدىن كېيىن، ئۇ 681 چاقىرىملىق ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئورناتتى. ئامېرىكىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بۇ ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى، يۇقىرى سۈپەتلىك ماي ئىشلەپچىقارغۇچى پونكىت ۋە زور

زەنجىرسىمان نېفىت بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرىنى توتاشتۇردى.

تېخنىكلار بېنزىننى تۇرۇبا بىلەن يەتكۈزۈش ئىشىغا قارشى چىققان ئىدى، چۈنكى تۇرۇبا ئۇلانمىسىدىن ماي ئېقىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بىراق، فىلبىننىڭ ئەڭ قىيىن مەسىلىنى ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھۈنىرى بولغاچقا، تېخنىكلارنىڭ پاسسىپ قارىشىنى رەت قىلىپ، تۇرۇبا ئۇلانمىسىنىڭ سۇۋاركىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. ئۇ مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن، خىزمەتتە ئوڭۇشلۇق ھالدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئەڭ دەسلەپ ئىشنىڭ قىيىن نۇقتىسىنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

«ھەقىقەتەن باش ئاغرىتىدىغان خىزمەت» . شۇنچە كۆپ ئادەم ئىشلەيدۇيۇ، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى دائىم سۈرەپ يۈرىدۇ.

لىپتون قىزىل چېيى بىلەن داڭق چىقارغان سامانس لىپتون ئۇستىلى ئالدىغا: «خىزمەتنى خۇشاللىق دەپ بىلىش كېرەك» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى يېزىپ قويغان ئىكەن. ئۇ خىزمەتنى خۇشاللىق دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى بىزار بولىدىغان ئىشلارنى يىغىپ قويمىغان.

## پىلان تۈزۈڭ

ئىشنى پىلان تۈزگەندىن كېيىن قىلىدىغان كىشىلەر، پىلانسىز، توختىماي جاپالىق ئىشلەيدىغانلارغا قارىغاندا خىزمەتنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىدۇ.

خادسۇن ماكسىم مايىن شتاتىدىكى بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 13 ياشقا كىرگەندە پۇتىغا تۇنجى قېتىم ئاران بىر جۈپ ئاياغ ئېلىپ كىيەلىگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى روھىي كېسەل ئىدى. تۆۋەندىكى ۋەقەنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كىم ئىشىنىدۇ.

ماكسىم 40 ياشلارغا كىرگەن چاغدا، بىر قېتىملىق پارتلاش خاراك-

تېردىكى بىرىكمە ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتقاندا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ سول ئالىقىنى پۇچۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بىرنەچچە ھەپتىگىچە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ئۇ كوچىدا بىر مەست كىشىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ ئاچچىقىغا پايلىماي بىر مۇشت بىلەن مەستنى ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ماكسىمنىڭ سۇنئىي قولى بىلەن قالپىقى يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، بىراق بۇ قېتىملىق جىددىي زەربە ماكسىمغا سۇنئىي قولنىڭ خىزمەتتە ئانچە چوڭ كاشىلىسى بولمايدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىر راست قولى، بىر سۇنئىي قولى بولۇپ، بۇ يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئارقىلىق مۇۋاپىق پىلان تۈزۈپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

«ئۆز ئەقلىمگە تېخىمۇ بەك تايىنىشقا توغرا كەلگەندە، ئىككى قولۇمدىن كاللام بەكرەك ئەسقاتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھازىر مەن بۇرۇنقىغا قارىغاندا پىلان تۈزۈش يولىنى تېخىمۇ بەكرەك چۈشىنىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايمەن.»

ماكسىم تۈتۈنسىز ئوق دورىسى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پارتلىتىش دورىسى، سۇ مېناسى پاراخوتى ۋە كالتىسىي كاربىد ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان.

ئۇنىڭ بىرلا قولى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئىشلىتەتتى، يەنى خەق ئەمدى ئويلىناي دېگەندە، ماكسىم ئىككى قېتىم مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بولاتتى.

## ئىشتا كەسكىن بولۇڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئىشتا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا مۇتلەق ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ. ئۇلار

ئەزەلدىن بىراۋنى دورىمايدۇ ۋە بىراۋغا يۆلىنىۋالمايدۇ ھەمدە ھېچكىمنىڭ ياردىمىنىمۇ تەمە قىلمايدۇ. ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئاساس قىلىدۇ. بىرەر مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەندە چارە - ئامال بىلەن ئۇنى يېڭىدۇ، قىيىنچىلىقتىن ئەسلا قورقمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى قانداق ئىشقا مەسئۇل قىلماڭ، ئۇلار قەتئىي نىيەتكە كېلىپ چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئادەملەر ئەر، ئەزىمەت دېگەن نامغا مۇناسىپ.

## ۋاقىت جەدۋىلىدىن ئەپچىل پايدىلىنىڭ

سېللاس. W. فېيرت 40 ياش ۋاقتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، خىزمەتتىن چېكىنىپ چىقىش تەييارلىقىنى قىلىپ قويغان ئىدى. بىراق، خىزمەتكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر ئىش قىلمىسا تۇرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە ئادەم مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ئاتلانتىك ئوكياندىن كابىل تارتىش ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇ قان - تەر ئاقتۇرۇپ جاپالىق ئىشلەپ ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. فېيرت ھەر كۈنلۈك ئىشتا ئېنىق پىلان تۈزۈۋالاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە شۇ كۈنى قىلماقچى بولغان ئىشنى ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، خاتىرىسىگە يېزىۋېلىپ بىر - بىرلەپ قىلاتتى.

چارلىس ئىۋىننىس خىس پوپىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كېيىن ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان. ئۇمۇ ھەر كۈنلۈك ئىشنى پىلانلىۋالاتتى. چۈشلۈك تاماقنى ئوشۇق ياكى كەم ئەمەس 19 مىنۇتتا يەپ بولاتتى، ھەتتا كېڭەش زالىنىڭ ئاشخانىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ تاماققا كەلگەن ۋاقتىغا قاراپ سائەتنى توغرىلايتتى.

دوۋايتمۇرومۇ ھەر كۈنى كەچتە ئەتىلىك ئىشنى پىلانلىۋالاتتى. كېيىن ئۇ يىمان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، مورگېننىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى.

يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ھامانشۇرناد

15 ياشقا كىرگەندە كۆمۈر كاندا ئىشچى بولغان، بىراق 30 ياشقا كىرگەن چېغىدا يېڭى سىناد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ سانائەت ئىلمى فاكۇلتېتىنى قايتا گۈللەندۈرگەندىن كېيىن شۇ مەكتەپكە مۇدىر بولغان. بۇ كىشىدە شۇنداق قەتئىي ئىرادە بار ئىدىكى، قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى هامان بىرقانچە كۈن بۇرۇن تۈزۈپ قوياتتى. بۇ جەدۋەلدە كۆڭۈل ئېچىش ياكى ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىنىڭ هەممىسى بولاتتى. بۇ، ناهايىتى مۇهىم، ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە پىلان تۈزۈش، ئىشلەشنىلا بىلىپ كۆڭۈل ئاچماسلىق دېگەنلىك ئەمەس. خىزمەت بىلەن ئارام ئېلىش بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ، ئىككىسىنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ۋاقىت جەدۋىلىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

## پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ

بىز دائىم چوڭ سودا سارىيى ۋە زاۋۇتلارغا بېرىپ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقان هالىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روهلۇق، جىددىي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردىمىز. بىراق، يەنە بىرمۇنچە ئادەمنىڭ مۇستەقىل قارىشى يوق، ئىشنى زورىغا ئىشلەيدۇ، روهى ناهايىتى چۈشكۈن. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى زايە قىلىدۇ، ئاسانلىقنى ئىزدەيدۇ، ئازغىنا كۈچ بىلەن كۆپ ئۈتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر هەر كۈنى ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى، ئىقتىدارىنى ياخشى ئىشلەتمەي، باشقىلار مەجبۇرلىغاندا ئاندىن هەرىكەتكە كېلىدۇ. قونچاققا ئوخشاش خەقنىڭ ئىرادىسىنى ئۆز ئىرادىسى قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر كۈنىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈپ شۇكۇر قىلىدۇ.

ئەگەر بىر ياش قىيىنچىلىقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭىپ كېتەلمەسە، تەۋرەنمەس ئىرادىسى بولمىسا، سەممىي پوزىتسىيە بولمىسا، ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرمىسا ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولمىسا، ھەرگىز زور نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## تېز بولۇشتا توغرا بولۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى كېرەك

خىزمەتنىڭ توغرا ئىشلىنىشى تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشنىڭ سىرىدۇر.

ماشىنكىدا خەت ئۇرۇشنى مىسال ئالساق، خەت ئۇرۇشنى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، باشتىلا سۈرئەتنى نىشان قىلىپ مەشىق قىلغۇچىلارنىڭ خەت ئۇرۇش سۈرئىتى توغرا بولۇشنى نىشان قىلىپ ئۆگەنگۈچىلەردىن كۆپ ئاستا بولغان. سۈرئەت تېز بولۇشى ئۈچۈن باشتىلا توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. بۇ ھەرگىز كۆرۈنۈشنى ئاساس قىلىدىغان تەتۈر تەلىمات ئەمەس.

باشتىلا توغرىلىقنى نىشان قىلغۇچىلارنىڭ خاتا خەت ئۇرۇپ قېلىشى ياكى كېيىن توغرىلاشقا تېگىشلىك جايلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. خاتالىقنىڭ تەكرارلىنىشىغا شۇنداق ئېھتىيات قىلمىغاندا، ئىلگىرىلەش تولىمۇ ئاستا بولىدۇ. توغرا بولۇشنى نىشان قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان مەشىقتە، خاتا خەت ئۇرۇپ قېلىشتەك يامان ئادەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىشتا سۈرئەتنىلا قوغلىشىپ، توغرا قىلىشقا ئېتىبار بەرمىگەن كىشى بەزى ۋاقىتلاردا بىر ئىشنى بىرنەچچە قېتىم قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ، نەتىجىدە سۈرئىتى ئاستا بولۇپ قالىدۇ.

سۈرئەتنى تېزلىتىشتىكى بىردىنبىر ئامىل توغرا بولۇشتۇر.

# ياخشى ئادەتنى پايدىلىنىپ ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ

ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، ئادەت بارلىق ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى. شۇڭا، ئادەتنى پايدىلىنىپ ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. چەكلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرسەك ئۆزىمىزنى بولۇشىغا قويۇۋې-تىشتەك يامان ئادەتنى قايتا سادىر قىلمايمىز؛ تېجەش ئادىتىنى يېتىلدۈر-سەك، ئىسراپچىلىق خەۋپىگە قايتا دۇچ كەلمەيمىز.

سىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردىن: «دۇنيادىكى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ؟» دەپ سوراپ كۆرۈڭ.

ئۇلار سىزگە چوقۇم: «يامان ئادەتتىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ ئاسان ئىش — چۈشكۈنلىشىشتۇر. سىز كىشىلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم هاراق ئىچسىڭىز، سىزدە ھاراققا خۇمار پەيدا بولىدۇ؛ دوستىڭىز بىلەن بىرنەچچە قېتىم قىمار ئوينىسىڭىز قىمارغا قىزىقىپ قالىسىز. دېمەك، سىزدىكى ۋاقىت ئىسراپ قىلىش، ھەشەمەت-چىلىك، بۇزۇپ - چېچىش دېگەنلەر تاسادىپىي يېتىلىپ قالغان.

قىسقىسى، بىز ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەندە، خىزمەت ئۈنۈمىمىز-مۇ يۇقىرىلاپ بارىدۇ. بولۇپمۇ سىز كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەم بولاي، كۆرەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، چوقۇم ياخشى ئادەت يېتىلدۈ-رۈشىڭىز كېرەك.

ياخشى ئادەت مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ:

1. ۋاقتى - قارايىدا بولۇش — ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق.
2. توغرا بولۇش — ئىش قىلغاندا خاتالىق كۆرۈلمەسلىك.
3. قەتئىي بولۇش — خىزمەتنى ئىمكانقەدەر ئورۇنداش.
4. تېز بولۇش — پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق.

ئەگەر سىز بۇ تۆت ئادەتنى يېتىلدۈرسىڭىز كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىڭىزگە ياردىمى بولىدۇ.

## ئىناۋەتنى ئاساس قىلىش

مەيلى كىم بولسۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلغان ئىكەن، ئىناۋەتكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. نۇرغۇن ئادەم ئۆزى مۇستەقىل تىجارەت باشلىغاندا، ئىناۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ. بىراق، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىناۋەت ئاساسى پۈتۈنلەي مەبلەغ ئۈستىگە، مال - مۈلۈك ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ھەقىقەتەن تولىمۇ خاتا. بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ پەزىلىتى، ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنىڭ ياخشى بولۇشى، شۇنداقلا جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى بىرنەچچە مىليون يۈەن مەبلەغدىن مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلارنى دوست تۇتۇشىمىز، چوقۇم ياخشى ئىناۋەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ھەرقانداق ئىشنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن تېز بىر تەرەپ قىلىپ، دوستلىرىمىزغا قابىللىقىمىز، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىرلىقىمىز ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

## ھاياتلىقنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش پۇرسىتى

بۇ يەردىكى گەپلەر نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تازا ياقماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، بۇ گەپلەردىن بەزىلەر ھاياتلىقنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش پۇرسىتىنى تېپىۋالايدۇ.

خەقنىڭ بېسىمىسىز ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغانلار

تەبىئىي ھالدا خەقتىن يىراقلىشىپ قالىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بۇن-
داق ئادەملەر بەك ئاز، ھېچبولمىغاندا خەقتىن ئاز - تولا پەرقلىنىپ
تۇرىدۇ.

«سىز چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىشلىشىم كېرەك دەپ
قارامسىز؟»

نۇرغۇن ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەردىن سوراپ كۆرۈڭ. تەكشۈرۈش
نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، خىزمەتچىلەرنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى
قىسمى ئىمكانقەدەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەش كېرەك دەپ قارايدۇ.
ئىشچىلاردىن مەلىكىلىك ئىشچىلار ياكى ئازراق بىر قىسمى ئاساسەن
شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئۇلار خىزمەتچىلەرنىڭ يۇقىرىقى قارىشىغا قوشۇلى-
دۇ. بىراق، ساپاسىز ئىشچىلارنىڭ بۇنداق قاراشتىكىلىرى ئېھتىمال
يۇقىرىقىلارنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىشى مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق،
ئادەملەرنىڭ ئىككىدىن بىرىدىن ئۈچتىن بىر قىسمى ھۇرۇن.

ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلىمەسلىكى ھەققىدە بەزىلەر مۇنداق
چۈشەنچە بېرىدۇ: بەك كۈچەپ ئىشلەپ، سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزگەندە
ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ ياكى ئەگەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلىگەندە
پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان نامرات خىزمەتچىلەر ئىشسىز قالىدۇ.
چۈنكى، ئۇلارغا قىلغۇدەك ئىش قالمايدۇ. يەنە بەزىلەر، ئىشتا ئارتۇقچە
ئەستايىدىل بولۇپ كەتسە، ئىشداشلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، يامان
نىيەتتىكى تەنقىدگە ئۇچرايدىغان گەپ، دېيىشىدۇ. يەنە بىر خىل قاراش
بار، ئۇ مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا خوجا-
يىنىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەلىپىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، قەستەن پۈتۈن
كۈچى بىلەن ئىشلىمەسلىك كېرەك، دېيىلىدۇ. بۇلار ئەيىبلەشكە ئەرزى-
مەيدىغاندەك تۇيۇلغىنى بىلەن ھۇرۇنلارنىڭ باھانىسى.

بۇ ھەقىقەتەن بىر خىل ناچار خاھىش، ئەمما بۇ خاھىش ئۇلۇغۋار
غايىگە ئىگە كىشىلەرگە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ناھايىتى ياخشى پۇر-
سەت. ئەگەر جەمئىيەت ھۇرۇنلار بىلەن تولۇپ كەتسە، بىرىنچىدىن،

ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەرنىڭ رىقابەت نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ھۆرۈنلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن، ھەقىقىي تىرىشچانلارنىڭ قىياپىتى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

مۇنداق بىر پاراڭ بار. كۆپچىلىككە تونۇشلۇق كىموس.B. دېك ئۆزىنىڭ زور تاماكا زاۋۇتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ قۇرۇۋالغاندا، بىر ياش خىزمەتچىنىڭ دىرېكتورغا كۆپرەك خىزمەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدۇ.

«ئەجەب قىزىق نېمىكەنا بۇ! — دەيدۇ دېك مەمنۇن بولغان ھالدا، — ئىشنى جىق قىلىشتىن زېرىكمەيدىغان ئاشۇ يىگىتنىڭ ئۇستىلىنى مېنىڭ ئىشخانامغا يۆتكەپ كېلىڭلار». شۇنىڭ بىلەن ھېچقانچە خىزمەت ئىستاژى بولمىغان خىزمەتچى جورجى يورلىيان ئوڭايلا بۇ تاماكا پادىشاھىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي دېكنىڭ تاشقى مۇناسىۋەت پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ ھەمدە بۇ مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. دېك ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يورلىيان بېرىلگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە دېك پادىشاھلىقىنىڭ چەكسىز مال - مۈلكىنى باشقۇرىدۇ.

## خىزمىتىڭىزنى توختىتىپ قويماڭ

جورجى.M. كوخۇن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپ، نۇرغۇن ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى سەييارە ئويۇن قويغۇچى بولغاچقا، ئۇ مەكتەپ تەربىيىسى ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان. لېكىن، ئۇ 300 پارچە ناخشا تېكىستى، 50 پارچە دراما يازغان ھەمدە بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. مەسىلەن، ئۇ بىرەر يېڭى درامىنى خىيالىغا كەلتۈرگەندە ئالدى بىلەن سەنئەتچىلەرنى ياللايتتى، تىياتىرخانا بىلەن توختام تۈزۈپ، سەھنىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا كەڭ كۆلەمدە

ئېلان بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ پۇل خەجلەيدىغان تەييارلىق خىزمەتلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن يېزىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. بىر ئەسەرنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن كۈچى ۋە بارلىق مال-مۈلكىنى ئىشقا سالاتتى. ئەسىرى ئوبدان يېزىلمىغان بولسا، پۈتكۈل تىياتىر ساھەسىدە مازاقىقا قىلىپ، ۋەيران بولاتتى.

شۇڭا، ئۇ مېھمانخانىدىكى بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، تەرەت كەشى ۋە كېچىلىك كىيىمىنى كىيىۋېلىپ ئولتۇرۇپ، توسۇش مۇمكىن بولمىغان ئىلھامى بىلەن يېزىقچىلىق قىلاتتى، ئۇخلاش - ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇغان ھالدا كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيتتى، ئۇيقۇ ئالۋاستىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كەچقۇرۇنلۇقى كۆپلەپ قەھۋە ئىچىۋېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالغان ئىدى. بىر ئىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنى ئاخىرىغا چىقارماي قويمايتتى. بەزى چاغلاردا تىياتىرنىڭ تۇنجى پەردىسى ئېچىلاي دېگەندە، ئاندىن تىياتىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەردىسى يېزىپ چىقىلاتتى. بۇنداق ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

«نـاخشا - ئۇسسۇل پېشـۋاسى» دەپ ئاتالغان كوخۇن بوگۇنكى قائىدە - يوسۇننى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا باش قاتۇرۇپ قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈنمۇ باش قاتۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دائىم غەلىبىگە ئېرىشەتتى.

## تۇنجى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭ

ئادەتتە، كىشىلەر خىزمەتنى باشلىغاندىن كېيىن، كۆپىنچە ھەر تەرەپكە قاتراپ ئۇستاز ئىزدەيدۇ، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئىش باشلىغاندا كۆڭلىدە سان تۇرغۇزۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

سام ۋوئودرېي دېگەن بۇ ئادەمنىڭ تۆتتىن بىر قىسىم ئۆمرى ئامېرى-

كا ئىلىم - پەننى، گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن ئۆتكەن. شۇ جەمئىيەتكە تەۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ.

مەلۇم بىر ئالىم ئۇنى: «ۋوئودرېي نېمىنىڭ تۇپ مەسىلە، نېمىنىڭ قوشۇمچە چېتىشلىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاجايىپ تالانتى بار ئادەم» دەپ مەدھىيىلىگەن. بۇ ۋوئودرېينىڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

نامراتلىق ئىچىدە قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەپ، ئاخىر خەلقئارا خابىستار شىركىتىنىڭ لىدىرى بولغان ئالېكساندىر لېگنىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بىلىدىغان — تۈنجى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغان، خەقنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالىمايدىغان ئادىتى بار ئىدى.

«ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا خىزمەتكە تەييار تۇراتتى. دائىم ئۆزىگە خاس خىزمەتنى ئىزدەيتتى. ئەزەلدىن خىزمەتنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىمايتتى» دەيدۇ مىكومېك ئۇنىڭغا باھا بېرىپ. بۇ دەل ئۇنىڭ دۇنياغا داڭق چىقارغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

زاۋۇت، سودا ساراي، شىركەتلەر ئىختىساسلىق خادىملارنى تاللاشقا ئۇنچىۋالا ماھىر ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ قانچىلىك ئىش قىلالايدىغانلىقىغا قاراپ مەزكۇرنىڭ قىممىتىنى بېكىتىدۇ.

ئەگەر ئەتىگە قويىغان ئىشىڭىز بولسا، ئۇنى بۈگۈنلا بېجىرىۋېتىڭ — مانا بۇ ئۆز قىممىتىڭىزنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقا.

## كەسكىنلىك ھەممىدىن ئەلا

نۇرغۇن ئادەمنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئالدىغا ئىش كەلگەندە كەسكىنلىك بىلەن ئۇنۇملۇك قارار چىقىرالماي، قانداق قىلسام بولار دەپ ئىككىلىنىپ قېلىپ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىدا. ئىشنى ئەمدى باشلاي دېگەندە پۇرسەت كېتىپ قالىدۇ - دە، مۇۋەپپەقىيەت قازى-

ـنالمايدۇ. شۇنداق بىرمۇنچە ياشلار باركى، ئۇلار مەخسۇس مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ھەمدە ئۇنىۋانىمۇ بار، خەقنىڭ ئۇلارغا بولغان قارىشى ناھايىتى ياخشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىستىقباللىق ياش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

لېكىن، ئۇلار مەلۇم ئىشقا دۇچ كەلگەندە كەسكىنلىك بىلەن يەكۈن چىقىرالمايدۇ، پىلان تۈزەلمەيدۇ. ئۇنداق قىلسام بولارمۇ، مۇنداق قىلسام بولارمۇ دەپ ئىككىلىنىپ يۈرىدۇ. شۇڭا، كەسكىن بولالماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغىنىڭىزدا، مەيلى سىزدە قانچىلىك ئىقتىدار بولسۇن، مەيلى قانچىلىك تەربىيە كۆرگەن، قانچىلىك ئەقىللىق بولۇڭ ھەمدە قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمەڭ، ھەرگىز ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلمەيسىز.

«ياشلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇلاردا كۆپ سۆزلەش ئادىتى بولغانلىقىدا، كەم سۆز، كۆپ ئويلىنىپ ئاز سۆزلەيدىغان ھەمدە ئېغىر - بېسىق كىشىلەرلا كۆپىنچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ» دەيدۇ ئوگدېن. بىرسى فانتىببېردىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى سورىغاندا، ئۇ: «ئاغزىڭىزنى چىڭ يۇمۇشىڭىزدا» دەپ جاۋاب بەرگەن. يۇقىرىقىلار تەجرىبىدىن چىقىرىلغان يەكۈن، ھەرگىز سەل قارىماڭ.

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىدىيىسى كىشىگە يېڭى ھاياتبەخش ئېتىدۇ

چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دېگەن نىيەتنى كۆڭلىڭىزگە پۈكسىڭىز، ۋۇجۇدىڭىز بىردىنلا جانلىنىپ بارلىق ئەندىشە، قورقۇنچ خۇددى شەرقتىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتلار تارقىغىنىغا ئوخشاش شۇئان غايىب بولىدۇ. بۇنداق ھاياجاننىڭ كۈچى توك ئېقىمىغا ئوخشاش، پۈتۈن بەدىنىـ

ئىنگە تارقىلىپ، ھەربىر تومۇرىڭىزدا بىر قېتىملىق زور ئىنقىلاب پەيدا قىلىپ، سىزنى پۈتۈنلەي يېڭى بىر ھاياتقا ئىگە قىلىدۇ.

## قىلغان ئىشىڭىزنىڭ باش - ئايىغى بولۇشى كېرەك

ئىش قىلغاندا بېشى بار، ئايىغى يوق، يېرىم يولدا تاشلاپ قويىدىغان، تولۇق قىلمايدىغان ئادەم كىشىلەر ئالدىدا ئاسانلا ئىناۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى ئەڭ ئىشەنچسىز بولىدۇ، ئۇلار سۆرەلمىلىك قىلىپ، ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمايدۇ. مەيلى قانداق ئىش قىلايلى، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇزۇل - كېسىل قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر باشلاپ قويۇپ ئاخىرىنى چىقارمىساق، يېرىم يولدا توختىتىپ قويساق، ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويغاندىن سىرت، ئۆزىمىزنىڭ پەزىلىتىمىزنىمۇ چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىمىز. چۈنكى، ئىشنى ئۇزۇل - كېسىل قىلمىغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسى چوقۇم مۇجمەل بولىدۇ، ئۇلار ياخشى - يامان، توغرا - خاتانى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلمايدۇ، ئىش قىلغاندا باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىنى چىقارمايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى چوقۇم ئىككىلىنىش ئىچىدە بولىدۇ، يۇقىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئىرادىسى بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر مىجەزى كۈنسېرى چۈشكۈنلىشىپ ئاخىر ئۆزىنى يوقىتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يۇقىرىدىكى يېتەرسىزلىكى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەگەر كىشىلەردە ئاز - تولا ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش ئىدىيىسى بولسا، چوقۇم ئالاھىدە ھوشيار بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى زاماندا روھى چېچىلاڭغۇ، ئىشلارنى ئۇزۇل - كېسىل ياخشى قىلىشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئادەملەر ئۆز كەسپىدە ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

يەنە بىرمۇنچە ئۆسمۈرلەر باركى، ئۇلار ئۆزى ئوقۇۋاتقان دەرسلەرنى چالا - پۇچۇق بىلىۋېلىپلا بولدى قىلىدۇ. ئىمتىھاندىن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈۋالىدۇ. بۇنداقلار مەكتەپتىلا لايغەزەللىك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالغان بولۇپ، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە چىققاندىمۇ ئىشلىرىنىڭ تەرتىپ-رىتىمى بولمايدۇ، ئىشنى قول ئۇچىدىلا قىلىپ قويىدۇ، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مېنىڭ قىز - يىگىتلەردىن ئۈمىدىم شۇكى، سىلەر ئىسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى، ھەرقانداق ئىشنى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغۇدەك قىلىڭلار، ھەرقانچە كىچىك ئىش بولسىمۇ، چوقۇم پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىڭلار.

كىچىككىدىنلا مۇشۇنداق ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن كىشى دائىم ئېھتىياتچان بولىدۇ، ئىشلارنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىشنى، مۇكەممەل قىلىشنى كۆزلەيدۇ ۋە ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق ھەق سىلەرنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتىڭلارغا تەڭ كەلمەيدۇ.

## بوشاشماي ئىرىشىش روھى

ئۇ ئەما بولۇپلا قالماي، يەنە دائىم ئېرۋا ئاغرىقىنىڭ ئازابىنى تارتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتى توكۇر بولۇپ، ھۇرۇنلۇق ئادىتى تەبىئىي ھالدا پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق، ئۇ باي ئائىلىدىن بولۇپ، مۇشۇ ئەۋزەل شارائىت بىلەن ھېچقانداق ئىش قىلمىسا بولاتتى. ئۇنىڭ شۇنداق راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساسى ھەم بار ئىدى.

ۋىلىيام بىرىسكو گەرچە مانا مۇشۇنداق ئارامبەخش تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تولۇق ھەقلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئاجىزلىقىغا بوزەك بولماي، چىرايىدا دائىم كۈلكە جىلۋە قىلىپلا تۇراتتى. توختىماي ئىشلەيتتى. دەرۋەقە، بۇ يەردە كىشى چۈشىنىپ بولمايدىغان مۇشەققەت مەۋجۇت ئىدى. ئۇ پىلانلىق ھالدا ئۆزىگە ئېغىر كۆپ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرات-

تى، ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز ئىشلەشكە ئۈندەيتتى.

ئۇ خۇددى مەلۇم بىر تارىخىي ماتېرىيالنى تەكشۈرمەكچى بولغاندەك، ئىسپان تىلىنىڭ قەدىمكى يېزىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۇ-چۇن، ئىسپان يېزىقىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇ 16 تال يىپنى بىر قۇرۇلما قىلىپ شەكىللەندۈرۈپ، بىلىكىنى شۇ ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆگەنگەن ئىسپان يېزىقىنى چوڭ قەغەزگە يېزىپ مەشىق قىلاتتى. نېرۋىسى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىغاندا، كارىۋاتتا يېتىپ مەشىق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ خاتىرە يازالمىغانلىقى ئۈچۈن، تارى-خىي تەپسىلاتنى ئەستە قالدۇرۇشتا، باشقىلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە جاپالىق كۈچ سەرپ قىلاتتى. مانا مۇشۇنداق مۈشكۈل، توسالغۇغا تولغان ئىلگىرىلەش يولىدا، ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچەپ، تېخىمۇ جاپالىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيتتى ھەمدە شۇ ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان جاپالىق ئىشلەش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ ئۆزىگە جەرىمانە قويۇش تۈزۈمىنى ئورناتقان، ئەگەر پىلان بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارالمىغان بولسا، ئۆزىگە جەرىمانە قويۇپ، جەرىمانە قويغان پۇلنى نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرەتتى.

برىسكو سەممىي نەسىھەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «خىزمەتتىن باش كۆتۈرمىگەيسىز!» ئەمما، ئۇ بىر ئۆمۈر راھەت - پاراغەتتە ياشاشنىڭ يېتەرلىك ئاساسىغا ئىگە ئىدى، لېكىن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ئاخىر دۇنياغا داڭلىق تارىخشۇناس بولۇپ چىقتى.

## قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان ئادەم

«مېنىڭ تەلىيىم بەك تەتۈر» — مۇشۇنداق ئويدا بولغۇچىلار، ئەڭ ياخشىسى تۆۋەندىكى ھېكايىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك.

جونېر گوبلېر ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۇ مۇشۇ دۇنيادا ئېرىشكەن شەخسىي مەنپەئەتتىن زور

دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر نامراتلىقنىڭ ئازا-
بىنى تارتقان، بىراق كېيىنكىلەرگە چەكسىز بايلىققا تولغان دۇنيانى
قالدۇرۇپ كەتتى.
ئۇ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپلا غۇربەت تۇرمۇشقا مۇپتىلا بولغان. مىلاد
بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى تۇغۇلغان بولۇپ، ئاي، كۈنى توشماي سەك-
كىز ئايلىق بولۇپلا تۇغۇلۇپ قالغان. ئۇ چاغلاردا، بۇنداق بوۋاقلارنىڭ
ئەي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى
كېسەلمەنلىك هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چوڭ ئادەم بولغاندىمۇ، يەنىلا
ئورۇق، كېسەلمەن ئىدى.
ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئادەتتىكى ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاشمايتتى،
ئۇلار تەڭلا ساراڭ بولۇپ قالغان. گوبلېرنىڭ تۇنجى ئايالى بۇرۇن نىكاھ-
لىق بولغان، گوبلېردىن يېشى چوڭ ئايال بولۇپ، كوت - كوت،
ئۇرۇشقاق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۆزىدىن كۆپ پەرقلەن-
مەيتتى. هە دېسە توپلىشىپ كېلىپ، گوبلېرنىڭ ئەهۋالىنى تېخىمۇ
ئېچىنىشلىق هالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.
گوبلېرنىڭ ئىككىنچى ئايالى چۆرىلىكتىن كېلىپ چىققان ئوتتۇرا
ياشلاردىكى ئايال بولۇپ، گوبلېر مائاش ئالالماي، گىرىم بۇيۇملىرىنى
سېتىۋالالمىغاچقا، دائىم چىرايىنى تۇرۇپ يۈرەتتى. لېكىن، بۇ هېچقانچە
ئىش ئەمەس ئىدى. ئەڭ يامان بولغىنى، روهىي كېسەلگە گىرىپتار
بولغان پادىشاه رودلىفنىڭ گوبلېرغا رەم سالدۇرۇپ، ئۇرۇش قوزغاش-
نىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىنى ئالدىن ئوتتۇرىغا قويۇشى ئىدى.
كاج، تەلۋە پادىشاه ۋە خانىشنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن،
ئۇنىڭ ئاجىز تېنى ۋە تازا ياخشى كۆرمەيدىغان كۆزى بارغانسېرى ئاجىزلى-
شىپ كەتتى. گوبلېر دائىم كېچە - كېچىلەپ باش چۆكۈرۈپ تەتقىقات
ئېلىپ باراتتى. يىراقنى كۆرەلمەسلىك تۈپەيلى كۆزىنى قەغەز يۈزىگە بەك
يېقىن ئەكېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، قاش - كىرپىكلىرى شامنىڭ ئوتىدا
كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، جاهىل كېزىك كېسىلىمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئازاب

سالدى.

شۇنداقتىمۇ گوبلېر ئۆزىنىڭ گۇڭگا كۆرىدىغان كۆزىگە تايىنىپ بىر تالاي سان - سىفىرلار ئىچىدىن چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە يۇلتۇزلار دۇنياسىنى بايقىدى. ئۇ قەغەز يۈزىدىكى سان - سىفىرلارنى كۆرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئالەمنىڭ ئاچقۇچىنى تاپتى.

تېنى ئاجىز گوبلېر قەيسەر روھقا ئىگە بولۇپ، بىرقانچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇردى. ۋاقىت بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى، گوبلېر كۆزىنىش ۋە ھېسابلاش مەلۇماتلىرى خاتىرىلەنگەن دۆۋە - دۆۋە قەغەز ئىچىگە چۆكۈپلا كەتتى. چېچەك كېسەللىكى ئۇنىڭ بالىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، لېكىن ئۇ تەتقىقاتنى توختىتىپ قويمىدى. چۇما كېسەللىكى تارقالغاندا، گوبلېر مۇرىسىگە كونا بىر ئەدىيالنى يېپىنىۋېلىپ بىر تاغار ماتېرىيالنى يۈدۈپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاناھلىق ئىزدىدى.

قورقۇنچلۇق چۇما كېسەللىكى، بالايىئاپەت ۋە يوقسۇزلۇق ئۇنىڭ خىزمەت قىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. خىزمەت ئۇنى مەھلىيا قىلىۋالغان ئىدى. ئۇزاق يىل كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يېزىش ئارقىلىق، ئاخىر 1000 يۇلتۇزنىڭ توغرا خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى دېڭىزچىلارنىڭ دېڭىز پائالىيىتىنى بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

ئۇ ھازىرقى زامان ئاسمان جىسىملىرى مېكروسكوپىغا ئاساس سالغان ئىدى. ئۇ، ئىككى كۆپۈنكى ئوبيېكتىپنى ئۆلچەش مەشغۇلاتىدا كېسىشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىختىرا قىلدى. «گوبلېر» ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىگە ئائىت ئۈچ قانۇنىيەتنى ئىختىرا قىلغان ئادەم مانا مۇشۇنداق كېسەلمەن، تېنى ئاجىز كىشى ئىدى.

گوبلېر خىلمۇخىل قىيىنچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يېڭى دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال ھېسابلاش ئىلمى ئۈچۈن يېڭى ئاساس سالدى.

مەن ھەر قېتىم قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقتىن چۆشكۈنلىشىپ كەت-
كەن، خىزمەتنى ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويالي دېگەن چاغلاردا ئاشۇ
يىراق ئۆتمۈشتىكى گوبلېر ماڭا قاراپ: «ئادەم خىزمەت ئۈچۈن ياشىشى،
خىزمەت بىلەن قۇدرەت تېپىشى كېرەك» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.
دەرۋەقە، گوبلېر دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار-
نىڭ بىرى. ئۇ 50 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ جەسىتى جۇل - جۇل
كىيىمى بىلەن ئاددىيغىنا تاۋۇتقا سېلىنىپ كۆمۈپ قويۇلدى. ئۇنىڭ
ئۆمرىدە ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ خىزمىتىنى تاماملىشىغا توسقۇنلۇق
قىلالمىغان.

# ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ

خىزمەت قىلىش ئىرادىسى بولسىلا، مەيلى قاچان، قەيەردە بولسۇن
ئوخشاشلا خىزمەت قىلغىلى، ھەرقانداق جاينى كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت
مەيدانى قىلغىلى بولىدۇ. ئىش بېجىرىش ئورنى، ماگىزىن ۋە تەتقىقات
ئورنى ھەممىسى ئوخشاش. بىراق، بىرەر ئورۇننى تاللىيالماي تۇرۇپ
خىزمەت قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغانلار چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا
چىقىرالمايدىغانلاردۇر.
يەنە بىرى، مەلۇم ۋاقىت بولمىسا خىزمەت قىلالمايدىغان ئادەم
ئورۇن، ۋاقىت تاللىمايدىغان، پارچە - پۇرات ۋاقىتلاردا ۋە ھەرقانداق
يەردە خىزمەت قىلالايدىغان ياكى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى
قىلىدىغان ئادەمگە قارىغاندا خىزمەتنى چوقۇم ناھايىتى ئاستا قىلىدىغان
ئادەمدۇر.
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چېغىمدا، ياتاق ۋە تاماقتا قولاي بول-
سۇن ئۈچۈن، ئوھىئو شتاتىنىڭ مەلۇم كەنتىدە بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىدە
يېتىپ - قوپاتتىم ھەم ئىشلەيتتىم. ياشىنىپ قالغان بۇ دېھقان بىرنەچچە
يىل ئىچىدە خېلى كۆپ يەر سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلار كۆپىيىپ

كەتتى.

شۇ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئەتىگەندىلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مېنىڭ بۇنداق يامغۇرنى كۆرمىگىنىمگە خېلى ئۇزاق بولغان ئىدى. مەن بۇ يامغۇردىن ناھايىتى خۇش بولدۇم. چۈنكى، بۇ دەل كۈزلۈك تېرىلغۇنىڭ ئالدىراش پەيتى بولۇپ، يامغۇر يېغىش سەۋەبىدىن بىر كۈن دەم ئېلىۋالغىلى بولاتتى ھەمدە بۇنداق كۈندە ئېگىز - پەس ئېتىزلىقتا ئات ھەيدەپ ساپاندا يەر ئاغدۇرۇش ئىشىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم. غوجىدارمۇ بۇنداق ھاۋادا ئاتنى قىيناشنى خالىمايتتى.

ناشتىلىقنىڭ ئىككىنچى پىيالە قەھۋەسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئېغىز ئېچىپ قالدى: «بۇنداق يامغۇردا، ئىش قىلغىلى بولمىغۇدەك» ، ئۇ ئارقىدىنلا يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن «بۇنداق يامغۇرلۇق كۈندە، ئەڭ ياخشىسى ئامباردىن شېكەر يۆتكەش كېرەك» دېدى.

ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا دائىم خىزمەتنى ئالدىن پىلانلاپ قوياتتى، ۋاقىتنى ھەرگىز ئىسراپ قىلمايتتى.

شۇ چاغدا مېنىڭ ئۇنى: ھەي سەھرالىق تومپاي، قورسىقى تار گاداي، دەپ تىللىۋەتكۈم كەلدى. لېكىن، كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ھەر قېتىم ئېسىمگە ئالغىنىمدا كۆڭلۈمدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا بولغان تەشەككۈر تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ساۋقى پارچە - پۇرات ۋاقىتلاردىمۇ پىلانلىق ھالدا ئىجادىي ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

## راھەت قوغلىشىش ئادىتىنى تاشلاڭ

دائىم خىزمەتنى ئالدىڭىزغا تاغدەك دۆۋىلىۋېلىڭ! ئۇ سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ يۇقىرى بېسىم بولسۇن.

يانچۇقىدا بىر تىيىنى بولمىغان، ئەمما خەلقئارا پۇل خاتىرلەش

ماشىنىسى شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى جون. H. بادسوننىڭ جاھاندارچىـ
لىق سەنئىتى ئەنە شۇنداق. ئۇ خىزمەتچىلەرگە ئۆزى ئۈلگە بولاتتى. ئۇ
ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى ياكى تىجارەت بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەت
مىقدارىنى خىزمەتچىلەر ھەتتا يولسىزلىق دەپ قارايتتى، ئەمما نەتىجىدە
كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشاتتى.

كىشى ئېھتىياجىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاندا قانچىلىك ئىشلىيەلەيدىـ
غانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بادسون پۇل خەجلەشكە چىداپ مەلۇم بىر
خىزمەتنى سىناق قىلىپ كۆردى — ھۆرۈنلۈققا كۆنۈپ قالغانلار ئەستايىـ
دىل ئىشلىسە، قانچىلىك ئىش قىلالايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولـ
دى. ئۇ خىزمەتچىلەرگە ھەپتىنىڭ 4 - كۈنىدىن تارتىپ، يەكشەنبە
كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەينەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن قۇيمىچىلىق زاۋۇـ
تىنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاشنى ھەمدە ئوت - چۆپ
تېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ، كۆپ خىراجەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش
ئىدى. بۇيرۇق، روشەنكى، يولسىزلىق بىلەن چۈشۈرۈلگەن، خىزمەتچىـ
لەرنى بۇ ئىشقا سېلىش ئۈچۈن يۇقىرى مائاش بېرىپ بويسۇندۇرغىلى
بولمايتتى. ئەمما، خىزمەتچى خادىملار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى ھۆرۈنلۈقىنى ئۆزگەرتىپ، بىر كۈچەپلا بۇ خىزـ
مەتنى تاماملىدى. شۇنداق قىلىپ بادسون ئۇلارنىڭ ئىشنى «كەينىگە
سۈرۈش» ، «ئىتتىرىش» ، «سۆرەش» تەك ھۇرۇنلۇق ئادىتىنى تۈزەتتى.

ئارتۇق ئىشلەشنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغاندا ئۇزاق مەزگىل،
دائىم ئەمەلىي كۈچىمىزدىن ئاز كۈچ بىلەن ئىشلەشتەك ناچار ئادىتىمىزنى
تاشلىيالايمىز. بىز تۆۋەن ئۈنۈم بىلەن ئىشلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان.
ئەمگەك پسىخولوگلىرى بۇ ئەھۋالنى تۇراقلىق ئىنكاس پسىخىكىسى دەپ
ئاتايدۇ. پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ئىقتىدارنى تولۇق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ.
ئادەتتىكى ئەھۋالدا دائىم تۆۋەن ئۈنۈم بىلەن ئىشلەش مانا مۇشۇ تۇراقلىق
ئىنكاس پسىخىكىسىدىن بولغان. ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشنىڭ سەۋەبى ئاڭدىكى
ھۇرۇنلۇق ۋەياكى ھۇرۇنلۇق ئادىتىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. قابىلىيەتنى

ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسە — ئادەتتە راھەت - پاراغەتلىك خىزمەتكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىز.

كۆپرەك خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىش، جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق راھەت قوغلىشىش، ھۇرۇنلۇق ئادىتىنى تاشلاپ، ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىي كۈچىڭىزنى تونۇپ يېتىشىڭىز كېرەك.

## ھەرقانداق ئورۇن، ۋاقىتتا ئىشلەۋېرىڭ

مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمنى تەنقىد قىلىش، مۇلاھىزە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىتىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە خىجىل بولۇپ ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. ئەمما، كۆڭلۈمنى ئەڭ بىئارام قىلىدىغىنى يەنىلا يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى، ئۆتكەن كۈنلەرنى ھېسابلاپ قانچىلىك ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىم ئىدى.

گەرچە بۇنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ۋاقىتلارنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھەمدە ئاشۇ ۋاقىتلاردا ناھايىتى ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن، ھۇرۇنلۇق قىلغان ئىدىم.

مەسىلەن، ئادەم كۆپ جايلاردا ماڭالماي ئىككى - ئۈچ مىنۇت تۇرۇپ قالغاندا، بۇنى دائىم مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس دەپ قارايتتىم. بىراق، نوۋالكاۋاتنىڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ئەسىرى «ئەزىمەت بىلەن ئۇچرىشىش» دېگەن مۇزىكىنى ئاپتوبۇس ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ توختاپ قالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان ئەمەسمۇ؟

ئاسون پروسېبىل نۇرغۇن مەشھۇر باش ماقالىلىرىنى ئاپتوموبىلدا ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، ئاندىن كۆچۈرگەن ياكى ئاپتوموبىلدىكى بوش ۋاقىتلىرىدا ئاپتوموبىلدىكى قامۇسنى ئوقۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى دوراپ ئاپتوموبىلغا دائىم كىتاب ئېلىۋالاتتىم. بۇنىڭدا ئىسراپ بولىدىغان

ۋاقىت ئازراق بولاتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلۇغ تېببىي ئالىم ۋىليام ئاسلار يۇيۇنۇۋې-تىپمۇ كىتاب كۆرىدىكەن. ئىنرىكاچارس يۇيۇنۇپ ئولتۇرۇپ مەشىق قىلىدىكەن. يۇيۇنۇۋاتقاندا مۇنچا سىرتىدا ئۇنىڭ ئۇچۇن رىيال تەڭكەش قىلىنىدىكەن. ئارخىمىد ۋانىندا يۇيۇنۇۋېتىپ، خان تاجىنىڭ ئالتۇنىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تاپقان. ھازىر مەن مەيلى ۋانىدا بولاي ياكى ساقال ئېلىۋاتقان بولاي، دائىم يېقىندا كۆرگەن كىتابىمنى ئېسىمگە ئالىمەن ياكى يېقىندا كۆرگەن كىتابنى ئەسلەيمەن ۋەياكى يېقىندا كۆرۈشكەن ئادەملەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى، چىراي - شەكلىنى ئېسىمگە ئالىمەن.

ساقال ئېلىشنى ئىلگىرى مەن ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قاراپ ئۆستۇرۇپ يۈرۈۋېرەتتىم. بىراق، بۇ ئىشتا مەن بەك يەڭگىللىك قىپتى-كەنمەن. ئاملۇتۇش ئاتاقلىق تەرجىمىھال يازغۇچى بولۇپ، ساقال ئالغاچ ئىشلەيتتى. ئەينەك يېنىدا خاتىرە دەپتەر قويۇلغان بولۇپ، ئېسىگە نېمە كەلسە، شۇنى دەرھال خاتىرىلىۋالاتتى.

كىيىم كىيىشكە كەتكەن ۋاقىتنى قارىماققا تېجەپ قالغىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ مۇشۇ ۋاقىتـــنـــى ھېچ ئىش قىلــماي بىكار ئۆتــكۈزۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس. سوبىـــنار كىيىم كىيىۋاتــقان چېغىدا، ئۆرە تۇرۇپ كىتاب كۆرەتتى.

شارل بېلىنار بويى پاكار، ئەمما پارتلاتقۇچ دورىدەك زېھنى بار باتۇر ئايال بولۇپ، دائىم خىزمەتنىڭ بېسىمىدىن تېپىرلاپ كېتەتتى. ھەرقان-داق ۋاقىتتىن ناھايىتى جايىدا پايدىلىناتتى. ئۇ ئايال بولغىنى ئۇچۇن بەزىدە ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرمۇ كۆرۈلۈپ قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قېتىم ۋانىدا يۇيۇنۇۋېتىپ دىرېكتور ياكى ئاپتورلار بىلەن خىزمەت توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكەندە، دائىم سوپۇن كۆپۈكىنى ۋانىغا لىق توشتۇرۇۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق بەدىنىنى توسۇپ قالاتتى. شارل بېلىنارنىڭ سۇتتە يۇيۇنۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر مانا مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولغان.

كىيىم ئالماشتۇرغان، يۇيۇنغان ياكى ساقال ئالغان ۋاقىتلاردا ھەر ئىككى قول ئىشلىسىمۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتتا كاللىمىز ئەركىن تەپەككۇر قىلالايدۇ.

تاماق يېيىش ۋاقتى ئەلۋەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاقىت، ئىسراپ قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. مۇناستىرغا بېرىپ قاراپ بېقىڭ، مۇناخلار تاماق يەپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىدۇ ياكى كىتاب كۆرىدۇ.

ۋالىس مۇزىكانتى جون تىرتىرو سېكۇنت ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ۋېنادىكى ئاشپۇزۇلدا تاماق يەۋېتىپ دائىم تاماق تىزىملىك دەپتىرىنىڭ ئارقىسىغا يېڭى مۇزىكىلارنى تىزىملىۋالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئايالى پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىدى. ئۇ ئايالىنىڭ تاماق ئۈستىلىدە قوشنىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىغا يول قويماي، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئايال بىلەن ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتى.

## ئىشەنچ — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى

نۇرغۇن ئادەم تۇغۇلۇشىدىلا گويا ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قارايدۇ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى بويسۇندۇرالايدۇ، ئۇلار مۇھىتنىڭ خوجايىنى، مۇھىتنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدۇ، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىشلارنى ناھايىتى ئاسان بىر تەرەپ قىلالايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ.

بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى مۇستەھكەم، پوزىتسىيىسى ئۈمىدۋار. ھەرقانداق ئىشقا مەسئۇل بولسىلا چوقۇم ھۆددىسىدىن چىقىدۇ، ھەتتا ناھايىتى ياخشى ئورۇندايدۇ، «قىيىن» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ لۇغىتىدە زادىلا مەۋجۇت ئەمەس. يەنە بىرمۇنچە ئادەملەر مەغلۇپ بولۇشتىن قورقىدۇ، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيادا بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دېگەن كىشى ئۆزىگە چوقۇم مۇتلەق

ئىشىنىشى كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش كىشىنىڭ تەبىئىي ئېمتىيا-
زى. ئەڭ ناچار تۇرمۇش شارائىتىدىمۇ ھېچ كىشى ئۇنى تارتىۋالالمايدۇ.

## ياشلار بوشاڭ بولماسلىقى كېرەك

بەزى ياشلاردا ئىجادىيەت ئىقتىدارى يوق، ئۇلار پەقەت بەلگىلەنگەن
ئىشنى، رەسمىيەت بولۇپ قالغان ئىشلارنى، بىراۋ ئەتراپلىق پىلانلىغان،
تەرتىپ بويىچە قىلسىلا بولىدىغان ئىشلارنىلا قىلالايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ
ئالاھىدە ئىپادىسى بولمايدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە ياشلار يول
ئېچىپ ئىلگىرىلەپ باشقىلارغا باشلامچى بولالايدۇ.

ھەرقانداق ئورگان ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە ياشلارغا موھتاج.
چۈنكى، ھەرقانداق ئىشقا ئۇلار قاتناشقاندا، ئاندىن تەرەققىياتتىن ئۈمىد
كۈتكىلى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە ياشلار دېگىنىمىز، ھەرقانداق ئىشقا دۇچ
كەلگەندە ۋاقتىدا يەكۈن چىقىرىپ، ئىشلارنى تەرتىپلىك بىر تەرەپ قىلا-
لايدىغان ياشلارنى كۆرسىتىدۇ.

مانا مۇشۇنداق يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشنىڭ ئامىلىدۇر. مانا مۇشۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەر تەبىئىي-
كى، كارخانىلار قارشى ئالىدىغان، مۇھىم ئورۇندا ئىشلىتىشكە بولىدى-
غان كىشىلەردۇر؛ ئەمما، بوشاڭ كىشىلەر خەقتىن بىر - بىرلەپ يېتەك-
لىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ھەربىر ئىشقا يولۇققاندا دائىم ئويغا پېتىپ بىر
قارارغا كېلەلمەيدۇ. ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەي، ئۆزىنىڭ زېھنى-
نى ئىسراپ قىلىدۇ، خالاس.

يەنە بەزى ياشلار قىلماقچى بولغان ئىشنى ئويلىنىپ كۆرگەن ھەمدە
بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى بېكىتىپ بولغان بولسىمۇ ۋايسايدۇ.

قىسقىسى، كېچە ئۇزاق بولسا، چۈش كۆپ بولىدۇ دېگەندەك،
ئىشلار سۆرەلگەنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، ياخشى پۇرسەت قولدىن كېتىپ

قالىدۇ. مۇشۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانلار زېھنى چېچىلىپ، قىلغان ئىشىدا ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمايدۇ.

«كەسكىن بولۇش» — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياشلار ئېسىدە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك سۆز. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىڭلار كېرەككى، خاتالىقنىڭ ئازابىنى تارتساڭلارمۇ ھەرگىز مىدىرلىماي تۇرۇۋالماڭلار.

# ئىككى قولنىڭ ئىشلىتىلىشى

سىز ئوڭ قولىڭىزنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەنمۇ؟ 25 ئادەم ئىچىدە 24 ى شۇنداق، ئەمما 25 ـ ئادەم «چەپچى» دەپ ئاتالغانلار. بۇنداقلار ئائىلىلەردە كەم كۆرۈلىدۇ، مەيلى ئوڭ قول ياكى سول قول بولسۇن، ھەرقانداق كىشى كۆپ ئىشلەتمەيدىغان قولىدا ئاز ئىشلەيدۇ.

مەسىلەن، نەرسە ـ كېرەك يېگەندە ھەرئىككى قولىمىزنى ئىشلىتىمىز. كىيىم كىيگەندە، بولۇپمۇ گالستۇك چىگكەندە چوقۇم ھەر ئىككى قولىمىزنى ئىشلىتىمىز. ئىسكىرىپكىچى ياكى ماشىنىستلارمۇ ھەر ئىككى قولىنى ئىشلىتىدۇ. خەت ئۇرغاندا، ئوڭ ـ سول قولنىڭ ئىش مىقدارى ئوخشاش بولىدۇ.

يېقىنقى زامان زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئاساسەن مۇشۇ پرىنسىپ ئاساس قىلىنغان، يەنى پەقەت بىر قولدىلا قىلىدىغان ئىش ئىككى قولدا تەڭ قىلغىلى بولىدىغان ئىشقا ئۆزگەرتىلگەن. يېقىنقى مەزگىللەردىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئىككى قولنى تەڭ ئىشلىتىش بويىچە ياسالغان.

گەرچە ئادەتتىكى كىشىلەر ھەر ئىككى قولنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوخشاش ئىشلەتسىمۇ، لېكىن ئاز ساندىكى ئادەمدە — تەخمىنەن 500 ئادەمنىڭ بىرسى — ھەر ئىككى قولىدا ئوخشاشلا ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىدار بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ ئاتاقلىق كىشى رېئوناندېۋىچ. ئۇ ھەر ئىككى

قولىدا ئوخشاش ئىشلىيەلەيدىغان تەبىئىي تالانتقا ئىگە بولۇپ، ئىككى قولىنى ناھايىتى تەبىئىي ئىشلىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ھەر ئىككى قولىدا ئوخشاشلا ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ.

## بوش ۋاقتىتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك

بىز بۇ «بوش ۋاقىت»نى چوقۇم مۇۋاپىق «خىزمەت» ياكى مۇۋاپىق كۆڭۈل ئېچىش، مۇۋاپىق «ئويۇن» بىلەن تولدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا قىسقىغىنا بۇ ھايات مۇساپىسىدە مۇشۇنداق كۆپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىپ پۇشايمان قىلىپ قالىمىز.

بىراق، بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ، شۇنداقلا ناھايىتى سىرلىق مەسىلە، يەنى روھىي جەھەتتە ئەڭ خۇشال بولىدىغان ۋاقىتلاردا، ئۇ بوش ۋاقىتلارنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزمەي، بەلكى دەرھال «خىزمەت»نى باشلاش ياكى باشقا «ئويۇن» ئويناش بىلەن ئۆتكۈزەلەمسىز؟ ياكى داۋاملىق باشقا «ئويۇن»نى ئويناپ، تا بۇ ئويۇن ئاياغلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى خۇشال ۋاقتىڭىزدىمۇ خىيال قىلىپ ئۆلگۈرەلەيسىزغۇ؟ بۇ بەرىبىر ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

مېنىڭچە، بۇ قىيىن مەسىلىنى «ۋاقىت تەقسىماتى» جەھەتتە ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئېھتىمال ھەل قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن!

سىلەر مېنىڭ دېگەن سۆزۈمدىن گۇمانلىنىۋاتامسىلەر؟ ئەگەر سىز ئەتىگەندىن كەچكىچە بۇ «بوش ۋاقىت»نى تىزىملاپ كۆرسىڭىز ھەر كۈنى قانچىلىك «بوش ۋاقتىڭىز» بارلىقىنى بىلەلەيسىز. شۇنداق بولغاندا، سىز بۇ ۋاقىتلارنى بارا - بارا تەقسىملەپ كېتەلەيسىز ۋە ئۇنىڭدىن ئىمكانقەدەر ياخشى پايدىلىنالايسىز.

ۋاشىڭتون ھۆكۈمىتىدە بىر خىزمەتچى بولۇپ، ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى قىلىپ كۆرگەن — ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىشلار

كۆلكىلىك بولغاندىن سىرت، ئاز بىر قىسمى ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇسىغا ئائىت قىممەتلىك خاتىرىلەر ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ خاتىرىسى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان، ئەپسۇسكى بۇ مەزمۇنلارنى ئۇ كونكرېت كىتاب قىلىپ چىقالمىغان. شۇنداق قىلالىغان بولسا، چوقۇم بىزنىڭ قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالىمىز بولۇپ قالاتتى!

بۇنداق «ئۆز - ئۆزىنى ئانالىز قىلىش» ئىشىنى سىلەرمۇ قىلىپ كۆرگەنمۇ؟

# تەييارلىق بولسا، تالاپەت بولمايدۇ

ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسىتىشنى قەلبىگە پۈككەن كىشى تۇرمۇشتىن ئىبارەت كەسكىن جەڭگاھتا كۈرەش قىلىپ غەلىبە قازانماقچى بولىدىكەن، دائىم تەييارلىقتا تۇرۇشى، ھەر ۋاقىت مەشىق قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. خۇددى مائارىپ كەسپىي مەكتەپلىرىدىكى تەنھەركەتچىگە ئوخشاش، دەم يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلىپ، دەم سەكرەشنى مەشىق قىلىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە غەلىبىگە ئېرىشىشكە تەييارلىنىش لازىم. مائارىپ كەسپىي مەكتىپىدە قولۋاق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ماھىر شەرەپ قازىنىش ئۈچۈن كۈندە جاپالىق مەشىق قىلىدۇ. غىدىقلاش خاراكتېرىدىكى يېمەكلىكلەرنى يېگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن مۇسكۇللىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان يېمەكلىكلەرنىلا يەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى قائىدىلىك غىزالىنىش، ئۇخلاش، خىزمەت قىلىش، ئارام ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ نېرۋىسى بارا - بارا سەزگۈرلىشىپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇيدۇ، تېنى كۈچلىنىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق جاپالىق مەشىق قىلىدۇ؟ ئۇلار غىزالىنىش، ئۇخلاش، ئىشلەش ۋە ئارام ئېلىشقا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قاتتىق چەك قويىدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن

تۇرمۇشنى مۇشۇنداق قاتمال ئۆتكۈزىدۇ؟ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت 20 مىنۇتلۇق بىر مەيدان مۇسابىقە ئۇچۇندۇر، چۈنكى بۇ قىسقىغىنا مۇسابىقە غەلىبە بىلەن باغلانغان.

خېلى كۆپ تەجرىبىسىز قولۋاق مۇسابىقىچىلىرى بۇنداق ئەستايىدىل مەشىق ئېلىپ بارىدىغان ماھىرلارنىڭ ھەرىكىتىگە كەمسىتىش پوزىتسىيە-سىدە بولىدۇ، بۇنداق جاپا چېكىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ نېمە ئۈچۈن ئەركىنلىك، شادلىقتىن بەھرىمەن بولمايمىز؟ دەپ قارايدۇ. ھەرقانداق تەييارلىق، ھەرقانداق مەشىق ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. ئۇلار جىددىي پەيتكە، كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كەلگەندە، بارلىق شان ـ شەرەپ جاپا چەككەن، ئۆزىنى قاتتىق كونترول قىلغان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. مانا شۇ چاغدىلا ئۇلار نېمىشقا بالدۇرراق تەييارلىق قىلمىغاندىمەن؟ نېمىشقا بالدۇر مەشىق قىلمىغاندى-مەن؟ نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ جاپالىق مەشىق قىلىپ ھالقىلىق پەيتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆز كۈچۈمنى ئاشۇرمى-غاندىمەن؟ دەپ پۇشايمان يېمەي قالمايدۇ.

# خەقنىڭ قولى بىلەن گۈلگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

تام سىپىيانىڭ تام ئاقلاش توغرىسىدىكى ھېكايىسى ئېسىڭلاردا باردۇ؟ تام سېپيا تام ئاقلاش ئىشىدىن شۇنداق بىزار بولىسمۇ، ئەمما ئۆزىنى بۇ ئىشنى ياقتۇرىدىغاندەك كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىكار تەلەپ دوستلىرى ئۇنىڭ دامىغا چۈشەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا پۇل خەجلەپ تام ئاقارتىش ئىشىنى تالىشىپ قىلاتتى. بۇ ھېكايە مارك تۋېننىڭ ھېكايىسى ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقارلىق ھېكايە ھېسابلىنىدۇ. بىراۋنى ماھىرلىق بى-لەن ئۆز خىزمىتىگە سېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتەك بۇ خىل ماھارەت ھەقىقەتەن كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئورتاق ئىشلىتىشكە ئەرزىيدۇ.

تۆۋەندىكىسى ئۆزۈم ھەققىدىكى ھېكايە: بالىلىق چاغلىرىمدا، قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزۈمىنىڭ يوگۇر - يېتىم ئىشلىرىمغا سالاتتىم. ئۇلار مەن تاپشۇرغان ئىشنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قىلاتتى. ئۇلار ماڭا نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلغان. ئەمما، مەن قىزىقتۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنى ئىشىمغا سالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئانىلىرى مەندىن نارازى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەرقانداق ئائىلىدە يەل مىلتىق بولۇشقا يول قويۇلمايتتى. بىراق، مەندە بىرسى بار ئىدى. مەن ئۇ يەل مىلتىقنى قوشنىلارنىڭ باللىرى ئاسان كۆرەلەيدىغان جايغا قويۇپ قوياتتىم.

باللار ئىشنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارغا يەل مىلتىقتا تۆمۈر قۇتىنى 2 — 3 پاي ئوق بىلەن قارىغا ئېلىپ سوقۇشقا بېرەتتىم. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان قوشنىلارنىڭ بالىلىرى قېشىمغا توپلىشىپ مېنىڭ ئىشىمنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ھېسابىدا ئۇلارغا قارىغا ئېتىۋېلىشقا 10 پاي ئوق بېرەتتىم. دائىم زۆرۈر ئىش چىققاندىلا، يەل مىلتىقنى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرەتتىم.

باللار يەل مىلتىق بىلەن 10 پاي ئوق ئاتسا، 10 دوللارغا ئېرىشكەندىنمۇ بەكرەك خۇش بولۇپ كېتەتتى، ئۇلار مەن تاپشۇرغان خىزمەتنى ناھايىتى تىرىشچانلىق بىلەن قىلاتتى، بىراق ئۇلار مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئەكسىچە، قىممەتلىك نەرسىدىن مەن بىلەن تەڭ ھوزۇرلانغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. مانا مۇشۇنداق چاغلار بىزگە ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەتتىم . مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئاندىن باشقا ئىشلارنى قىلغىلى بولاتتى.

## تالانت تېپىدىكى خىزمەت پوزىتسىيىسى

تالانت ئىگىسى دەپ ئاتالغۇچىلار ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك دەپ بىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاتاقلىق

تالانت ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئېرىشكەن ئەرزىمەس ھەققىدىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىنى چوقۇم ساقلاپ قالالمىغان بولاتتى. ئۇلار ئۈزلۈكسىز خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ شان - شەرەپكە ئېرىشكەن.

مەسىلەن، جورجى. م. كويۇلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر كۇپلېت «كىگىنېرنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىشى» دېگەن ناخشىسى ئاران 25 دوللارغا سېتىلغان.

ئاۋامنىڭ مەڭگۈلۈك ناخشىسى «گۈزەل رۇينېۋفۇ» دېگەن ئەسەردىن ئاپتور ئاران بەش دوللارلا كىرىم قىلالىغان. بۇ، كويۇلنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى رۇينېۋفۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى چوڭقۇر ھەسرەتلىك ناخشىسى ئىدى. ئۇ 90 ياشقىچە ياشىغان بولسىمۇ قايتا ئۆيلەنمىگەن. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قايناق ھېسسىياتقا تولغان ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان.

كېمىدە سەپەر قىلغۇچى، ئادۋوكات ۋە يازغۇچى دەپ نام ئالغان رىچاد ھىنرېد ئەۋلادمۇئەۋلاد قانۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خافور ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگىنىدە مەكتەپتىن قوغلىنىپمۇ كەتكەن، بىراق كېيىن يەنە مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە دېڭىزدا سەپەر قىلىش تەۋەككۈلچىلىكىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەر «تام ئالدىدا» دېگەن كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب ئۈچۈن ئاران 250 دوللارغا ئېرىشكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كىتاب «روبىنسوننىڭ سەرگەردانلىق خاتىرىسى» دېگەن كىتابقا ئوخشاش بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان.

باللارنى قىزغىن سۆيىدىغان، باللار شېئىرى پادىشاھى دەپ ئاتالغان ئېۋگېنىي فىيېلدىنىڭ «لىتلېر بوۋۇل» دېگەن ئەسىرىنىڭ قەلەم ھەققى ئاران بەش دوللار بولغان.

دۇنياغا داڭلىق «ئامېرىكا خەلق ناخشىسى توپلىمى» ۋە باشقا كۆپلىگەن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن ناخشىلارنى يازغان مۇزىكانت ستىفان

فوسدال 10 ئاكا ـ ئۇكىنىڭ توققۇزىنچىسى ئىدى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇزىكا ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، كىتابخانىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئامېرىكىدىكى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى بولىدۇ. بىراق، ئۇ بىر ئۆمۈر غۇربەتچىلىكتە ياشاپ، ساناتورىيىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 38 ياش ئىدى. ئايالى ئائىلىسىنىڭ تىرىكچىلىكىنى دەپ تۆمۈر-يول خەت ـ چەك بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇزىكا ئىجاد قىلىپ تاپقان پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 15 مىڭ دوللاردىن ئاشمىغان. ئەمما، فوسدال ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا يانچۇقىدا ئاران 8 مو 5 پۇڭ پۇل ۋە «ئەڭ سۆيۈملۈك دوستۇم ۋە مېھرىبان كىشىلەرگە» دەپ يېزىلغان بىر پارچە خەتلا قالغان ئىدى.

دۇبلىندىكى ئىرلاندىيىلىك ئولفور كولتىسىم دوختۇر بولغان، بىراق بىمارلار دورىسىدىن بىزار بولغانغا ئوخشاش ئۇمۇ دوختۇرلۇقتىن بىزار ئىدى، ئاخىر ئۇ كەسپىنى يېزىقچىلىققا ئۆزگەرتتى، پۇل قەرز ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈردى، ئاندىن «پوپ ۋىكىۋېرىد» دېگەن كىتابنى يازدى، بىراق قەلەم ھەققى ئۈچۈن ئاران 300 دوللارغا ئېرىشتى.

ناتانىيئال ھورتۇن ناھايىتى كۆپ پوۋېست يازغان، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆيدىكى ئوچاقتا كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇلار ئىچىدىكى «قايتا بايان قىلىنغان ھېكايىلار» نىڭ بىرقانچىسىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ دوللاردىن ساتقان. ئۇ باج ئەمەلدارى بولۇپ، تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ھېكايە يېزىشنى داۋاملاشتۇرالىغان. بىراق، ئايالى ئۇنىڭدىن ھەم نارازى بولاتتى، ھەم ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەتتى.

ھېنرى ۋازىس روكفېللىر باشتا قانۇن ئۆگەنگەن، كېيىن كەسپىنى ئەدەبىي يېزىقچىلىققا ئۆزگەرتكەن. ئۇ ئۆزىنى يېزىقچىلىق يولىدا مېڭىشىم كېرەك دەپ ھېسابلايتتى، بىراق بۇنىڭدىن ھېچقانداق كىرىمگە ئېرىشەلمىدى. شۇ چاغدا ئۇ «زۆھرە يۇلتۇزنىڭ كۈلپىتى» دېگەن ئەسىرى بىلەن ئاران 25 دوللار قەلەم ھەققىگە ئېرىشتى. ئۇ تاكى نام چىقىرىپ، ئەسىرىنى پۇلغا ساتقىلى بولىدىغان، يېزىقچىلىق بىلەن جان

باقىلى بولىدىغان ھالغا يەتكەنگە قەدەر، داۋاملىق خافور ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتۈپ تۇرمۇشىنى قامدىدى.

جون مىلتون ئۈچ قېتىم توي قىلغان، ئۈچىلى قېتىمدا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان. ئۇ 52 ياشقا كىرگەن يىلى ئەما بولۇپ قالدى، بىراق خىزمىتىنى توختاتمىدى. ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «ۋەيران بولغان چارباغ» نىڭ قەلەم ھەققى پەقەت 50 دوللار بولدى، لېكىن بۇ كىتاب 20 يىلدا 20 قېتىم قايتا نەشر قىلىندى.

ئاجايىپ ئابرۇيغا ئىگە «ياش فىرانكى مىلۋىر ھەققىدە ھېكايە» دېگەن كىتاب تۇنجى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن بىرەر مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلدى، ئەمما ئاپتور گېئورگى. W . بادان تازا قارشى ئېلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ھەپتىلىك كىرىمى 50 دوللاردىن ئاشمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ 75 ياشقا كىرگەن يىلى ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن سۈرگۈن قىلىندى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىككى ھېكايىسى ئاران ئۈچ دوللارغا سېتىلدى.

31 ياشلىق جون ھاۋاد بېنىن پارىژدىكى بىر سارايدا يېتىپ - قوپۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوپېرا مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلدى. يۇرتى ئىرلاندىيىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى توسۇپ قالالماي ئوپېرا ئىجادىيىتىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ «سۆيۈملۈك ئائىلە» دېگەن ناخشا تېكىستىنى يازدى ھەمدە گۆتەيلىس ئۇسلۇبىدىكى مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇگۈنكى كۈندە ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ ئاتاقلىق مۇزىكا ئۈچۈن ئاپتور 250 دوللار قەلەم ھەققىگە ئېرىشتى. بىراق، نەشرىياتچى سودىگەر دەسلەپكى يىلىلا 10 مىڭ دوللار كىرىم قىلغان.

ئېدكار ئالىننىڭ ئەسىرى «چوڭ ئۆردەك» ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككىنچى ئېقىمدىكى ژۇرنالغا بېسىلغان، ئاپتور 15 دوللار قەلەم ھەققىگە ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ يازغان، شۇنداقلا يۇقىرى قەلەم ھەققىگە ئېرىشكەن «ئالتۇن قۇرت» دېگەن ئەسىرى ئۈچۈن 100 دوللارغا ئىگە بولغان. ئۇ ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېتىپ بالدۇرلا ئۆلۈپ

كەتتى، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى چۈشەنمەك قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

گېئورگى شوبوناد يازغۇچى بولۇشقا ئىرادە باغلىغان ۋە دەسلەپكى تۆت يىللىق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى پەقەت 30 دوللارلا بولغان.

چارلىس. M. شېلدان قەدىمدىن تارتىپ ئەڭ قارشى ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان دىنىي ئەسەر «ئەڭ مۇھىمى تەڭرىنىڭ بولغانلىقى» نىڭ ئاپتورى ئىدى، بىراق ئۇ ھەتتا ئاپتورلۇق ھوقۇقىدىنمۇ ۋاز كەچكەن. بۇ ئەسەرنى 30 نەشرىيات نەشر قىلغان بولسىمۇ، پەقەت بىرسىلا ئازراق پۇل بەرگەن. كېيىن ئۇنىڭ يەنە ئۈچ پارچە ھېكايىسى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

## خىزمەتتە تەشكىللەش ئادىتى بولۇشى كېرەك

سائەت رېمونتچىلىرى رېمونت سايمانلىرىنى دائىم مۇقىم ئورۇنغا قويىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت سائەت رېمونت قىلغاندا، مەلۇم بىر سايماننى تېپىش ئۈچۈن كۆپۈنكى ئەينەكنى كۆزدىن ئېلىپ يۈرۈشتەك ئاۋارىچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. خىزمەت قىلىۋاتقاندا سايمانلار بىلەن مۆكۈشمەك ئويناشقا نەدىمۇ ۋاقىت بولسۇن؟

كاللىسى سەگەك ئائىلە ئاياللىرى مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، تۆشۈك سايمانلىرى ياكى تازىلىق سايمانلىرىنى رەتلىك قويىدۇ. تۈرلۈك نەرسىلەر دائىم مۇقىم ئورۇندا تۇرىدۇ، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، سايمانلارنى خاتا ئېلىپ قالىدىغان، تاپالمايدىغان ياكى ۋاقىتنى زايە قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

قابىلىيەتلىك لىدېرلارنىڭ ئۈستىلى ۋە ئىشلىرىمۇ ئادەتلەنگەن شەكىلدە بولىدۇ. ئۈستەل ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى رەتلىك قويۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر ئورۇننى ئاجرىتىدۇ. قەلەم قىسقۇچ، قېرىنداش ۋە ئۈچۈرگۈچ، تامغا قاتارلىق نەرسىلەرنى قولنى ئۇزاتسا ئالغىلى بولغۇدەك يەرگە قويىدۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن كۆز يۈگۈرتۈپ يۈرمەيدۇ.

شۇنداق بولغاندا دىققەتنى مۇھىم ئىشقا قاراتقىلى بولىدۇ. ئادەت چوڭ ياردەمچىدۇر.

مەلۇم ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بىراۋ خىزمەتچى تونۇشتۇرغاندا خىزمەت تەلەپ قىلغۇچىلاردىن دائىم سەرەڭگە ياكى چاقماق سورايتتى. ئەگەر بۇ كىشى ئەمەلدارنىڭ گېپى بويىچە يانچۇقىنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ خىزمەتچى بولۇش ئۈمىدى يوققا چىقاتتى. ئەسلىدە بۇ ئەمەلدارنىڭ قارىشىچە، ئۇ كىشى سەرەڭگە ياكى چاقماقنى قايسى يانچۇقىغا سالغانلىقىنى ئېنىق بىلىشى كېرەككەن. ئەگەر بۇ كىشى سەرەڭگە ئېلىپ بېرىش سىنىقىدا لاياقەتلىك بولالىسا، ئۇششاق ئىشلاردا ئەڭ تۈۋەن چەكتە تەشكىللەش ئادىتى بولغان بولىدىكەن. دېمەك، بۇنداق ئادەملەرنى قىيىن ۋە زېرىكىشلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ۋاقىت ئىسراپ قىلماي تەرتىپلىك ئىشلەيدىغان ئادەم دەپ قاراشقا بولىدۇ.

# كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى

## ئوقۇغان كىتابىڭىز سىزنىڭ توغرا ھاياتلىق نىشانى تۇرغۇزۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ

پېرۋېلس ئەسلىدە سېرىك ئۆمىكىگە كىرمەكچى ئىدى. توققۇز ياشلىق بۇ ياش ئائىلىسىدە تۇرلۇك تېخنىكىلارنى مەشىق قىلاتتى، مەسىلەن تىزىنى يېرىم ئېگىپ، پۇتى بىلەن ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش ۋە باشقىلار. ئۇ 12 يېشىدا ئائىلىسىدىن چىقىپ كەتتى. 16 ياشقا كىرگەن يىلى كونا بىر كىتابخانىدا ئۆز ھاياتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋالغا دۇچار بولدى. ئۇ 10 تىيىن پۇلغا بىر پارچە سېھىرگەرلىك كىتابى سېتىۋالدى، بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن سېھىرگەرلىك ماھارەتلىرىگە قاتتىق قىزىقىپ قالدى ھەمدە مۇشۇ خىلدىكى كىتابلارنى توپلىدى، شۇنداقلا ئۆزىمۇ بىرنەچچە خىل ماھارەتنى ئويلاپ تېپىپ، ئىسمىنى خېلىن دەپ ئۆزگەرتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ دائىم كونا كىتابخانىلارغا بېرىپ سېھىرگەرلىك ۋە سېھىرىي ماھارەتلەر توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆپلەپ سېتىۋالدى. ئۇ شۇ چاغلاردا سېتىۋالغان كىتاب تەخمىنەن 5000 پارچىغا يەتكەن. بۇ كىتابلار تا ھازىرغىچە ئامېرىكا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئېرتىنيادىكى رولونس ئىسىملىك بىر ياش قوشنىسىنىڭكىدە مارستىكى تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن فانتازىيىلىك بىر ھېكايە كىتابنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ياش كىتابقا قىزىقىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدا پەن - تېخنىكىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ. 15 ياشقا كىرگەن

يىلى، يانچۇقىدىكى بار - يوقى 0.5 دوللار پۇلى ئارقىلىق ئامېرىكا تەۋەلىكىگە قەدەم قويىدۇ. خافور ئۇنىۋېرسىتېتىدا يەتتە يىل ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ ۋە ئاخىر ئۆزى تۇرۇشلۇق كوچىنىڭ نامىنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن رولونس دەپ ئۆزگەرتىدۇ.

بۇ رولونس ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ناگاساكى ئارىلىغا بېرىپ ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلاش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلغان، نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇخبىرى ۋىلىيام.L. رولونس ئىدى.

تېكساس شتاتىنىڭ شىبلىيام دېگەن يېرىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئېيزىنخاۋر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈرگەن چېغىدا، شۇ يەردىكى ھەپتىلىك ژۇرنال مۇھەررىرىنى زىيارەت قىلىدۇ، باش مۇھەررىر تېخى بايىلا تاپشۇرۇپ ئالغان، ھەربىي تالانت ئىگىسى ھانبار ھەققىدە ھېكايە دېگەن كىتابنى ئۇنىڭغا ئارىيەت بېرىدۇ. ياش ئېيزىنخاۋر كىتابتىكى ھېكايىغا مەھلىيا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئاپتول ئىشلەش ئورنىدا ئىشلەۋېرىشتىن بىزار بولىدۇ. بۇ كىتاب ئۇنىڭ غەربىي ئوفېتسىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، ئاخىر ئۇ تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇشنىڭ بىرلەشمە ئارمىيە ئالىي قوماندانى بولۇپ چىقىدۇ.

ئوقۇغان كىتاب مانا مۇشۇنداق كىشىنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان ئۇسۇلدا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتلىق نىشانىنى تۈرغۇزۇشىغا تۈرتكە بولغان.

كىمدۇر بىرسى فورلىغا چۈمۈلە توغرىسىدىكى بىر كىتابنى بېرىدۇ. بۇمۇ ئادەتتىكى كىتاب سوۋغا قىلىش ئىدى. بۇ كىتابنىمۇ ھېچكىم چۈشەنمىگەن. يامغۇرلۇق بىر كۈنى 10 ياشلىق ئىۋستېر قىلىدىغان باشقا ئىش تاپالمىغاچقا، بۇ كىتابنى كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ. كىتابتا سۆزلەنگەن ھېكايە ئۇنىڭدا شېرىن خىيال پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ ۋە ھېكايىنىڭ

جەلپ قىلىشى بىلەن كەچلىك تاماق يېيىشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ، كېيىن ئۇ دۇنيا بويىچە چۈمۈلە تۇرمۇشى ھەققىدىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى بولۇپ چىقىدۇ. تاسادىپىي ئىگە بولغان بۇ كىتابنى ئۇ ئۆلۈپ كەتكۈچە ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ.

مىلىكا بىنگتون 12 ياش ۋاقتىدا مېدىتسىنا خىمىيىسىگە ئائىت بىر كىتابقا ئىگە بولىدۇ. بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئاسان چىرىيدىغان يېمەكلىكلەرنى سوغۇق ساقلاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

چولىر چېۋىر تېنى ئاجىز بالا ئىدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئادەم بولالىشى بىر مۆجىزە ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا لاتىنچە تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئۆگەتتى. بىر كۈنى چىرايلىق رەڭلىك رەسىم قىستۇرۇلغان بىر پارچە كىتاب ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ۋە بۇ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ كىتابتىكى رەسىملەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆردى ھەم يەنە تەبىئەت ئىلمىگە ئائىت باشقا كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ كۆردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىچىك تۇرۇپلا، مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ چىقتى. كېيىن ئۇ يەنە چېۋىر كىنەز ئاناتومىيە ئىلمىنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ چىقىپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇلۇغ ئالىملاردىن بولۇپ قالدى.

بالىلار ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان قىممەتكە ئىگە كىتابلارنى بالىلارنىڭ ئەتراپىغا تىزىپ قويۇش، تۈرلۈك بىلىملەرگە ئائىت كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ياشلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئارزۇسىنى قوزغاش كېرەك.

كىتابنى چىن دىلىدىن بېرىلىپ ئوقۇغان كىشى غەپلەتتىن ئويغىنىدۇ، نىشانسىز كىشىلەر ئۆزىگە مۇۋاپىق نىشان تاللىۋالايدۇ. كىتاب كىشىگە توغرا يول كۆرسىتىپ، تۇيۇق يولدىن ساقلايدۇ.

## لۇغەت كۆرىدىغان ئادەم

ئېيدۇۋىل ماكور ئېلىئاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى دەسلەپتە

تۇرلۇك ماللار دۇكىنى ئاچقان، كېيىن قوي بېقىپ ئائىلە ئىگىلىكىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، رىفىينسىيىنىڭ مەركىزىي چارۋىچىلىق مەيدانىغا كۆچۈپ بارغان. ئېيدۇئىل مەكتەپ تەربىيىسى كۆرەلمىگەن دېھقان بالىسى بولۇپ، 15 ياش ۋاقتىدا 15 ئايلا مەكتەپتە ئوقۇيالىغان.

ئۇ بىر پارچە لۇغەت ۋە بىرنەچچە پارچە كىتاب سېتىۋېلىشنى ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا يەر ئېچىپ بېرىش بىلەن پۇل تېپىپ، ۋىل فامىلىلىك بىر كىشى تۈزگەن لۇغەتنى سېتىۋالدى. بۇ قېلىن لۇغەتنى ئۇ ئات ئۈستىدىكى ئېگەرنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، مەيلى قانچىلىك قىسقا ۋاقىت بولسۇن، دائىم كۆرۈپ تۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. بۇ لۇغەتنى ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆگىنەتتى، ئەمما ئۆگەنگىنىدىن قانائەت قىلمايتتى.

ئۇ سانجىباس شتات باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلار مەكتىپى تەسىس قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بېرىپ ئوقۇماقچى بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭدا پۇل يوق ئىدى. ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دائىم پۇل ئامانەت قويۇپ كەلگەن ئىدى، ئۆزىمۇ بىكار ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ياللىنىپ ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنى يىغىپ قويغان ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ يولىدا ئېرىق چېپىۋاتقاندا قولىدىكى گۈرجەك توساتتىن قاتتىق بىرنەرسىگە تېگىپ مېتالنىڭ سوقۇلغان ئاۋازى چىقىدۇ. ئۇ كولاۋەرگەن ئىدى، بىر تۆمۈر كوزا چىقىدۇ، كوزىدا كونا لاتىدىن قىلىنغان كىچىك خالتا بولۇپ، خالتىدا كىمدۇر بىرسى يوشۇرۇپ قويغان 900 دوللار قىممىتىدىكى ئالتۇن پۇل بار ئىدى.

بۇ بايلىق توساتتىن ئۇنىڭ يانچۇقىنى توشتۇرۇپ قويىدۇ. بىراق، بۇ پۇللار ئۇنى توساتتىن بېيىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئوخشاش چىرىتىۋېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ، بۇ پۇللاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇشنى تاماملايدۇ. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەكتەپ يوق يېزىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆگىنىشنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقى ئۈچۈن شتاتلىق ئۇنىۋېر-

ستېتنىڭ پروفېسسورى بولىدۇ. ئۇ يەنە سان - فرانسىسكو ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ «گۈرجەكچى» دېگەن ئاتاقلىق شېئىرى 97 دۆلەت تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مىليونېر بولغان جون ۋانامىكا كۈن - كۈنلەپ گۈزەل كىتابخانىسىدا بىر كىتابنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن رىقابەتچىلەر رازۋېدكا ھېكايىلىرىنى ئوقۇۋاتقاندا، 70 ياشلىق بۇ ياشانغان باي يەنىلا لۇغەت كۆرەتتى.

# چەكلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ پايدىلىق كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇش كېرەك

ھاياتلىقنىڭ ئالدىنقى 30 يىلىنى پايدىلىق كىتابلارنى ئوقۇشقا سەرپ قىلىش — باي بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. توپلىغان مال - دۇنيادىن قۇرۇق قېلىش ئېھتىمالى بار، ئەمما توپلانغان بىلىم مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە قىممىتى ئېشىپ بارىدۇ.

ھېنرى فورت چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بىلىم توپلاشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق بولسا، خەقلەر بىلەن ئوبدان چىقىشقىلى بولىدۇ، بىراق بۇ ئۇسۇل تىرىشچان ياشلارغا ماس كەلمەيدۇ. ياشلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپىدە مال - دۇنيا توپلىماي، كەلگۈسىدىكى زۆرۈر مەشىق، بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى تەييارلاش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىدۇ».

«ياشلارنى پۇل توپلاشقا رىغبەتلەندۇرۇش ئۇلارنى قېرىغاندا نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ساناتورىيىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇش بىلەن ئوخشاش. بىراق، ئۇلار پۇلنى قانداق خەجلەشنى بىلسە، قۇتقۇزۇش ساناتورىيىسىگە كىرىپ قالماسلىقى مۇمكىن.»

«مۇشۇ قاراش ئاساسىدا، مەن شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى: ياشلار،

تۈنۈگۈنكى ئورنۇڭلاردىن بۈگۈنكى ئورنۇڭلارغا چىقىش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلغايسىلەر! سىلەر دانالىق بىلەن پۇل خەجلەشنى ئۆگىنىۋالساڭلار ھەمدە مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىر قىلساڭلار، پۇل توپلىغان بولىسىلەر.»

ھېنرى فورت ئائىلىسىدىن ئايرىلغاندا تېخى بالا ئىدى. ئۇ بىر ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر دۇكىنىغا ھەپتىلىك ئىش ھەققى ئىككى دوللار بىلەن ياللىنىپ ئىشلىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا يۇقىرىقى سۆزى بويىچە ئىش كۆرگەن. ئۇ ھەر ھەپتىسى 2 — 3 سېنت پۇل خەجلەپ ماشىناسازلىققا ئائىت ژۇرنال سېتىۋالاتتى.

ئۇ ئايالى جىرارېبىرئان بىلەن توي قىلغان چېغىدا، مۇشۇ خىلدىكى بىرنەچچە پارچە ژۇرنالدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، ژۇرناللار ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە ئىلھامبەخش ئەتتى. ئەگەر ئەينى چاغدا ماشىنىسازلىققا ئائىت مۇشۇ ژۇرناللار بولمىغان بولسا، ھېنرى فورتنىڭ ئۆمرى ئېھتىمال دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن بولاتتى.

## كىتابنى سىستېمىلىق، پىلانلىق ئوقۇش كېرەك

بىر ئۆمۈر ئۈزلۈكسىز كىتاب ئوقۇغان لوخوس جورت توغرا ئېيتىدۇ: «كىتابنى تەرتىپسىز ئوقۇش ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىق، ئەڭ مۇھىمى كىتابنى پىلانلىق ئوقۇش لازىم.»

بۇ بىر جۈملە سۆز كىشىگە ئاجايىپ تالانتلىق ئوقۇتقۇچى رانمۇس مادىنۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى تەجرىبىسىنى ئەسلىتىدۇ. بىركۈنى كەچ ئۇنىڭ ئانىسى ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ، ئوغلىغا ئۆزى كىرگۈچە ئىنجىلنى ئوبدان ئوقۇشنى تاپىلايدۇ. ئۇ ئانىسى كىرگۈچە ئىنجىلنىڭ ئېئاچالاڭ قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولىدۇ.

— ھىم! مۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا قانداقمۇ ئىنجىلنىڭ ئېئاچالاڭ بۆلىكىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغىلى بولسۇن؟

— شۇنداق، ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدۇم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ جاراڭلىق ئاۋازدا، — بىراق مۇھىم بولمىغان يەرلىرىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتىم.

ئېدىسون مەكتەپكە كىرىپ ئۈچ ئاي بولمايلا ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى كەم سۆزكەن دېگەن سەۋەب بىلەن مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئانىسى خەت ئوقۇش، يېزىش ۋە ھېسابلاشنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇ دىترو كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ، كىتاب جازىسىدا تۇنجى بولۇپ كۆزىگە چېلىققان كىتابنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىنى ئوقۇيدۇ. بىر كۈنى كۇتۇپخانا خادىمى ئۇنىڭ قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ «15 ئىنگلىز چىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇ كىتابنى يېتەكچىسىز، پىلانسىز ھالدا كىتاب جازىسىنىڭ بىر بېشىدىن تارتىپ ئوقۇيدۇ. كۇتۇپخانا خادىمى ئۇنىڭغا كىتابنى پىلانلىق ئوقۇشنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ئوقۇش مەۋسۇمىمۇ مەكتەپ تەربىيىسى كۆرۈپ باقمىغان بۇ بالا ئاخىر ئەينى ۋاقىتتىكى بىلىمى ئەڭ مول ئالىم بولۇپ چىقىدۇ.

كىتاب ئوقۇش پىلانى توغرىسىدا كۇتۇپخانا خادىملىرىدىن مەسلىھەت سوراشقا بولىدۇ، كەسپىي تارماقلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ.

ژۇرنال كۆرگەندە كىشىنىڭ يېڭى بىلىم دائىرىسى كېڭىيىدۇ.

كىتابنى ئارىيەت ئېلىشقىمۇ بولىدۇ، ئەمما ھەر ۋاقىت پايدىلىنىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئۆزىڭىزمۇ ئاز - تولا كىتاب سېتىۋېلىشىڭىز كېرەك، مەن ھەر يىلى ئومۇمەن 250 پارچىدىن 300 پارچىغىچە كىتاب سېتىۋالىمەن. 10 پارچە كىتابتىن توققۇز پارچىسىنى كۆرۈپ بولۇپ ساقلاپ قويىمەن، مەن بۇ كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمىنى كونا كىتاب دۇكان-لىرىدىن سېتىۋالىمەن، ياخشى بىر پارچە كونا كىتاب بىر مەيدان كىنو-نىڭ بېلىتىدىن كۆپ ئەرزان!

ئاتاقلىق ئىستىبتىك تەربىيىچى ئاكا ـ ئۆكىلارغا دادىسى كۈندە كەم دېگەندە بىر سائەت كىتاب ئوقۇش ھەققىدە بەلگىلىمە تۈزۈپ بەرگەن. ئىستىبتىك تەربىيىچى ۋىل دوكتورنىڭ ئۆمۈر بويى كىتاب ئوقۇغانلىقىنىڭ توغرا ۋاقىت خاتىرىسى بار.

## «ئاچلىق» ۋە «قورساق تويغۇزۇش»

بىر سەھرالىق موماي نيۇ ـ يوركقا تۇنجى قېتىم كەلگەندە بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بىر بىناغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ ئاشپۇزۇلمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ كۇتۇپخانا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىرەيلەن.

— كۇتۇپخانىدا «تاماق» ساتامدۇ؟

— ياق، «تاماق» ساتمايدۇ! بۇ يەردە نۇرغۇن كىتاب بار، ھەرقانداق كىشى بۇ يەرگە كىرىپ كىتاب كۆرەلەيدۇ!

موماي ئۇمىدسىزلىنىپ كېتىپ قاپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا، «تاماق يېيىش»ى كېرەك ئىدى، خەت تونۇمىسا كىتاب ئوقۇشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن!

بۇ موماي «بىچارە» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىشقا بولىدىغان بىر تەرىپى بار، چۈنكى ئۇ خەت تونۇمايدۇ ـ دە. ئەمما، خەت تونۇيدىغان ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ياكى ياشانغانلارمۇ كۇتۇپخانىنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا كۇتۇپخانا جەمئىيەتتىكى «ئارتۇقچە» ئۇسكۇنە، شۇڭا ئۇلار بۇ يەرگە زادىلا كىرىپ باقمايدۇ. بۇنداقلار ھېلىقى سەھرالىق مومايدىنمۇ بىچارە ئەمەسمۇ؟

بىر قېتىم مەن بىر دوستۇمغا كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلىپ خەت يازدىم، ئۇ جاۋاب خەتمۇ ئەۋەتتى. خېتىدە بىر تالاي كايىغاندىن سىرت مۇنداق دەپ يېزىپتۇ:

«مېنىڭ بۇنداق ‹ئەھمىيەتسىز› مۇھاكىمىنى ئاڭلىشىمنىڭ نېمە

زۆرۇرىيىتى بار؟ ئۆيۈمدە ئوبدان بىر ئۇخلىۋالسام نۇتۇق ئاڭلىغاندىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟»

مانا بۇنىڭغا نېمە دېگىلى بولىدۇ؟ «نۇتۇق ئاڭلىغان»دىن كۆرە «كۆپرەك ئۇخلىۋالغان ياخشىراق» دېگۈچىلەر «ھۇرۇن چوشقا»غا ئوخشىشىدۇ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كىشى تاماق يېيىشنى بىلمىگەنگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن لەززەت ئالالماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس!

## بەدەل تۆلەشكە قارىماي يېڭى بىلىم ئىزدەش كېرەك

ئۆسمۈر روبېر ماتېماتىكىدىن تولىمۇ بىزار ئىدى، ھەر قېتىم ئىمتىھان ئالغاندا، بۇ دەرس ئۇنىڭغا ناھايىتى قىيىن تۇيۇلاتتى، قوشۇش-ئېلىشنى ئۇ بىر ئۆمۈر بارمىقىدا ھېسابلاپ يۈردى، سان - سىفىر ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي مەنىسىز نەرسە ئىدى. بىراق، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا بىئولوگ بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بالىلىق چاغلىرىدا، ئۆيىنىڭ ھەممە يېرى قۇشقاچ ۋە باشقا قۇشلارنىڭ تۈك - پەيلىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى.

ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق يەردىكى ئىنستىتۇتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، كېلەچەك نىشانى مۇقىملاشقان ئىدى. ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئامېرىكا تەبىئەت ئىلمى مۇزېيىغا كەلدى. مۇزېي باشلىقى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما مۇزېيدا ئۇ قىلغۇدەك خىزمەتنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا، يەر سۈپۈرگۈچى بولسام بولامدۇ؟ ماڭا مۇشۇ ئىشنى قىلىشقا بولسىمۇ رۇخسەت قىلغان بولسىڭىز!

— ئەمما، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن كىشىنى يەر سۈپۈرگىلى

سالسا قانداق بولىدۇ!

— دېمەككە شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ روبېر، — ئەمەلىيەتتە ھەممە يەرنى سۈپۈرۈۋەرمەيمەن، مۇزېيىنىڭ ئىچىنىلا سۈپۈرسەم بولىدىغۇ. مەن مۇشۇ ئىشنى بولسىمۇ قىلىشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ دۈشەنبە ئەتىگەندىن باشلاپ روبېر كابىمان ئاندىرىۋوست قولىغا سۈپۈرگە ۋە پول سۈرتكۈچ ئېلىپ تازىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە بىر سائەت ئەتراپىدا تازىلىق قىلاتتى. يەكشەنبە ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئارام ئالمايتتى، يەيدىغان تامىقىنى ئۆزى ئېتەتتى.

بۇ مەزگىلدە تەجرىبە دەرسى ئۆتىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئورنى بىكار بولدى. ئۇ شۇ خىزمەت ئورنىغا قويۇلدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئاراكاتىس دېڭىزى بويىغا بېرىپ لەھەڭ تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ خىزمەتكە ئارزۇسى بويىچە ھەقسىز قاتناشتى. ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ لەھەڭ تەتقىقاتىدا دۇنيا بويىچە نوپۇزلۇق ئەرباب بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئاسىياغا بېرىپ شەرقتىكى بىرمۇنچە دۆلەتنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۇرسەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى بايقاش ئۈچۈن ئىدى. بۇ قېتىمقى ساياھەتتە، ئۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر دىنوزاۋر تۇخۇمىنى بايقاپ، قەدىمكى زامانغا ئائىت مول يېڭى بىلىملەرنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئەينى چاغدا تازىلىقىنى قىلغان ئاشۇ مۇزېيىنىڭ باشلىقى بولدى.

ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بەختلىك سانىشى ئۇلارنىڭ پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «كۆڭۈل» ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدە. بۇنداق كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا گىرونىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئەسلىتىدۇ:

ھەممە ئادەم پۇل ئۈچۈن، ئىناۋەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسىمۇ، ئەمما

پەقەت خىزمەتتىكى خۇشاللىقنى ئىزدەيدۇ...

مۇشۇنداق ئالىم، بىلىملىك زاتلاردىن مەدەنىيلىكنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدىغان كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەرگە نەزەر تاشلاپ، ئۇلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى سۆيۈملۈك نەرسە، پۇلدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇلارنى ئاساسەن چۈشىنىپ يېتىمىز.

كەسپتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەر ئۆز كەسپىدىن پۇلدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىنى بايقىغان كىشىلەردۇر.

## قوي يېتكەندىن كېيىن قوتاننى ئوڭلاش كېچىككەنلىك بولىدۇ

مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇ ھازىر 46 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ 44 ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا 20 يىل بولۇپ، ئۈچ باللىق بولغان، بالىسىنىڭ ئەڭ چوڭى 19 ياش.

20 يىل ئىلگىرى، ئۇلار تېخى يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇنلار ئىدى، ئۇلارنىڭ راھەت سۈرۈشتىن باشقا ئىشلار بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇلار كىتاب ئوقۇشنى خالىمايتتى، ھەتتا كىتاب ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار 20 يىلدىن بۇيان ئۆزلىرى ئوقۇغان دەرسلەرنى تەكرارلاپ باقمىغان. گەرچە ئۇلار ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئالغاندىن كېيىن توي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، ئۆزلىرى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپتىكى پروفېسسورغا قايتۇرۇپ بەرگەندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ يىل ئۇلارنىڭ كەنجى ئوغلى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىردى، ئۇلار ئوغلىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ قاتتىق چۆچۈشتى. ئەسلىدە ئوغلى ئۆگەنگەن دەرسلىكنى ئۇلار پەقەت بىلمەيدىكەن، چۈنكى

20 يىلدىن بۇيانقى مائارىپ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى «ئاسارئەتىقە»گە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى! بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرى ئۆگەنگەن بۇ «ئاسارئەتىقىلەر»نى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، ئوغلىنىڭ سۆزىگە ئۇلارنىڭ «داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشى» ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى خىجىل بولدى ۋە ئوغلى ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە كىرىپ «سىرتتىن دەرس ئاڭلايدىغان ئوقۇغۇچى» بولۇش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار: «ئوغلىمىز 23 ياشقا كىرىپ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن ئاشۇ يازدا بىزمۇ تۆت يىللىق سىرتتىن ئاڭلاش ئوقۇشىنى تاماملايمىز. بىز 50 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بولساقمۇ، كاللىمىز 20 ياشلىق قىز - يىگىتلەرنىڭكىدەك يېڭى بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىز يەنىلا ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك، ئوغلىمىز ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندە، بىز يەنىلا مۇشۇ كونا ھالىتىمىزدە تۇرساق، بۇ بىز ئۈچۈن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالامدۇ!» دەپ قارايدۇ.

شۇنداق قىلىپ «قېرى ئاتا - ئانا» بىلەن «ئوغلى» بىللە ئوقۇپتۇ دېگەن مەسخىرە گەپ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھەممە يېرىگە پۇر كەتتى. بىراق، بۇنداق بىر جۈپ ئاڭلىق ئەر - خوتۇننى مەسخىرە قىلىشقا ئاساسىمىز يوق، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ئاپىرىن ئوقۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

## كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يېڭى بىلىملەرنى تولۇقلاش كېرەك

مول ھوسۇللۇق يازغۇچى سىكراي ھازىر 60 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەدەبىيات ساھەسىگە ئاتىغىنىغا 40 يىل بولدى. ئۇ جەمئىي 48 پارچە چوڭ ئەسەر، 500 پارچىدىن كۆپرەك كىتابچە يازدى. ئەگەر

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تاق ھەرپ بويىچە ھېسابلىغاندا ئومۇمىي ھەرپ سانى «تەۋرات» ، «ئىنجىل»لارنىڭ ھەرپ سانىدىنمۇ كۆپ. لېكىن، ئۇ ھەر كۈنى خېلى كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىپ، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ: «مەن مەيلى قانداق كىتاب ئوقۇماي، بۇلارنىڭ ماڭا كۆپ پايدىسى يېتىدۇ. ئىجادىيىتىمگە ئاز - تولا ياردىمى بولىدۇ» دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «سىز نېمانچە كەمتەرلىك قىلىسىز؟ سىزگە ئوخشاش بۇنداق كاتتا يازغۇچىغا خەقنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دەپ سورىغاندا، سىكراي كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئوھوي، سىز مېنى بەك سىرلىق بىلىدىكەنسىز، مېنىڭ كاللامۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ كاللا دېگەنگە قانچىلىك بىلىم سىغىدۇ؟ ئەگەر مەن كاللامغا كۈندە خام ئەشيا تولۇقلاپ تۇرمىسام مۇنچىۋالا نەرسىنى قانداق يېزىپ چىقالايمەن؟» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ھال بىزنى يەنە بىر ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى: ئىشلەۋاتقاندا چوقۇم ئۈزلۈكسىز كىتاب كۆرۈش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا شاللىنىپ قالىمىز، ھەتتا خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يوقىتىمىز!

# پۇلنىڭ قىممىتى

## ئىنسانلارنىڭ 70% قايغۇسى پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئىنسانلارنىڭ 70% قايغۇسى پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر پۇل - پۇچەكنى بىر تەرەپ قىلغاندا كۆپىنچە قارامىلىق قىلىدۇ، ئەگەر بىز قەرزدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىزار بولساق ھەمدە پۇل توغرىسىدىكى قايغۇدىن خالىي بولماقچى بولساق، چوقۇم بەزى شىركەتلەرگە ئوخشاش پۇل خەجلەش پىلانىمىزنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ئەپسۇسكى بىز كۆپچىلىكىمىز بۇنداق قىلالمايمىز.

## پۇلىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلىڭ

دېمەكچى بولغىنىم پۇلىڭىزنى قانداق قىلغاندا ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلىشنى ئۆگىنىشىڭىز لازىم. بارلىق چوڭ شىركەتلەردە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا مەخسۇس ئادەم بېكىتىلگەن، ئۇلار سېتىۋېلىشتىن باشقا ئىش قىلماي، ئامال بار شىركەتنىڭ مۇۋاپىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنداقتا شەخسىي ئىگىلىكتىكى ئەر - ئاياللار، سىزلەر نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلمايسىلەر؟

بىز ھەممىمىز تېخىمۇ يۇقىرى تۇرمۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بو-

لۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئەمما يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، زادى قايسى ئۇسۇل بىزگە تېخىمۇ كۆپ بەخت ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئۆزىمىزنى خام چوت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇرلاش. ئۇنداق بولمىغاندا قەرز سۈيلەش تالونى خەت ساندۇقىمىزغا تولۇپ، قەرز ئىگىلىرى ئىشىكىمىزدە تۇرۇۋالماسمۇ؟

## مەڭگۈ قىمار ئوينىماڭ

مەن ئات مۇسابىقىسى قىمارى ۋە باشقا قىمارلاردا پۇل ئۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەردىن تولىمۇ ھەيران. مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «بىر قوللۇق بانديت» — قىمار ماشىنىسىدىن بىرقانچىسى بار ھەمدە مۇشۇ ماشىنىلارغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان بىرسىنى تونۇيتتۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ ساختا قىمار ماشىنىسى بىلەن پۇل ئۇتۇشنى ئويلايدىغان ئاشۇ سەبىي كالۋالارنى مەنسىتمىگەندىن باشقا، ئۇلارغا قىلچە ھېسداشلىق قىلمايتتى.

مەن ئامېرىكىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئات مۇسابىقىسى قىمارۋازلىرىدىن بىرىنى تونۇيمەن. ئۇ ماڭا: ئەگەر مەن دۈشمىنىمنى يەڭمەكچى بولسام، ئۇنى ئات مۇسابىقىسى قىمارىغا قاتنىشىشقا ماقۇل قىلىشتىن بەكرەك ياخشى ئۇسۇل بولمىسا كېرەك، دېگەن ئىدى.

## بىر قېتىمدا بىرلا كارىۋاتتا ئۇخلىغىلى بولىدۇ

ئەگەر بىز ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالمىساق، روھىي ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالمايمىز، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق زاتلارنىڭمۇ مالىيە باش قېتىنچىلىقى بولغان.

لىنكولىن بىلەن ۋاشىڭتون ھەر ئىككىسى خەقتىن پۇل قەرز ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن پايتەختكە بېرىپ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرالىغان.

مۇبادا بىز ئارزۇ قىلغان نەرسىمىزگە ئېرىشەلمىسەك، ئەڭ ياخشىسى قايغۇ ۋە پۇشايمان بىلەن تۇرمۇشىمىزنى زېرىكىشلىك قىلىۋالماسلىقىمىز، بەلكى ئۆزىمىزنى كەچۈرۈشىمىز، كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. قەدىمكى گرېتسىيىلىك پەيلاسوپ ئېپپكتارنىڭ ئېيتىشىچە، پەلسەپىنىڭ جەۋھىرى: «كىشىنىڭ تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىرتقى شەيئىلەرگە تايىنىشنى ئازايتىشتىن كېلىدۇ» كەن. رىملىق سىياسىئون ۋە پەيلاسوپ سانىكامۇ: «ئەگەر سىز دائىم نارازىلىق ھېس قىلسىڭىز، پۈتۈن دۇنيا سىزنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا كۆڭلىڭىز يېرىم تۇرىدۇ» دېگەن.

شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، بىز كۈنلۈكى ئۈچ ۋاخلا تاماق يەيمىز، بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا كارىۋاتتا ئۇخلايمىز — ئېرىق قازغۇچى ئىشچىمۇ شۇنداق. بەلكى ئۇلار تاماقنى روكفېللېردىنمۇ ھۇزۇرلىنىپ يېيىشى، ئۇنىڭدىنمۇ بەخىرامان ئۇخلىشى مۇمكىن.

## ئامانەت قويۇش ئارقىلىق بېيىش

«قۇم دۆۋىلەنسە تاغ بولۇر»، «سۇ يىغىلسا كۆل بولۇر» دەيدىغان گەپ بار، ھەرقانداق ئىش كىچىكلىكتىن زورىيىدۇ. ھازىرقى نۇرغۇن بايلار مانا مۇشۇ مەنتىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا قولىغا پۇل كىرسە ئىسراپ قىلماي ئامانەت قويغان. باشتا پۇل سانى كۆپ بولمىسىمۇ، يىغقانسېرى كۆپىيىپ، كۆپىيىشى بارغانسېرى تېزلىشىپ دۇكان ئېچىپ، تىجارەت قىلىپ، ھازىرقى مال - مۈلۈككە ئېرىشكەن. دېمەك، مەبلەغ سېلىش كۈچىنى زورايتىشتا، ئامانەت قويۇشنىمۇ بەكرەك ياخشى چارە بولمىسا كېرەك. ئاسمىن مۇنداق دېگەن: مېنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە

100 مىڭ دوللار پۇل تاپالىشىم، دەسلەپتە 1000 دوللار پۇل تېپىشتىن ئاسانراق بولغان. چۈنكى، ئۇ قېتىم تاپقان 1000 دوللار پۇلنى ئامانەت قويۇپ، مۇشۇ پۇلنى تىجارەت دەسمايىسى قىلغان، شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلا ناھايىتى كۆپ پۇلغا ئېرىشكەن. ئەگەر ئۇ ئاشۇ قېتىم تاپقان 1000 دوللار پۇلنى ئامانەت قويمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۆمرىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان بولاتتى.

## ئاچ قالسىڭىز قېلىڭكى، ھەرگىز پۇل قەرز ئالماڭ

تېجەشلىك بولۇش ئادىتىنى چوقۇم يېتىلدۈرۈش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا قەرز ئېگىسى ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، قايتۇرۇشقا پۇل تاپالماي تۇمۇر قەپەسكە كىرىپ قالغاندەك دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالىسىز، بۇ خىل روھىي ئازابقا چىداپ بولغىلى بولمايدۇ. «ئاچ قالسام قالايكى، ھەرگىز پۇل قەرز ئالمايمەن» — بۇ سۆزنى «كەمبەغەل رىچاد» ئېيتقان. دېمىسىمۇ كەمبەغەللىكتە ئاز - تولا قۇلايسىزلىق بولسىمۇ، خۇشاللىقتىن ۋاقتىنچە مەھرۇم بولۇشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ پاكلىقىنى، ساداقىتىنى، شان - شەرىپىنى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنى ھەرگىز يوقاتماسلىقىڭىز كېرەك.

## پاتېنت تەلەپ قىلمىغان كەشپىياتچى

ئەر - ئايال كيۇرىلار «رادىي»نى كەشىپ قىلغان ئىدى، ئەگەر پاتېنت تەلەپ قىلغان بولسا، بايلىق ئۇلارنىڭ يېنىدىلا ئىدى. مەلۇم بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە پېررى كيۇرى ئايالىغا بىر پارچە خەتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خەت ئامېرىكا باۋارو زاۋۇتىنىڭ ئۇلار كەشىپ قىلغان

«رادىي» نى ئىشلىتىشكە رۇخسەت سوراش خېتى ئىدى.
«ئىككى خىل ئۇسۇل بار، — دەيدۇ پېررى كيۇرى خۇشياقمىغان-
هالدا، — بىرى تەجرىبە نەتىجىسىنى ئاشكارىلاش، يەنە بىرى «را-
دىي» نى ئۆزىمىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە دەپ قاراپ ئىشلەش پاتېن-
تىنى تەلەپ قىلىش.»
ئەگەر بۇ تېخنىكا هوقۇقىنى ئەنگە ئالدۇرساق، ئىككىمىز قېرىغاندا
ۋە بالىلىرىمىزغا خېلى كۆپ مۇلۇك قالىدۇ دەيدۇ كيۇرى. ئۇنىڭ خانىمى
بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن: «يەنىلا ئەنگە ئالدۇرمىغىنىمىز تۈزۈك، بىز
ئىلىم - پەن روهىنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. رادىينىڭ داۋالاشتا رولى
بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆز-
لىمەسلىكىمىز كېرەك» دەيدۇ.
— شۇنداق، — دەيدۇ پېررى باش لىڭشىتىپ، — سىز ناهايىتى
توغرا ئېيتتىڭىز، پەن - تېخنىكا روهىنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك.
كيۇرى ئەر - ئايال پۇلدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە ئۈچۈن خىزمەت
قىلىشقا بەل باغلىدى ۋە بۇ مەسىلە ئۈستىدە پەقەت 15 مىنۇتلا ۋاقىت
سەرپ قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، نوبېل
مۇكاپاتى بۇ ئىككىيلەنگە مەنسۇپ بولدى. بۇ، ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ
كىرىپ باقمىغان بايلىق ئىدى. ئەر - ئايال ئىككىيلەن بۇ پۇللارنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كەمبەغەل ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە نامراتلارغا
تەقدىم قىلدى.
ئۇلار ئېهتىمال قەدىمكى گرېتسىيىلىك ئالىم ئاناكساكراس هەققىدى-
كى هېكايىنى ئېسىگە كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاناكساكراس دادى-
سىدىن خېلى كۆپ بايلىققا ئېرىشىدۇ، ئەمما بۇ بايلىقلارنى بىرەر تىيىنمۇ
قالدۇرماي كەمبەغەللەر ۋە خەلققە بۆلۈپ بېرىدۇ. پۇل ئۈچۈن باش
قاتۇرماي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى تەپەككۇرغا سەرپ قىلىدۇ. ئۇ كەمبە-
غەللىكنى ياقتۇراتتى ۋە كەمبەغەللىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما،
ئۇنىڭ ئىدىيىسى نەچچە ئەسىردىن بۇيان تارقىلىپ كەلمەكتە، نامى بۇ-

گۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلانماقتا.

گازىسىز يورۇيدىغان كان قۇدۇقى بىخەتەرلىك چىرىغىنىڭ كەشىپ قىلغۇچىسى ھانفىر لىۋىرنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. نېمە ئۈچۈن پاتېنت تەلەپ قىلمايسىز دېگەن سوئالغا ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ھازىرقىدىن باي بولۇشنى مەقسەت قىلسام، خۇشاللىقىم ۋە ھەۋەسىمنى بەربات قىلغان بولىمامدىمەن؟» ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ۋە تەرەققىيات ئىدى.

## شۆھرەتپەرەسلىك — زاۋاللىقنىڭ باشلىنىشى

شۆھرەتپەرەسلىك خەتەرلىك پارتلاتقۇچ دورا، كىشىنى ئارام تاپتۇر-مايدىغان زەھەرلىك ماددا ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىغىلى بولامدۇ؟ ئۇنى ياخشى تەرەپكە تەتبىقلىغىلى بولامدۇ؟ ھېچبول-مىغاندا شۆھرەتپەرەسلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش مۇمكىنمۇ؟

ئەلۋەتتە مۇمكىن! بىراق، بۇنداق روھىي ھالەتنى پۈتۈنلەي چىقى-رىپ تاشلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى پايدىلىق تەرەپكە تەتبىق-لاش مۇمكىن. ئىلگىرىكى بىرمۇنچە ساۋاقلارنىڭ نەتىجىسىز بولۇشى كىشىلەرنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكنى تاشلىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقتىن بولغان. دېمەك، بۇ گەپ شۇنداق سەمىمىي، شۇنداق چىرايلىق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان. كىشىلەرنى بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلمىدى دەپ ئەيىبلىيەلمەيمىز. كىشىلەر بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى بولۇپ، ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش، شۈبھىسىزكى، ئىنسانلار تەبىئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق. قىسقىسى، شۆھرەتپەرەسلىكنى يوقىتىشتا ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

شۆھرەتپەرەسلىكنى قانداق قىلغاندا توغرا يېتەكلىيەلەيمىز؟ بۇمۇ تۇرمۇش نىشانىنىڭ بىر تۈرى. ئەگەر سىز تۇرمۇش نىشانىڭىزنى تۇرغۇزسىڭىز شۆھرەتپەرەسلىكىڭىز بىر خىل پايدىلىق ياردەمچى كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئېيدىسون ئۆزىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىدىن چىقىپ ئېلېكتىر لامپىسىنى كەشىپ قىلغان بولسا، ئۇ بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزگە ئەرزىمىگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئاۋامنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكنى شەرەپكە ئايلاندۇرغان مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، كىشىلەردە ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت پەيدا قىلمىغان.

ئەگەر سىز پۇلىڭىزنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختانسىڭىز، سىزدە شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، پۇلىڭىزنى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتسىڭىز ئوخشاشلا نام-شۆھرەتكە ئېرىشەلەيسىز، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىگە مۇشەررەپ بولالايسىز ھەم كىشىلەر سىزنى ياقتۇرىدۇ.

# سودا ئېڭى

## تەبەسسۇم كىشىنى بايلىققا ئېرىشتۈرىدۇ

«مەن توي قىلغىلى 18 يىلدىن ئاشتى، — دەپ يازىدۇ ستون خاد، — مۇشۇ جەرياندا، ھەر كۈنى ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ئىشقا ماڭاشىمدا، ئايالىمغا كەمدىن - كەم كۈلۈپ قارايمەن ياكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزمۇ قىلمايتتىم. قىسقىسى، مەن قىرىلار كوچىسىدىكى مىجەزى ئەڭ ناچار كىشى ئىدىم.»

«چۈنكى، سىز مېنى كۈلۈمسىرەش تەجرىبىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز دەپ تەكلىپ قىلغاچقا، مەن بىر ھەپتە سىناپ كۆرمەكچى بولدۇم، شۇڭا ئەتىسى ئەتىگەندە چېچىمنى تاراۋېتىپ، ئەينەكتىكى ئەكسىمگە قاراپ ئۆزۈمگە: ‹پېر، سەن بۈگۈن چىرايىڭدىكى غەمكىنلىكنى يوقىتىپ كۈلۈمسىرە، ھازىردىن باشلا› دېدىم. ناشتىغا ئولتۇرغاندا ئايالىمغا: ‹سۆيۈملۈكۈم، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن› دېدىم تەبەسسۇم بىلەن».

«سىز مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئايالىڭىز ھەيران قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئىدىڭىز، بىراق ئايالىمنىڭ ئىنكاسىنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلەپتىكەنسىز، ئۇ داڭ قېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرغىلى ھازىر ئىككى ئاي بولۇپ قالدى.»

«مېنىڭ بۇ ئىككى ئايدىكى ئۆزگىرىش پوزىتسىيەمدىن ئېرىشكەن خۇشاللىقىم ئۆتكەن يىلى پۈتۈن يىل ئېرىشكەن خۇشاللىقىمدىن كۆپ بولدى.»

«مەن هازىر ئىشخانامغا بارغاندا لىفت باشقۇرغۇچىغا: ‹ئەتىگەندىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن› دەيمەن ھەم كۈلۈمسىرەيمەن. ئىشىك باقارغىمۇ كۈلۈمسىرەيمەن، يەر ئاستى يولىدىكى دۇكاندا پۇل تېگىشكەندىمۇ بۇرادەرلەرگە كۈلۈمسىرەيمەن؛ سودا بازىرىدا تۇرغاندا، ئىلگىرى مېنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىمنى كۆرۈپ باقمىغان ھەربىر كىشىگە كۈلۈمسىرەپ قارايمەن.»

«ئۇزاق ئۆتمەي ھەممە كىشىنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ماڭا ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرگە چىراي ئېچىپ مۇئامىلە قىلىمەن. ئۇلارنىڭ گېپىگە كۈلۈپ تۇرۇپ قۇلاق سالىمەن. بۇنداق قىلغاندا كېلىشتۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭچە، تەبەسسۇم ھەر كۈنى بىزگە نۇرغۇنلايلىق بەخش ئېتىدىكەن.»

«مەن يەنە بىر تونۇشتۇرغۇچى بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىدىم. ئۇنىڭ بىر كاتىپى بولۇپ، تولىمۇ يېقىملىق يىگىت ئىدى. مەن كۈلۈمسىرەش جەھەتتە ئېرىشكەن نەتىجەمدىن ناھايىتى خۇشال ئىدىم. شۇڭا، مەن يېقىندا ئۇنىڭغا كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئائىت يېڭى پەلسەپىنى دەپ بەردىم. ئۇ بۇنى ئېتىراپ قىلدى. مەن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشخانىدا بولغاندا، ئۇ مېنى مىجەزى ناچار ئادەم ئوخشايدۇ دەپ قاراپتىكەن، بىراق يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئۆزگىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كۈلۈمسىرىگىنىمدە ياخشى مىجەزىم ئىپادىلىنىپ تۇرىدىكەن.»

«مەن تەنقىدنى توختىتىپ، مەدھىيىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بولدۇم. ماڭا نېمە لازىم ئىكەنلىكىنى دېمەي، باشقىلارنىڭ قارىشىنى نەزەردە تۇتاتتىم. بۇ ئىشلار تۇرمۇشۇمنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتتى، شۇ تاپتا مەن پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم، شاد ـ خۇرام، مۇكەممەل ئادەم بولۇپ قالدىم، دوستلۇق ۋە شاد ـ خۇراملىقتا تېخىمۇ تاكامۇللاشتىم.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ خەتنى پاراسەتكە تولغان بىر تونۇشتۇرغۇچى يازغان. ئۇ نيۇ- يورك پاي چېكى بازىرىدا پاي چېكى تىجارىتى بىلەن

كۆن كەچۈرىدۇ، ئۇ ئۆز ئالدىغا ھېساب ئاچقان، بۇ تولىمۇ مۈشكۈل تىجارەت بولۇپ، 100 ئادەمنىڭ 99 ى مەغلۇپ بولاتتى.

## مىلاد بايرىمىدىكى بىر كۈلۈشنىڭ قىممىتى

قەدىمكى جۇڭگولۇقلار ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن — ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر جۈملە ئەقلىيە سۆزى بولۇپ، بىز ئۇنى قالپىقىمىزغا چاپلىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك، بۇ ئەقلىيە سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى مۇنداق: «بولمىساڭ ئىللىق چىراي، ئاچمىغىن دۇكان ـ ساراي».

دۇكان ئېچىش توغرىسىدا سۆز بولغاندا، فراچىنىڭ كورى شىركىتىدىگە يېزىپ بەرگەن بىر پارچە ئېلانىدىن كۈلۈمسىرەشنىڭ ئەمەلىي پەلسەپىۋى قىممىتىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

كۈلۈشكە ھېچقانداق خىراجەت كەتمەيدۇ، ئەمما مەھسۇلاتى كۆپ بولىدۇ.

ئۇنىڭدا زوقلانغۇچى بەھرە ئالىدۇ، كۈلگۈچى زىيان تارتمايدۇ.

ئۇ توساتتىن پەيدا بولىدۇ، خاتىرىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

كىشى ھەرقانچە باي بولسىمۇ، ئۇنىڭغا موھتاج بولماي قالمايدۇ. ھەرقانچە كەمبەغەل ئادەممۇ ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرمەي قالمايدۇ.

كۈلكە ئائىلىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. تىجارەتتە ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ، ئۇ دوستلۇقنىڭ شوئارى.

كۈلكە چارچىغانلارنىڭ ئارامگاھى، ئۈمىدسىزلەر ۋە ھەسرەت چەككۈچىلەرنىڭ پارلاق نۇرى، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۈشكۈلاتنى يېڭىشنىڭ ياخشى دورىسى.

كۈلكىنى سېتىۋالغىلى، سورىغىلى، ئارىيەت ئالغىلى، ئوغرىلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىشلەتمىگەن چاغدا ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن كېرەكسىز نەرسە.

مىلاد بايرىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا نەرسە - كېرەك سېتىـ
ۋالغىنىڭىزدا مال ساتقۇچىلىرىمىز بەك چارچاپ كەتكەن بولۇشى، شۇ
تۈپەيلى سىزگە كۈلۈمسىرىيەلمەي قېلىشى مۇمكىن، بىراق سىز بىزگە
كۈلكىڭىزنى قالدۇرۇپ كەتسىڭىز بولامۇ؟

چۈنكى، ھېچ نەرسە بېرەلمىگەن ئادەمگە كۈلكە قالدۇرۇشتىنمۇ
مۇھىم نەرسە بولمىسا كېرەك.

## كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىسمىغا قىزىقىدۇ

ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئىسمىغا دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشىنىڭ
ئىسمىدىنمۇ بەكرەك قىزىقىدۇ. سىز بىراۋنىڭ ئىسمىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇـ
ۋالسىڭىز ھەمدە ئۇنى سىلىق ئېيتسىڭىز، بۇ سىزنىڭ بىراۋغا بولغان
ئەڭ ئەپچىل ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك خوشامەتىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ
ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى ئېسىڭىزدە خاتا قالغان بولسا، ئىنتايىن
بىئەپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسىز. مەسىلەن، مەن پارىژدا بىر قېتىملىق
نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇپ، پارىژدا تۇرۇشلۇق
بارلىق ئامېرىكىلىقلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتتىم. فرانسىيىلىك ماشىنىستـ
لارنىڭ ئىنگلىزچە خەت ئۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن،
ئىسىملارنى ئۇرغاندا تەبىئىي ھالدا خاتا ئۇرۇپ قويىدۇ. پارىژدا تۇرۇشـ
لۇق ئامېرىكا بانكىسىنىڭ بىر دىرېكتورى ئىسمىنىڭ خاتا بېسىلىپ
قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆتۈمنى يارغۇدەك بىر پارچە خەت يازغان ئىدى.

ئاندرېۋ كارنىگىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەب نېمە؟

ئۇ پولات - تۆمۈر پادىشاھى دەپ ئاتالغان. بىراق، ئۇنىڭ پولاتـ
تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ خىزـ
مىتىنى قىلىدىغان مىڭلاپ ئادەم بولسا، پولاتنىڭ كارنىگتىن مۇھىملىقىـ
نى بىلەتتى.

شۇڭىنىسى ئۇ كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەتتى — مانا

بۇ ئۇنىڭ باي بولالىشىنىڭ سەۋەبى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ تەشكىللەش قابىلىيىتىنى ۋە يېتەكلەش تالانتىنى نامايان قىلغان. ئۇ 10 ياشقا كىرگەندە، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىغا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ شۇ خىل سېزىمىدىن پايدىلىنىپ ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، ئۇ تېخى شوتلاندىيىدىكى بالا چېغىدا، بىر ئەركەك توشقان ۋە بىر چىشى توشقانغا ئىگە بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر توپ توشقان ئەي قىلىدۇ — بىراق، ئۇنىڭدا بۇ توشقانلارنى باققۇدەك يېمەكلىك يوق ئىدى. لېكىن، بىر دانا چارە تاپتى: ئەگەر قوشنىلارنىڭ بالىلىرى توشقانلار ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كەلسە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى توشقانغا قويىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خاتىرىلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ پىلانىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، كارنىگىنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمىدى.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ، يۇقىرىقى روھىي ھالەتتىن پايدىلىنىپ بىرقانچە مىليون دوللار پايدا تاپتى. مەسىلەن، پولات رېلىسنى پېنسىلۋانىيە تۆمۈريول ئىدارىسىگە سېتىپ بەردى. ئەينى چاغدا تومسۇن مەزكۇر تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارنىگ پىسبوردا بىر پولات زاۋۇتى قۇردى ھەمدە زاۋۇت نامىنى «تومسۇن پولات زاۋۇتى» دەپ ئاتىدى.

## سىزدە غەلىبە قىلىش ئارزۇسى بولسۇن

سىۋابوردا بىر زاۋۇت باشلىقى بولۇپ، ئىشچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئۆلچەمگە يەتمەيدىكەن.

— قانداق گەپ بۇ؟ — دەپتۇ سىۋابور، — سىزگە ئوخشاش ئىشچان ئادەم نېمە ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشقا تېگىشلىك نەرسىنى ئىشلەپچىقىرالمايدۇ؟

— بىلمىدىم، — دەپتۇ ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ، — ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپمۇ باقتىم. بېسىم قىلىپمۇ باقتىم ياكى قەسەم قىلدۇرۇپ ئەيىبلەپمۇ باقتىم، ھەتتا ئىشتىن بوشىتىمەن دەپ قورقۇتقانمۇ بولدۇم. لېكىن، ھېچقايسىسىنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى قوزغالمىدى.

بۇ دەل كۈن پاتقىلى تۇرغان، كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغانلار ئىشقا چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىكەن.

— ماڭا بىر تال بور بېرىڭ، — دەپتۇ سىۋابور، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۇرغان بىرسىگە، — سىلەرنىڭ بۇ ئىسمېنىدىكىلەر بۈگۈن قانچىلىك ئىشلىگەندۇ؟ — دەپتۇ.

— ئالتە، — سىۋابور ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچنېمە دېمەي، پولغا يوغان قىلىپ «6»نى يېزىپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىپتۇ.

كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغانلار پولغا يېزىلغان بۇ «6»نى كۆرۈپ، بۇ نېمە گەپ دەپ سوراپتۇ.

— خوجايىن بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىر كىشى، — بىزدىن قانچىلىك ئىشلىدىڭلار، دەپ سورىۋىدى، بىز ئالتە دېسەك، پولغا شۇ ساننى يېزىپ قويدى.

ئەتىسى سىۋابور مۇشۇ زاۋۇت ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، كەچلىك ئىسمېنىدىكىلەرنىڭ «6» ئورنىغا «7»نى يېزىپ قويغانلىقىنى كۆرگەن.

شۇ كۈنى ئەتىگەنلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغانلار پولغا يوغان قىلىپ يېزىلغان «7»نى كۆرگەن. كەچلىك ئىسمېنىدىكىلەر بىز كۈندۈزلۈك ئىسمېنىدىكىلەردىن ياخشىراق ئىشلەپتۇق دەپ قارىشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ياخشى. دېمەك، ئۇلار كۈندۈزلۈك ئىسمېنىدىكىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان. ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئىشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن، چوڭ ھەم كۆركەم قىلىپ «10»نى يېزىپ قالدۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئەھۋال بارا - بارا ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن.

ئارقىدا قالغان بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى ئۇزاق ئۆتمەي شىركەتتىكى باشقا زاۋۇتلارنىڭكىدىن كۆپ بولغان.

بۇنىڭدىكى پرىنسىپ قايسى؟

— ئىش قىلىش ئۇسۇلى، — دەيدۇ سىۋابور، — رىقابەتنى قوزغاش ئۇسۇلى. دېمەكچى بولغىنىم، چاكىنا مەنپەئەت رىقابىتى بولماستىن، بەلكى غەلىبە قىلىش ئارزۇسىنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت.

غەلىبە قىلىش ئارزۇسى! مۇسابىقە! ئىلھام! غايىلىك كىشىلەرنى رىغبەتلەندۇرۇش، بۇ بىر خىل ئەپچىل ئۇسۇلدۇر.

رىقابەت بولمىغان بولسا، روزۋېلت ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولالمايتتى. بۇ ماھىر چەۋەنداز كۇبادىن قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، نيۇ - يورك شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا نامزات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ئۇنىڭ نيۇ - يورك شتاتىنىڭ قانۇنلۇق پۇقراسى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. روزۋېلت بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ چېكىنىپ چىقماقچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن براد ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدۇ. روزۋېلت ھاياجاندىن: «سانت - كوئىن تېغىدىكى قەھرىمان شۇنداق ئاجىز ئادەممۇ؟» — دەپ توۋلايدۇ.

روزۋېلت داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ، قالغان ئىشلار ئۆتكەن تارىختۇر. بىر قېتىملىق رىقابەت ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆزگەرتىدۇ، شۇنداقلا شۇ دۆلەتنىڭ تارىخىغىمۇ ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## كىچىك ئىشلارنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرىدىغان تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولىدۇ

كىچىك ئىشلارنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرىدىغان تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغاچقا، كىشىلەر بىراۋنى كۆزەتكەندە مەخسۇس ئۇلارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا دىققەت قىلىدۇ، ئەمما ياشلار بۇنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. پۇل قەرز ئالغۇچى كىشى ۋاقتى كەلگەندە قەرزنى قايتۇرالمىسا ۋاقتىنى كېيىنگە سوزىدۇ ياكى باھانە - سەۋەب كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ياشلار

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن سودىگەرلەردە ناھايىتى يامان تەسىر قالدۇرى-
دۇ، ۋاقىتنى كەيىنگە سوزغۇچىلار كۆڭلىدە بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ
قايتۇرسام ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىناۋى-
تى مۇشۇ سەۋەبتىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

سودا بىلەن شۇغۇللانغاندا سەل قاراشقا مۇتلەق بولمايدىغان نەرسە
ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش ئادىتىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ھەرقانچە
سەممىي بولغان تەقدىردىمۇ ئىناۋەتنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. روھ-
لۇق سودىگەرلەردە ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش ئادىتى بولغاندىن باشقا
يەنە زېرەكلىك ۋە ئىشنى كەينىگە سوزماسلىقتەك ئىككى خىل ئارتۇقچى-
لىق بولىدۇ. ئەھدە قىلغان ھەرقانداق ئىشقا زادىلا خىلاپلىق قىلمايدۇ،
كەسكەن پۇل چېكىنى دەرھال نەقلەشتۈرەلەيدۇ. مۇشۇنداق بولمىغاندا
ياشلار چىرىكلىشىپ ھەرقانداق ئىشقا سەل قارايدىغان، ئىنكاسى ئاستا،
بىخۇد بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ياشلاردا ئۈمىد بولمايدۇ، ئۇلار ئىناۋىتىنى
ساقلاپ قالالمايدۇ.

ھەرقانداق كىشى ئىناۋىتىنى يوقىتاي دېسە، بۇنىڭغا ھېچقانچە ۋاقىت
كەتمەيدۇ، ئالايلۇق، سىز ئېھتىياتچان بولسىڭىزمۇ، ئازراقلا بىخۇدلۇق
قىلسىڭىز، ئانچە - مۇنچە سۆرەلمىلىك قىلىپ قويسىڭىزلا ياخشى نامىڭىز
شۇنىڭ بىلەن تېزلا يوقىلىدۇ. دېمەك، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش
ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

## لىنكولىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇسۇلى

لىنكولىن ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن شۇ كۈنى
نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ ئورنىدىن تۇر-
غاندىن كېيىن، بارلىق پىلانلار، ئۆزى ۋە باشقىلارغا تاقابىل تۇرۇش
ئۇسۇللىرى كۆڭلىگە پۈكۈلۈپ بولاتتى، زادىلا «خاتالىشىدىغان» ۋاقتى
بولمايتتى! ئەمما، ئۇ كەچقۇرۇن ئۇخلاشتىن بۇرۇن، شۇ كۈنى قىلغان

ئىشلاردىن قايسىسىنى ياخشى قىلمىغانلىقىنى ئويلىنىپ كۆرەتتى ۋە شۇ كۇنلۇك ئىشلارنى ئەسلەپ خاتا قىلغان ئىشلار بولسا، ئەتىلا «تۈزىتىش» كېرەك دەپ ئىرادە قىلاتتى. ئەگەر مۇھىمراق ئىشنى خاتا قىلغان بولسا، كېچىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇخلاپ قالاتتى. ئەگەر ئۇنداق ئىش بولمىسا ۋاقتىدىلا ئۇخلايتتى.

لىنكولىننىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇپ چىقىشىدا بىرمۇنچە سەۋەب بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەتىگەن ۋە كەچتە جىمجىت ئولتۇرۇپ ئويلىنىش ئادىتى ئۇنىڭغا زور ياردەم بەرگەن.

ئادەم ئىشنى ئىنچىكە ئويلىنىپ ئاندىن قىلسا «ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىش» ياكى «قارامىلىق» قىلمىشى سادىر بولمايدۇ، شۇنداقلا «مەغلۇپ بولۇش» پۈرسىتى ئازىيىپ، «پاسسىپ» بولۇپ قالىدىغان ۋاقتى ۋاستىلىك ھالدا كېمىيىدۇ.

## ئەڭ ئۈنۈملۈك ئېلان

ئەگەر سىز سودا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسىڭىز، رەتلىك، پاكىز بولۇشقا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىشىڭىز كېرەك. دۇكان ئىچى پاكىز، رەتلىك بولسا، دۇكان خادىملىرى ۋە باشقىلارنىڭ كىيىنىشى رەتلىك، پوزىتسىيىسى مۇلايىم، سۆزى ئەدەپلىك ۋە خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ چۈشىنىدىغان، سەممىي بولسا، دۇكىنىڭىزنىڭ تىجارىتى چوقۇم ناھايىتى روناق تاپىدۇ.

شۇنداق بولغاندا خېرىدارلار ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدىن سېتىۋېلىشنى خالايدۇ، سالغان مەبلىغىڭىز چوقۇم پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئېلان. بۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ تەشۋىق قىلىشنىڭ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ پرىنسىپنى شەھەرلەردىكى دۇكانلارغا تەتبىقلاپلا قالماي،

يېزىلاردىكى دۇكانلارغا تەتبىق قىلغاندىمۇ ئوخشاشلا زور ئۈنۈمگە ئېرىش-
كىلى بولىدۇ.

## خىزمەت ئۇستىلى

بىرمۇنچە ئادەملەر كەسپتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار
بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئۈ-
چۈن، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەيدىغان ئۇستەل ئۇستىنىڭ قالايمىقان - رەت-
سىزلىكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىمۇ ھېچقانداق تەرتىپ يوق ئىكەنلىكىنى
ئىپادىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ كانتورى كېرەكسىز
قەغەزلەرگە تولغان، توپا بېسىپ كەتكەن، ئۇ يەردە بىر پارچە خەت، بۇ
يەردە بىر پارچە گېزىت… چېچىلىپ ياتقانلىقى كىشىگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇ-
شىنىڭمۇ مۇشۇنداق قالايمىقان - رەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. روھى
چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىز ئادەم كەسپتە قانداقمۇ تەرەققىي قىلسۇن ۋە
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىسۇن!
شۇنىڭ ئۈچۈن، خىزمەتچى ياللىماقچى بولغاندا خەقنىڭ تونۇشتۇرۇ-
شىغىلا قارىماي، بەلكى ياللىماقچى بولغان شۇ كىشىنىڭ ئىش ئۇستىلىنى
كۆرۈپ باقساقلا كۇپايە. بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ ئادىتىنى كۆپىنچە
يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ، خەقتىن يوشۇرۇش مۇمكىن
ئەمەس، بىزنىڭ گەپ - سۆزىمىز، يۈرۈش - تۇرۇشىمىز، پوزىتسىيىمىز
ۋە كىيگەن كىيىمىمىز تۇرمۇشىمىزنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، كەسپتىكى تەرەققىياتىمىزنىڭ ئاستىلىقىدىن ھەيران بولماسلىقى-
مىز كېرەك، بۇ ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى مۇتلەق كۆرەلمىگەنلىكى-
مىز ھەمدە ئۇنى تۈپتىن تۈزىتىشكە تىرىشمىغانلىقىمىزدىن بولغان.

## خىزمەتچىلەرگە نەمۇنە بولۇش كېرەك

خىزمەتچىلەرنىڭ مىجەزى كۆپىنچە خوجايىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراي-

ـدۇ. نۇرغۇن تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، باشقا كەسپتىكىلەر بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرمايدىغانلارنىڭ سودا ئىدىيىسى، سودا ئۇسۇلى كۆپىنچە ئۇلار شۇغۇللىنىپ ئادەتلەنگەن كەسىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ياش- لاردا دوراش مىجەزى كۈچلۈك بولىدۇ. مەلۇم شارائىت ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، ئەخلاقى ۋە پوزىتسىيىسى كۆپىنچە شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، بەزىدە پۈتۈنلەي يېتەكچىسىنى ئۈلگە قىلىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن خوجايىنىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى، باشقىلارغا بولغان پوزىتسىيىسى، تىجارەت تېخنىكىسى، كۆپىنچە خىزمەتچىلەر ئۈ- چۈن ئۈرنەك بولۇپ قالىدۇ. خوجايىنىنىڭ مول بىلىمى، پاك، ساپ دىل پەزىلىتى، كەسىپنى سۆيۈش ئەخلاقى خىزمەتچىلەرنىڭ ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەكسىچە، خوجايىنىنىڭ بارلىق ناچار پەزىلەت - قىلمىشلىرىمۇ ياشلارنى خوجايىنغا ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ. خوجايىنلاردىن بىرمۇنچىسى مانا بۇ مۇناسىۋەتنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىدۇ، ئۆزىنىڭ قانچىلىغان خىزمەتچى- نىڭ پەزىلىتىنى نابۇت قىلغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ. خوجايىنلار، خىز- مەتچىلىرىڭلار ئىچىدە ناچار ئادەم بولسا، ئىشلىرىڭلار ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ، سىلەر بۇنىڭدىن غەم قىلمامسىلەر؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىمەن دەيدىكەنسىلەر، ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل ئۆزۈڭلارنىڭ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈل- گىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار!

# ئادەمنى چۈشەنگەندە ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداشلى بولىدۇ

سودىگەرلەردىن بىرمۇنچىسى تىجارەتتە زور زەربىگە ئۇچرىغاندا، ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان مۇۋاپىق ئادەم تېپىشنى بىلمەيدۇ، ئەكسىچە ئەسلىدە بار بولغان خىزمەتچىلەر ئۈستىدى-

كى يۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تىجارىتى تېخىمۇ ناچار-
لىشىپ، ئاخىر مەغلۇپ بولىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇيرۇق چۈشۈرۈش
ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەم ئەزەلدىن ئۇششاق ئىشلار ئۈستىدە
زېھىن سەرپ قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنداق ئادەم مۇۋاپىق پىلان تۈزۈپ،
يارامىلىق ياردەمچىنى تاللاپ، ئىشنى بۆلۈشۈپ ئىشلەيدۇ، بۇنداق ئادەملەر
مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

سودا ساراي مەسئۇللىرىنىڭ ئەڭ يامان ئاجىزلىقى كىچىك ئىشلار
ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، چوڭ، مۇھىم ھالقىلارغا سەل قاراشتىن ئىبا-
رەت، مانا بۇ ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە قاراپ ۋەزىپە بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ
يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

نۇرغۇن چوڭ كارخانىلارنىڭ دىرېكتور ۋە مۇدىرلىرىنىڭ ئىشخانىسىدى-
كى ۋاقتى تولىمۇ ئاز، ئېھتىمال ئۇلار كۆپ ۋاقتىنى كۆڭۈل ئېچىش
سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزسە كېرەك، لېكىن ئۇلارنىڭ تىجارىتى گۈللىنىپ،
بازىرى ئاۋاتلىشىپ كېتىۋېرىدۇ. ئىشلىرى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىماي-
دۇ. سەۋەبى ئۇلارنىڭ خىزمەتچىنى مۇۋاپىق تاللىغانلىقى، خىزمەتنى
ئۇلارنىڭ مەسئۇللۇقىغا تاپشۇرۇپ بېرەلىگەنلىكىدە. ئومۇمەن، يۇقىرى
ئىقتىدارلىق يېتەكچى ئۆزىگە ئوخشاش ئىقتىدارلىق ياردەمچىنى تاللايدۇ.
بۇ، مەزكۇر يېتەكچىنىڭ ئىككى كىشىلىك ئىقتىدارغا ئېرىشكىنىگە بارا-
ۋەر. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ياردەمچىگە ئېرىشسە كۈچىمۇ شۇنىڭغا
ماس ھالدا ئېشىپ بارىدۇ، ئەگەر ئۆزىدىنمۇ ئىقتىدارلىق بىرنەچچە يار-
دەمچىگە ئېرىشەلىسە، ئۇلارنىڭ ياردىمى تېخىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ.

## قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىنىش كېرەك

خەقنىڭ قول ئاستىدىكى كىشى ئۆزىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى-
گە پۈتۈنلەي ئىشىنىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆزىگە تاپشۇ-
رىدىغانلىقىنى، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇش ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك

ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىدارىنى چوقۇم ئىشقا سې-
لىپ، باشقۇرغۇچى كىشىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق
قىلمىسا، ئۇنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ۋەزىپىسىنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمىسا ھەمدە باشقۇرغۇچى كىشى ئۇنىڭ ئىشىغا دائىم
ئارىلىشىۋالسا، ئۇنىڭ بىلەن ماجىرالاشسا باشقۇرغۇچى ئۇنىڭ چوڭ ئىش-
لاردا ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان-
دەك، ئۇنى ماشىنا ئورنىدا ئىشلىتىپ ئەمگەككە سېلىش مەقسىتىلا بار دەك
ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا
سالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېتەكچى ياكى باشقۇرغۇچى كىشىلەر ئىشلى-
رىم تەرەققىي تاپسۇن دەيدىكەن باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىشى
ئىنتايىن زۆرۈر.

## خىزمەتداشلار ئارا سەممىي بولۇش كېرەك

سىز خىزمەتچىلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ياخشى مۇلازىمەت قىلدۇراي
دېسىڭىز، سىزدە چوقۇم ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەت ۋە سەممىي
پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ سەممىي پوزىتسىيىسى-
دىن ئازراقلا گۇمانلانسىڭىز، ئۇلارنىڭ ساداقىتىگە ئازراقلا شەك كەلتۈر-
سىڭىز، چىن دىلىڭىز بىلەن مۇئامىلە قىلمىسىڭىز، بىر - بىرىڭلارغا
سىرلىق كۆرۈنسەڭلار خىزمەتچىلەر سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەن-
سىز دەپ قاراپ، سىز ئۈچۈن يەنە تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە
ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار خىزمەتنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويغاندىن
سىرت، بەلكى يەنە ئۇنى مەجبۇرىيەت دەپ قارايدۇ ۋە ۋاقتىنىڭ تېزراق
ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەكسىچە، خوجايىن خىزمەتچىلەرگە چوڭقۇر
ھېسداشلىق قىلسا، دائىم ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئۈمىد
قىلسا، دائىم ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى كۈن-
دىن - كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ ھەمدە سىزنىڭ ئالىيجا-

ناب پەزىلىتىڭىز ۋە سەممىي پوزىتسىيىڭىزنىڭ تەسىرىدە، سىزگە سادا-
قەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغاندىن سىرت، بەلكى يەنە مول ئىجادچانلىق
كۆچىگە ئىگە ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

## زامانىۋى كەسىپ ئېقىمىغا ماسلىشىڭ

هازىرقى بۇ زاماننى ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. هازىرقى دەۋر تەربىيە كۆرگەن ھەمدە ئېقىمغا ماسلىشالايدىغان ياشلارغا موھتاج. ئىلگىرى ئازراقلا زېرەك، ئاز-تولا ئۆزگىرىش ئىقتىدارى بولسىلا ئىقتى-دارلىق سودىگەر ھېسابلىناتتى. بىراق، ھازىر ئۇنداق ئەمەس، مۇۋەپپە-قىيەتلىك سودىگەر خېلى مول بىلىم ھازىرلاپلا قالماي، يەنە جۇغراپىيە، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تۈزۈم، ئۆرپ - ئادەت ۋە سودا ئەھۋالى ھەققىدىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى ھەمدە ئەڭ يېڭى بوغالتىرىيە ۋە سودىغا ئائىت باشقا زۆرۈر ماھارەتلەرنى ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

هازىرقى سودىگەرلەر بىرەر ئىشنى مۆلچەرلەش، بىرەر ئىشنى قى-لىشتا ئادۋوكات ياكى زاسېداتېللاردىنمۇ كەسكىنرەك كېلىدۇ. هازىرقى زاماندا ئەڭ زۆرۈرى يىراقنى كۆرەلەيدىغان، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان كىشىلەردۇر. كونا ئۇسۇلدىن قول ئۈزەلمەيدىغان، ھەممە ئىشقا «قىيىن» دەپ قارايدىغان جاھىللار تەقدىرگە تەن بېرىپلا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھامان سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز ئىشلىرىمىزنى راۋاج تاپتۇراي دېسەك، چوقۇم ئالغا بېسىشىمىزغا توسقۇن-لۇق قىلىدىغان كونا ئۇسۇللارنى تاشلىشىمىز ھەمدە زاماننىڭ تەرەققىياتى-غا يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك!

## مال چوقۇم يېڭى بولسۇن

كىشىلەر نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا، چوقۇم ئەڭ نەپىس، ئەڭ

يېڭى شەكىلدىكىسىنى سېتىۋالىدۇ. بىر ئادەم ئاياغ سېتىۋالماقچى بولۇپ دۇكانغا كىرگەندە ئۆتكەن يىللىق ئەڭ يېڭى پاسوندىكىسى بارمۇ؟ دەپ سورىمايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدىكى تاۋارلار ئەڭ يېڭى پاسوندىكىسى بولسا، بىراۋ سىزنىڭكىنى خۇشاللىق بىلەن سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق ماگىزىنىدا كونا ماللار كۆپ بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۆتكەن ماللارنى يەنە مال جازىسىغا تىزىپ قويماستىن دەرھال ئەرزان باھادا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك. ھەرقانداق سودىگەر چوقۇم خېرىدارغا نېمە كېرەكلىكىنى، ئۇلار نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىشى، كىشىلەرگە ئۆز مېلىنىڭ ئەڭ يېڭى پاسوندا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ماللارنى رەتلىك قويمىغاندا تىجارەتمۇ تەرەققىي قىلمايدۇ. ھەرقانداق مالنى رەتلىك، مەنىلىك تىزىشىمىز، ئۇنىڭدا يېڭى ئىدىيە، ئىجادىي روھقا ئىگە لايىھە بولۇشى لازىم. ۋىترىنالارنىمۇ ناھايىتى ياخشى بېزىشىمىز، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرۇشى، قويۇپ قويغانچە تاشلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇ ناھايىتى چوڭ ئىلان، سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. سىزگە ئايان، چوڭ شىركەتلەر مول سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنى ناھايىتى يۇقىرى ھەق بىلەن مەخسۇس ۋىترىنا بېزەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ۋىترىنانىڭ ياخشى بېزىلىش - بېزەلمەسلىكى تىجارەتنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدا. دەرۋەقە، كۆلىمى كىچىك دۇكانلار يۇقىرى ھەق بىلەن ۋىترىنا بېزىگۈچى تەكلىپ قىلالمايدۇ. لېكىن، خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى خاراكتېرى مۇشۇنىڭغا ماس كېلىدىغان، ئاز - تولا سەنئەت ئىقتىدارى بارلارنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ياخشىراق باش قاتۇرۇشقا تاللاش كېرەك.

## مۇستەقىل تىجارەت قىلىڭ

ئۆزى مۇستەقىل تىجارەت قىلغاننىڭمۇ خىلمۇخىل ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، بىراۋغا يالىنىپ ئىشلىگەندىن كۆپ ياخشى. مۇستەقىل تىجارەت

قىلىدىغانلارنىڭ نەزەر دائىرىسى، كۆڭلى - كۆكسى ئادەتتە كەڭرەك بولىدۇ. خەتەر ۋە قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشىدۇ، ھەتتا تازا مۇۋاپىق بولمىغان ۋاقىتلاردىمۇ، دائىم قەيسەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ، ۋەزىيەت ياخشى بولمىغان، بازار كاساتلاشقان مەزگىلدە، مەغلۇپ بولۇشتىن ساقلىنىدۇ، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەۋجۇتلۇق رىقابىتىدە ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دائىم ئېھتىياتچان بولىدۇ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى بولىدۇ، ۋاقىتنى، ئېنېرگىيە ۋە پۇل - پۇچەكنى خالىغانچە ئىسراپ قىلمايدۇ. بۇ خىلمۇخىل ئامىللار مەزكۇرنىڭ پەزىلىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. دېمەك، سودا — چوڭ مائارىپچى، ئۇ سىزنىڭ كۆزىڭىزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، سىزنى ئىقتىدارغا ئىگە قىلىدۇ.

يالىنىپ ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەرگە كەلسەك، ئۇلار مەڭگۈ باشقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. خىلمۇخىل چەكلىمە ئاسارىتىدە بولغاچقا روھىي، جىسمانىي جەھەتتە كۆپىنچە نورمال تەرەققىي قىلالمايدۇ، بەزىدە ھەتتا ئىقتىدارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، باشقىلارغا ياردەملىشىپ سودا قىلىدىغان كىشىنىڭ ئالاھىدە تالانتى بولغاندىمۇ ئۇنى خالىغانچە جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئۇلار چوقۇم خوجايىنىنىڭ ئىرادىسى ۋە پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىش، پىلان تۈزۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. كەچ بولغاندا دۇكاندىن چىقىپ كەتسىلا مەسئۇلىيىتى تۈگەيدۇ، ئەتىسى ئىشقا ۋاقتىدا كەلسىلا كۇپايە. دۇكاننىڭ تىجارەت جەھەتتىكى بارلىق ئىشىغا ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشى ھاجەتسىز. ۋەھالەنكى، ئۇلاردا يېتەرلىك ئىقتىدار بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېرىكى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئىشلىتەلمەيدۇ. پۇرسەتكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتىمەن دېيىشىنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

قىسقىسى، ئۇلار پىكىر - ئىدىيە، سەۋرچانلىق، ھۆكۈم قىلىش

ئىقتىدارى، ئىجادچانلىق ۋە ئۆزگىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە مەشىق قىلدىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا ئۇلاردا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەن بۇ يەردە ياشلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كەسىپ يارىتىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ياشلار كەسىپ يارىتىشى كېرەك دېگىنىمىز، كەسىپ ياراتسىلا باي بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ياشلار ئۆز ئالدىغا تىجارەت ئېلىپ بېرىشتا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ئەركىن تەرەققىي قىلالايدۇ. شۇنداق بولغاندا، قانداق ئادەم بولۇش قائىدىسىنىمۇ چۈشىنىۋالالايدۇ ھەمدە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

## تىرىشچان بولغاندا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

ياشلارنىڭ مۇستەقىل تىجارەت قىلىشىنىڭ پايدىسى ھەققىدە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن، يەنە بىرنەچچە نۇقتىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، بۇ نۇقتىلارغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ. ئۇنداقتا قايسى نۇقتىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ؟ سىز تىجارەت باشلىغان چاغدا، ئەگەر دەسمايىڭىز ناھايىتى ئاز بولسا ياكى ئازراقمۇ دەسمايىڭىز بولمىسا، ئۆزىڭىزنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىڭىزنى تېخىمۇ چېنىقتۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا ئەقلىي قابىلىيىتىڭىزنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئىشقا سېلىپ ئىقتىدارىڭىزنى نامايان قىلىشىڭىز، مەبلەغنى ئەڭ ئۈنۈملۈك جايغا سېلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر بوشاڭلىق قىلسىڭىز، داۋاملىق تىرىشىپ كۈرەش قىلمىسىڭىز، ھەتتا پۇت تىرەپمۇ تۇرالمايسىز.

«تىرىشچانلىقنىڭ ئاچقۇچى تەۋرەنمەسلىكتە». بىر ياش كەسىپ يارىتىشقا باشلىغاندا، مەبلىغى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، پەقەت باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى بولسا، ھەر ئىشتا ئېھتىياتچان بولسىلا، ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. خەق سىزنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرسە ئەلۋەتتە

سىزنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار سىزنىڭ كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ئۆزى ياردەم قىلىپلا قالماي، بەلكى دوستلىرىغا سىزنى تونۇشتۇرىدۇ، ھەممە ئادەم سىزنى ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەپ ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغان ھەقىقىي ئىقتىدارغا ئىگە، سەممىي، ئىشچان ۋە تىجارەتكە ماھىر ئادەم بولالايسىز، بېشىڭىزغا نۇرغۇن مۇشكۈلچىلىك چۈشكەن، كاپىتالىڭىز ناھايىتى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ سىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

## ئۆزىڭىزنى ئىش ئۈستىگە قويۇڭ

خەقنىڭ ئىشىغا چات كىرىۋالىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىشىغا ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان بۇنداق كۆلكىلىك ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

D. براد بۇنى ناھايىتى تەپسىلىي بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ زور ئاياغ شىركىتىنى قۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي فرانكلىنىنىڭ تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزىدىن پايدىلىنىدۇ: «بىراۋدىن قۇسۇر ئىزدەپ يۈرمەي، ئۆز ئىشىڭىز بىلەن بولۇڭ.»

شىركەتنىڭ بىر قېتىملىق رەسمىيەت يىغىنىدا، قارشى تەرەپنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە قارشى ئىككى گۇرۇھ ئۆزئارا تىل كۆرىشى قىلىپ، بىرمۇنچە ۋاقىتنى زايە قىلىدۇ، براد دەسلەپتە ئاچچىقىنى بېسىپ ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ، بىراق ئاخىر چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەن بولۇشۇم قانداق قىلغاندا ئەڭ يۇقىرى ھەقكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىمدىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەستايىدىللىق بىلەن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئىشى توغرىسىدا مۇنچىۋالا ئېغىز ئۆپرىتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆز خىزمىتىنى سەممىي، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەيدىغان ھەمدە قەسەمنامىگە قول قويۇشنى خالايدىغان ھەربىر ئادەمگە مەن بىردىن يېڭى قالپاق ئېلىپ بېرىمەن» دەيدۇ.

# قار - شىۋىرغاننى باھانە قىلىش

نيۇ - يوركتىكى بىردىنبىر سانىلىدىغان يۈڭ توقۇلمىلارنى توپ تارقىتىش سودىگىرى كىمىس داركوت مەلۇم بىر يىلى بىر ياشنى يۈگۈر-يېتىم ئىشلارغا ياللىۋالىدۇ. ئۇ ياشنىڭ ئىسمى جوسېف. P. لۇئى ئىدى. لۇئى ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە ئورنىدىن تۇرۇپ فرانكلىن كوچىسىدىكى ئىشخانىغا بېرىپ، سائەت 7 بولۇپ خىزمەتچىلەر ئىشقا كەلگۈچە بارلىق ئىشخانىلارنى پاكىز تازىلاپ بولاتتى. كۈندۈزى، ئۈچەي كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىر لىدىرغا پۈتۈن بىر كۈن قايناق سۇ توشۇيتتى.

ھەپتىلىك ئىش ھەققى بەش دوللارغا چىققاندىن باشلاپ، ئۇ سىرتقا چىقىپ يۈڭ توقۇلمىلارنى سېتىش خىزمىتىنى قىلىشنى كەسكىن تەلەپ قىلدى. ئۇ ناھايىتى ياش ۋە ۋىجىك ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، مال سېتىش خادىمى بولۇش ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مال زاكاز قىلالايدىغان بولدى.

1888 - يىلىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز قار - شىۋىرغان پۈتۈن نيۇ - يوركقا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چوڭ ئاپەتتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئادەتتىكى مال ساتقۇچىلار چۈش بولاي دېگەندە ئۆزلىرىنىڭ فرانكلىن كوچىسىدىكى ئىشخانىسىغا كېلىپ، بەس - بەستە ئوچاقنىڭ چۆرىسىگە توپلىشىۋېلىپ، پۈتۈن بىر كۈن پۇخادىن چىققۇدەك پاراڭلاشتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كۈن خېلى كەچ بولغاندا، دەرۋازىدىن كىرگەن سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان ئىزغىرىن شامال لۇئىنى مۇزلىتىۋېتىدۇ. ئۇ مەست كىشىگە ئوخشاش دەلدەڭشىگەن پېتى ئىشخانىغا كىرىپ كېلىدۇ.

— بەللى، لىدىر ئەپەندى ئىشقا چىقىپتۇ - دە، — دەپ مازاق قىلىشىدۇ پېشقەدەم مال ساتقۇچىلار.

— لېكىن، مەن بۈگۈن قىلماقچى بولغان ئىشىمنى قىلىپ بولدۇم، — دەيدۇ لۇئى جاۋابەن، — بۇنداق قار - شىۋىرغانلىق

كۈنلىرى مەن تېخىمۇ جاسارەتكە كېلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كۈن-لەردە، رەقىبلەر بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خېرىدارلارغا تېخىمۇ كۆپ ئەۋرىشكىلەرنى كۆرسىتەلىدىم. بۈگۈن جەمئىي 43 پارچە زاكاس تالونىغا ئىگە بولدۇم.

شۇنىڭ بىلەن لۇئى رەسمىي مال سانتقۇچىلىقا ئۆستۈرۈلدۇ، ئۇنىڭ ئىش ھەققىمۇ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

كېيىن ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تۇراقلىق مۈلۈك سودىگىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىش بېجىرىشتە تالانتى بار ئىدى، ئىش قىلغاندا ئەزەلدىن باھانە كۆرسىتىش ياكى ئۆزىنى ئاقلاش ئويىدا بولمايتتى. «بۈگۈن بولماي-دۇ» دېگەن سۆز بىلەن «مەڭگۈ بولمايدۇ» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئوخ-شاش مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى.

ھاۋا رايى — ھورۇنلار كۆرسىتىدىغان تۈگىمەس باھانە. بۇ ئىشنى قىلاي دېسەم ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى ياكى سوغۇق بولۇپ كەتتى، يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، قولايسىزكەن، بوران بەك كۈچلۈك، ھاۋا بۇزۇلۇپ كەتتى... مانا مۇشۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا ياخشى پۇرسەت كېتىپ قالىدۇ، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. بۇنداق ئىشلار داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

## قانداق قىلغاندا نەتىجىلىك ياش بولغىلى بولىدۇ

ھەرقانداق دۇكاندار تىجارىتىم روناق تاپسۇن دەيدىكەن، ئەڭ مۇھىم-مى قابىل ياشلارنى ئىشلىتىشى كېرەك. چۈنكى، قابىل ياشلار دائىم خوجايىنلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، مەسىلەن قانداق قىلغاندا مالنى ئەرزان سېتىۋالغىلى بولىدۇ، سېتىش ئىشنى جانلاندۇرغىلى بولى-دۇ ۋەھاكازالار. قابىل ياشلار دۇكاندا زور قىيىنچىلىق كۆرۈلگەندە پۇتكۈل زېھنى بىلەن چارە ئويلاپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدۇ. خىزمەت-

ـداشلار ئارا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندە، ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇرەسسە
قىلىپ ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. قابىل ياشلار دۇكان
ئىشلىرى ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە ئىش ۋاقتى توشۇپ كەتكەن تەقدىردىـ
ـمۇ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەق بەرمەيدىغان بۇنداق ئىشنى قىلاـ
ـدىمەن دېمەيدۇ. قابىل ياشلار بوش ۋاقتى بولسىلا بىلىم سەۋىيىسىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارنى ئۈستىگە
ئېلىشقا تەييار تۇرىدۇ؛ خېرىدارلارغا خۇش پېئىل، ئەدەپلىك مۇئامىلە
قىلىدۇ، ھەرقانداق خېرىدار بۇنداق ياشلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى
خالايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ دۇكىنىغا كىرسە كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ.
قابىل ياشلار دائىم خوجايىنىنىڭ تىجارىتىگە ئائىت ئۇچۇرلارغا ئەھمىيەت
بېرىدۇ. باشقىلار ئەڭ مۇكەممەل ئۇسۇلنى قوللانغان بولسا، ئۇنىڭدىن
دەرھال پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالمايدۇ. قابىل ياشلار ئۆز
ئىشىنى پۇختا قىلغاندىن باشقا، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىراش، ئىشىنى
تۈگىتەلمەيۋاتقانلىقىنى ياكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرـ
ـگەندە، چوقۇم پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدۇ. ئىقتىدارسىز، ئۈمىدـ
ـسىز خىزمەتداشلىرىغا كۈچىنىڭ بارىچە ئىلھام ۋە تەسەللى بېرىدۇ. قىسـ
ـقىسى، قابىل ياشلار ھەر ۋاقىت - ھەر يەردە خوجايىنىنىڭ مەنپەئىتى
ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ. مۇشۇنداق قابىل ياش خىزمەتچىلىرى بولغان
خوجايىن تىجارەتتە نېمىشقىمۇ روناق تاپالمىسۇن؟

## مۇلازىمەتتە چوقۇم ئۆز دۇكىنىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش كېرەك

سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن مول بىلىم، پۇختا تەربىيە ئالغان
بولۇش كېرەك. ساۋاتى مول كىشىلەرنىڭ سودا ساھەسىدە تەرەققىيات
پۇرسىتى مەخسۇس كەسپىتكىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. سودا
ساھەسىدە مۇلازىمەت قىلىشتا ناھايىتى ياخشى تەييارلىق بولۇشى زۆرۈر.

قانداق تەييارلىق بولۇشى كېرەك؟ سىز تاللىغان ئاشۇ كەسپكە ئائىت خىلمۇ خىل بىلىملەر، تەجربە ۋە تېخنىكىلارنى ھەرۋاقىت توپلاپ تۇرۇ- سىڭىزلا كۇپايە. كۆلىمى زور ماگىزىنلار خىزمەتچىلەرگە موھتاج بولغاندا، ئاساسەن ئىمتىھان ئېلىش شەكلى بويىچە قوبۇل قىلىدۇ.

ياشلار بىرقەدەر ياخشى ھەم ئىرادىلىك بولسىلا ھامان سودا ساھاسىگە كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. سودا ساھاسىگە كىرگەندىن كېيىن، پراكتىكانت ئوقوغۇچىدىن ئىش بېجىرگۇچى ۋە دىرېكتورغا قەدەر ئۆسۇپ بارىدۇ. ئۆگىنىشكە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بەرگەندە سودىدىكى خىلمۇخىل ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقانداق جاي ۋە ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ دۇكىنى ۋە پايچىكلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم. دۇكاننىڭ ۋە پايچىكلارنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى چىد- قىش قىلغانلىق بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت سىزدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

## مۇلازىمەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە ئاسانلىقنى بىلىش كېرەك

جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، قولى ئەپچىل، زېرەك ۋە كەسكىن ياشلارنى كارخانىچىلار ھەر ۋاقىت قارشى ئالىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ياشلار دائىم كارخانىغا يار - يۆلەكتە بولۇپ، كەسپنى كېڭەيتىپ، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كارخانىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. سو- دا ساھەسى سودا كەسپىگە پۇختا ياشلارغا موھتاج، شۇنىڭ ئۇچۈن سودا ساھاسىگە قەدەم قويغان ياشلار سودا ساھەسىدىكى ئىشلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىشى، چالا - پۇلا بىلىپلا بولدى قىلماي، ئېنىق چۈشەن- چىگە ئىگە بولۇشى ھەمدە ئىشلارغا كىچىك ئىش، دىققەت قىلىشقا ئەرزى- مەيدۇ، دەپ سەل قارىماسلىقى، ئەمگەكتىن ۋە ئاۋارىچىلىكتىن قورقۇپ

ئىشنى تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك. كۆپلىگەن ياشلار دائىم ئۆزىنىڭ مىجەزى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، كەسپىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى تاللىۋېلىپ، ئۆزى بىرقەدەر ياخشى كۆرىدىغان ئىشنىلا قىلىدۇ. بىرقەدەر قىيىن، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى پەقەت قىلغۇسى كەلمەيدۇ. جاپادىن، قىيىنچىلىقتىن قورقىدىغان بۇ خىل ناچار ئادەتنى ھەرگىز يېتىلدۈرمەسلىك كېرەك. چۈنكى، قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئوڭاي، ئەمما بۇنداق قىلغاندا قەتئىي ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

## ئېلان ساختىسىز، چىن بولۇشى كېرەك

ئېلاننى ياخشى بەرگەندە تىجارىتىڭىز تەرەققىي قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئېلان ياخشى بولۇپ، مال ياخشى بولمىسىچۇ؟ بۇنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى بولمايدۇ. مالنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى، سىزنىڭ خەققە سادىق ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئېلانىڭىز شۇنداق چىرايلىق، ئەمما مېلىڭىز ناچار، ساختا بولسا، تىجارىتىڭىز چوقۇم ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئۇچرايدۇ، دۇكىنىڭىزمۇ چوقۇم ھامان تاقىلىپ قالىدۇ.

سېھىيا دېگەن بۇ كىشىنىڭ پوزىتسىيىسى سەمىمىي - راستچىل ئىدى. ئۇ مۇلازىملارنىڭ ناچار مال سېتىشىغا ئەزەلدىن يول قويمايتتى. بىر قېتىم مۇلازىمدىن بىرسى خېرىدارنى ئالداپ بىرمۇنچە ناچار مالنى سېتىۋېتىپتۇ. سېھىيا بۇنى بىلگەندىن كېيىن، خېرىدارنىڭ مالنى تەپسىلىي كۆرۈپ بېقىشىنى ئىلتىماس قىلىش بىلەن بىرگە، ھېلىقى مۇلازىمنى خىزمەتتىن توختىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېھىيانىڭ سەمىمىي، راستچىللىقى ھەممە يەرگە مەشھۇر بولىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ناھايىتى كۆپ پۇل تاپىدۇ. دۇكاندارلاردىن بىرمۇنچىسى ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن ناچار ماللارنى يۇقىرى باھادا ساتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىنى ناھايىتى ئەقىللىق چاغلايدۇ. بۇ قىلمىش دەماللىققا پايدا بەرگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يىل،

ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ دۇكاننىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ، كىشىلەر ئۇ يەرگە قەدەم باسمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇلازىملار ئۆزىگە، خوجايىنىغا، خېرىدارلارغا سەمىمىي - سادىق بولۇشى، زېرەك ھەم يېقىملىق، ماسلىشىشچان، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا تىجارەت روناق تاپماي قالمايدۇ.

## تىجارەت باشلاش ۋە گېزىتتە ئېلان بېرىش سەنئىتى

«سودىگەرلەرنىڭ تىجارەت باشلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش قائىدىسى» دېگەن كىتابنى گونتار ئەپەندىم يازغان. كىتابتا تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى تىجارىتىنى قانداق باشلاش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تىجارەت باشلاشتىن ئۈچ ھەپتە بۇرۇن گېزىتتە كەڭ كۆلەمدە ئېلان بېرىش كېرەك. ئېلاندا ماگىزىننىڭ خاس ئىسمى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراش، مەسلىھەت بەرگۈچىلەرگە مۇكاپات بۇيۇمى بېرىش لازىم. ئېلاندىكى ماللارنى ھەر كۈنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرگە دۇكىنىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرۈشىڭىز زۆرۈر. تىجارەت باشلىغان كۈنى ماللارنى رەتلىك، يېڭىچە تىزىپ ھە دېگەندە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىلىش ھەمدە ماللارنىڭ ئۈستىگە سەنئەت تۈسىنى ئالغان باھا كارتۇشكىلىرىنى ئېسىش كېرەك. ئەگەر دۇكىنىڭىزنىڭ مۇلازىمەت روھىنى ئېلان شەكلىدە ئېسىپ قويالىسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ!».

«بۇ كۈنى ھېچقانداق مال ساتماڭ، پەقەت كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈڭ، ئۇلارنى چايغا تەكلىپ قىلىڭ. ئەگەر كونسېرۋا تىپىدىكى يېمەكلىكلەرنى ساتماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، كىشىلەر ئېنىق كۆرەلەيدىغان ئەينەك شېشە ئىچىگە قويۇپ قويۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بۇ تاۋارلار كەلگۈسىدە دۇكىنىڭىزدا ئەڭ كۆپ سېتىلىد-

غان تاۋار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مۇلازىملارغا ئەدەپلىك بولۇشنى تەۋسىيە قىلىڭ، خېرىدارلار نېمىنى سورىسا، تەپسىلىي جاۋاب بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىشنى، ھەرگىز نارازى قىلىپ قويماسلىقنى جېكىلەڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇكىنىڭىزنىڭ تىجارىتى روناق تاپماي قالمايدۇ.» گوتتار يەنە مۇنداق يازغان: «ھازىرقى كىشىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى گېزىت كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن، ھەر كۈنى گېزىت تاپشۇرۇۋالغاندا، قولىدىكى ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ گېزىت كۆرىدۇ. ئۇلار گېزىت كۆرگەندە چوقۇم ئېلانغا كۆز يۈگۈرتىدۇ. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق ئېلان خىراجىتىمنىڭ 75% نى گېزىتنىڭ ئېلان ئىستونىغا خەجلەشنى خالايمەن. ئاۋۋال گېزىتخانا بىلەن، سىزگە قانچىلىك ئورۇن كېرەكلىكى، ئېلاننى بىر يىل ياكى ئالتە ئاي بېرىدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا توختاملىشىۋېلىڭ، ئەمما كۈندىلىك ئىشلىتىدىغان ئىستون ئورنىدا گېزىتخانىنىڭ سىزنىڭ رايىڭىزغا بېقىشىنى تەلەپ قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئوخشاش بىر ئورۇنغا قايتىلاپ ئېلان بېرىشتەك نۇقساندىن ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى ئېلان مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا قولاي بولىدۇ، ھەر قېتىملىق ئېلاندا تاۋارنى ئىشلەپچىقارغان ئورۇن، ئۇنىڭ ماتېرىيالى ۋە باھاسى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بېرىش كېرەك. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزى ئالماقچى بولغان بۇيۇملارنىڭ باھاسى ۋە ماتېرىيالىنى بىلىشنى خالايدۇ. ئېلاندا تەپسىلىي بايان قىلىنسا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىلى، ئېلان ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.»

## كەسپتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، تەقدىر ۋە كىشىلەردىن ئاغرىنماسلىق كېرەك

ھەرقانداق ئىشتا مەسئۇلىيىتىمىز بولمىسا مەيلى، مەسئۇلىيىتىمىز بولسا، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئىشلىشىمىز لازىم، ھەتتا كىچىك

ئىشلاردىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق بولۇپلا قالماي، بەلكى سۆز - ھەرىكەتتىمۇ بىردەك بولۇشىمىز، ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىكىمىز، ئىشلارنى باش - ئاخىرى بولغان ھالدا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا ھۇرۇنلۇق ھالىتىگە كۆنۈپ قېلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىمىز. كەسپتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەقدىرىم تەتۈر دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. شۇڭا، خەقلەردەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ خىل تەقدىردىن ئاغرىنىش ئويى تۈپتىن خاتا، ئامىتى ئوڭدىن كەلسىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسا، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ؛ تەقدىرىم تەتۈركەن دەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغان بولسا، تىرىشىپ ئىشلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك، ئىش قىلغاندا ئۆزگىرىشچان، روھلۇق بولماسلىق، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئىمكانقەدەر ئۇنى يەڭمەسلىكتە. بۇنداق بولغاندا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدىغانلار قىزغىن، زېرەك كىشىلەردۇر. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىڭىزنى خەقتىن كۆرمەي، ئۆزىڭىزدىن كۆرۈشىڭىز كېرەك.

## زېرەك، كەسكىن بولۇش كېرەك

ھەپتىلىك كەچلىك پوچتا ژۇرنىلىدا ئىشلەيدىغان جورجى ھېرىس روئىرما ئىلگىرى چېكاگودىكى مەلۇم بىر يېمەكلىك ئوراپ - قاچىلاش شىركىتىدە ئىشلىگەن، كېيىن پوچتا ژۇرنىلىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ يۆتكىلىپ كەلگەن چاغلاردا ژۇرنال تىجارىتى تېخى ناچار ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ خىزمەتتە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئانچە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ياش بولغاچقا، خىزمەت ئورنىدىن قىلچىمۇ تېڭىرقاپ قالمىدى.

بىر قېتىم ژۇرنال خوجايىنى ياۋروپاغا ساياھەتكە چىقماقچى بولۇپ، روئىرمانى ژۇرنالنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە تارقىتىش ئىشلىرىغا تولۇق مەسئۇل قىلىدۇ. ئۇ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگەن ۋاقىتتا نەشر قىلغان 1 - سان ژۇرنالنى 2 — 3 قېتىم ئۆزگەرتىپ كۆرىدۇ، كېيىنكى سانىنىمۇ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ كۆرگەندىن كېيىن نەشر قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. سىرتتا ساياھەتتە بولۇۋاتقان خوجايىن بۇنى كۆرۈپ، دەرھال تېلېگرامما بېرىپ روئىرمانى باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەيدۇ.

روئىرمانىڭ دانا قارارى ۋە ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرغان ژۇرنالغا يېڭى ھاياتبەخش ئېتىدۇ.

ھېنرى فورتمۇ كۆپ ساندىكى كارخانا قۇرغۇچىلىرىغا ئوخشاش كىچىك ئىشلارنى ۋاقتىدا، كەسكىن بىر تەرەپ قىلاتتى. خىلمۇخىل يەكۈنلەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئىقتىدارنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوقتەك تۇيۇلىدۇ، بىراق دەل مۇشۇ ئىقتىدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۇلۇغ ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇنىڭ شەخسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى نۇرغۇن ئادەم يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن نەتىجىدىنمۇ توغرىراق ئىدى. مەلۇم بىر ئىشقا دائىم ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن قارار چىقىرىلغان مىسال ناھايىتى كۆپ. ئەمما، ئۇ نەتىجە كۆپچىلىك بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ئېرىشكەن بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇرەسسە قىلىشىدىن بارلىققا كەلگەن.

شۇنىسى قىزىقكى، زېرەكلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئويلىنىپ چىقارغان ھۆكۈمدىن ئالاھىدە توغرا بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا سەۋەبى يوق، كىشىنىڭ ئويلىنىش ۋاقتى قانچە كۆپ بولسا، مۇھىم بولمىغان ياكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىر تەرەپلىمە قاراشلار تۈپەيلى ئۆزگىرىپ قېلىش ئېھتىمالى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى

ئېھتىمال ھەرقايسى ئوقۇرمەنلەر تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن، ئويلىنىش ۋاقتى ئۇزاق كىشىلەر نىسبەت جەھەتتىن چوڭ ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئېھتىماللىقى ئاز كىشىلەردۇر. قىلغىنى كۆپىنچە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ياكى مەغلۇبىيەتتىن خالىي بولالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمى ئاسانلا بىر تەرەپلىمىلىككە باغلىنىپ قالىدۇ.

شەيئىلەرگە زېرەكلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىش كېرەك، ھۆكۈم قانچە تېز بولسا، نەتىجە شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

بىۋاسىتە سېزىم ئەڭ قىممەتلىك ئىقتىداردۇر. ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك شۈبھىسىزكى ئەمەلگە ئاشماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئارىسالدىلىق — ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغرىسى

روبات گېلبېرنىڭ ئىشخانىسىدا بىر پارچە جازىلىق ئەينەك ئېسىقلىق تۇراتتى، ئەينەككە: «P. I. T. O. T. T» دېگەن بىرنەچچە ھەرپ يېزىلغان ئىدى.

بۇ سىرلىق بىرنەچچە ھەرپ بىر ئەقلىيە سۆزگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇنىڭ دادىسى شوتلاندىيىدىن ئامېرىكىغا پاناھلىنىشقا كەلگەندىن بۇيان، بۇ بىر جۈملە مەنىلىك ساۋاقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغان.

دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن روبات ئۆز يۇرتىدا يەنە بىر مەزگىل تۇردى. ئۇ 14 ياشقا كىرگەن يىلى ئامېرىكىغا بارىدىغان بىر پاراخوتنىكى ياغاچچىغا ياللىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامېرىكىغا باردى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ياغاچچىلىقتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق بولۇپ، پەقەت ئامېرىكىغا بېرىۋېلىش مەقسىتىدە ياغاچچىغا ياللانغان ئىدى.

يېڭى قۇرۇقلۇققا قەدەم قويۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ قەغەزدە ياسالغان خالتىلىق ماللارنى توپ تارقىتىش تىجارىتىنى باشلىدى. توساتتىن قەغەز

خالتىغا ماگىزىنىنىڭ نامىنى يازغىلى ۋە ئېلان بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن توساتتىن يۈز بەرگەن ۋەقە ئۇنىڭغا قەغەز خالتىنى قاتلانما قەغەز ساندۇققا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى سەھەر، ۋەيران بولغان بىر باسما زاۋۇتى بىر تەرەپ قىلىشقا ئامالسىز قالغان قەغەز خالتا قەغىزىنى بىر تەرەپ قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئۇققان روبات 30 دوللارغا ئۇ كېرەكسىز قەغەزنى سېتىۋالدى ھەمدە قاتلانما قەغەز ساندۇق ياسىتىپ، قەغەز سايمان كەسپىدە ئىنقىلاب ئېلىپ باردى.

«P.I.T.T.O.T.T» دېگەن ھەرپىنىڭ مەنىسى ئارىسالدىلىق ۋاقتىنىڭ ئوغرىسىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى ئىدى، ئۇ مانا مۇشۇ ئەقلىيە سۆزى بويىچە، ھەرقانداق ئىشقا زېرەكلىك بىلەن ھەرىكەت قوللىناتتى. كەسكىن بولماسلىق، ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن ۋا- قىت ۋە زېھىن زايە قىلىش — خىزمەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىمەسلىكىدىكى تۈپ سەۋەب.

روبات گېلبېر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى قەغەز ساندۇق ياساش كەس- پىنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ، ۋاقىت ۋە زېھنىنى زادىلا ئىسراپ قىلمايتتى. ئۇ ئەتىگىنى باسما زاۋۇتنىڭ زىيىنىنى كۆرۈپ، كەچتىلا يېڭى بىر خىل قەغەز ساندۇق ياساپ چىققان. ئۇ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، قىممەت- لىك پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي نەق مەيداندا قارار چىقىراتتى ھەمدە شۇ قارارغا بويسۇناتتى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى.

## تېجەشلىك بولۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى

تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن مەبلەغ بولمىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەبلەغ ئاز بولسۇن ـ كۆپ بولسۇن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز بارا ـ بارا پۇل تېپىپ جۇغلىغانغا يەتمەيدۇ. ھەرگىز قەرز بىلەن مەبلەغ تولۇقلىماسلىق كېرەك، چۈنكى بۇنداق بولغاندا، ئېرىشكەن پايدا تەبىئىي-

كى، قەرز ئېگىسىگە تەۋە بولۇپ قالىدۇ. تىجارەتتە قەرز ئېلىشقا بولمى-
غان يەردە كۈندىلىك تۇرمۇش خىراجىتىگە قەرز ئېلىشقا تېخىمۇ بولماي-
دۇ. بەزىلەر تاپقان پۇلنى خالىغانچە ئىسراپ قىلىدۇ. ئىسراپ قىلغاننى
ئاز دەپ، خەقتىن پۇل قەرز ئېلىپ خالىغان يەرگە ئىشلىتىپ، قەرزدار
بولۇپ قېلىپ ئۇزاققىچە قايتۇرالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەگەر كېسەل
بولۇپ قالسا ياكى ئىشسىز بولۇپ قالسا، قەرز ئېگىسىنى مالال قىلماي
قالمايدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئىقتىسادچىل بولسىلا ھەرگىز ئۆزى ۋە باشقىلار-
غا مالاللىق يەتكۈزمەيدۇ ھەمدە ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان
غۇرۇر ۋە مۇستەقىللىق روھىنى يوقاتمايدۇ.

ھەشەمەتچىلىك قىلىپ بۇزۇپ - چېچىشنىڭ زىيىنى كىشىنى ئويغا
سالىدۇ. كىشىلەر «تېجەش» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى دائىم
خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەر «تېجەش» سۆزىنىڭ مەنىسى-
نى نوقۇل ھالدا بېخىللىق، پۇل خەجلىمەسلىك دەپ چۈشىنىدۇ، ئەمما
ناسىنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن ئىزاھاتى بۇنداق تار مەنىدە ئەمەس، ئۇنىڭ
تېجەش دېگىنى پۇل ئىشلىتىشكىلا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى پۇلنى
قانداق قىلغاندا لايىقىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى، ھەرقانداق ئىشتا
تېجەشلىك بولۇش، ئالايلۇق، خىزمەتچىنى قانداق تەكلىپ قىلىش، يې-
مەكلىكلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئۆينى قانداق سەرەمجانلاشتۇ-
رۇش، ۋاقىتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھەر ئىشنى ئۆز لايىقىدا
بېجىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ھەشەمەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى

كۆمۈش تاغ پادىشاھى دەپ ئاتالغان ھەمدە قولى تەگكەنلىكى يەردە
ئالتۇنغا ئېرىشىدىغان H. A. W ئىسىملىك ئۇزاق جايى يوق ھاراقكەش ئىدى،
ئۇ يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق ھالدا غەربكە بارغان ۋە پۇرسەتكە يولۇقۇپ
كاتتا باي بولۇپ كەتكەن. ئەمما، ئۇنىڭ شېرىن كۈنلىرى ئۇزاققا بارمى-

غان. ئۇ يەنە نامراتلىشىپ قولىغا قايتا گۇرجەك ۋە كولىغۇچ ئالغان، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان شېرىن خىياللىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. تىبار بىر تىيىنسىز زور بايلىققا ئېرىشكەن ۋە يەنە ھەممە نەرسىسىدىن قۇرۇق قالغان.

ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ۋە ئەخمىقانە تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنىڭ تەگپۇگسىزلىقى سەۋەب بولغان، بىراق ئۇنىڭ ئۆز قىلمىشىنى ئاقلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بويىماقچى بولغانلىقىمۇ ۋەيران بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىدۇر. مېنىڭ كېنى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. مېنىڭ كېنى دەسلەپتە تىبارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. بۇ كۇمۇش كان ئۇنىڭ ئەڭ روناق تېپىپ كۇمۇش كان پادىشاھى دەپ ئاتالغان مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تىبار ئۇ كاننىڭ رودىسىنى ئانچە ياخشى ئەمەس دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كاننى قولدىن چىقىرىپ قويىدى.

فېبىر شەھىرىدىن كەلگەن سىڭايان، نامرات چىراي بىر كىشى مۇددەتكە بۆلۈپ پۇل بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇ كاننى سېتىۋالدى. ئېسىل ھەم يارىشىملىق كىيىم كىيگەن، چىرايلىق بۇرۇت قويغان تىبار مەنسىتمىگەن قىياپەتتە كۈلۈپ قويىدى: ھىم! بۇ ئەبلەخ بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ يىغقان پۇلىنى بۇ كېرەكسىز كان قۇدۇقىغا تاشلىۋېتىدىغان بولدى-دە. قاق سەنەم بولمىغىنىڭنى بىر كۆرەي! ئەمما، بۇ گوللاندىيىلىك ئادەم كاننى بىكار تاشلاپ قويمىدى، ئالىتە ئايدىن كېيىن، ئۇ زاپىسى ناھايىتى كۆپ بولغان كۇمۇش مەنبەسىنى تاپتى. ئۇنىڭ ئامىتى كەلگەن ئىدى.

بۇ چاغدا تىبارنىڭ تەلىيى تەتۈر كېلىپ تېزلا نامراتلىشىشقا باشلىندى، ھاراقكەشلىك، خوتۇنپەرەسلىك ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلىشىش سەۋەبلىك، تىبار ئاخىر پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. تىبارنىڭ ئەينى چاغدىكى ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى بۈگۈنكى كۇنگە قەدەر غەربىي رايوندىكى كىشىلەرنىڭ قىزىق پاراڭلىرىغا دەستەك بولۇپ كەلمەكتە.

# قەرز ئېلىشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك

بىسسار ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئالۋاستى ئەڭ قورقۇنچلۇق، شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. قەرزدارلىقمۇ ئالۋاستىغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى توسالغۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن ئالۋاستىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرغانغا ئوخشاش، قەرزدارلىقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرغىن» دېگەن. «كەمبەغەل رىچات» نىڭ پەلسەپىسىنى يىغىنچاقلىغاندا: «قەرزدار كىشى ئۆزىگە - ئۆزى خاپىلىق تاپىدىغان كىشىدۇر» دېگەن بىر جۈملە سۆز بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پۇلغا بولغان ئېھتىياجىنى دەپ ئىسمىڭىزنى ھەرگىز بىراۋنىڭ ھېسابات دەپتىرىگە چۈشۈرۈپ قويماڭ. قەتئىي نىسيەتكە كېلىپ چوقۇم شۇنداق قىلىڭ. بىراق، كۈتۈلمىگەن ئاپەتكە يولۇققاندا، بەختسىزلىك يۈز بەرگەندە ياكى پايدا چىقىدىغانلىقىغا كۆز يەتكەن تىجارەتتە ۋەياكى تاسادىپ پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئەزەلدىن ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئاقىلىق ئادەملەر قەرز ئالغاندىلا ئۆزىنىڭ خەتەر ئۈستىدە قالغان ئىشلىرىنى ئامانلىققا باشلىيالايدۇ.

بۇنداق ۋاقىتلاردا بانكىدىن ياكى خەقتىن قورقماي، ئىككىلەنمەيلا قەرز ئېلىش كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئامال يوق. خىرىستىئان دىنىنىڭ پوپى مادىر ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «قەرز ئالغاندا قۇرتقا ئوخشاش ئاستا بېرىپ ئېلىش، قايتۇرغاندا بۈركۈتكە ئوخشاش ئۇچۇپ بېرىپ قايتۇرۇش كېرەك» دېگەن. بۇ بىر جۈملە سۆزنى قەرز ئالغۇچىلار قىبلىنامە قىلىشى كېرەك.

تىجارەتتىمۇ شۇنداق، ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزىدە پۇل خەجلىمەي، بەزىدە قەرز ئالماي بولمايدۇ، بۇنداق قەرز پۇلنى كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالماي بولمايدۇ، بىراق ئۇنىڭغا چەكلىمە قويمايمۇ بولمايدۇ. بىر كىشى تۇرمۇش-

نىڭ داغدام يولىغا قەدەم قويغاندا، مەلۇم زۆرۈرىيەت بولمىسا پۇل قەرز ئېلىشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تارتىشى كېرەك.

## قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى خىزمىتىڭىزگە ئارىلاشتۇرۇڭ

ئادەملەر ئارىسىدا گۇمانخور، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى يامان كۆرىدىغان سىرلىق ئادەملەر ھەقىقەتەن كۆپ. ئۇلار كۆڭلى قارا كىشىلەردۇر. بۇلار ئىدىيىنى ئوغرىلاپ، ئاقكىن ـ كۆككىن دەپ گەپ تاپىدۇ؛ ياكى خىزمەتكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ ياكى بولمىسا سىرىمنى ئوقۇۋېلىپ مەن بىلەن قارشىلىشىدۇ... دەپ قارايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ھەمىشە تەشۋىش ئىچىدە يۈرىدۇ. بۇ تۈپەيلى ئۇلار بىراۋنى ئىشقا بۇيرۇيالماي، ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىدۇ.

غەربىي رايون ئېلېكتر شىركىتىنىڭ چىكاگودا تۇرۇشلۇق شۆبە شىركىتىنىڭ بوغالتىرلار بۆلۈمىدە بىر پېشقەدەم خىزمەتچى بار ئىدى. ھەر ئايلىق بوغالتىرىيە خىزمىتىدە خادىملارنىڭ مائاشىنى ھېسابلاش ئىشى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ بولاتتى، بۇ پېشقەدەم خىزمەتچى ئۇزاق يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن ناھايىتى ئاددىي بىر خىل مائاش ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تاپىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇسۇلنى تولىمۇ مەخپىي تۇتۇپ ھېچكىمگە قەتئىي ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنى بوغالتىرىيە خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئادەم قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى.

ئېرود كفورد مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا دادىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، بۇ ئېلېكتر شىركىتىگە كىرىپ ئىشلەيدۇ، كفورد كۆڭلىدە ھېلىقى پېشقەدەم خىزمەتچى ئەپلىك ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالىغان ئىكەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن مەنمۇ ئەلۋەتتە بىرەر ئەپلىك

ئۇسۇلنى تېپىپ چىقالايمەن دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ھەپتىدە ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى بۇ ئەپلىك ئۇسۇلنى تېپىشقا سەرپ قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئۇسۇلنى ئاخىر تاپىدۇ. بىراق، قانداق قىلىش كېرەك؟ كفورد بۇ ئۇسۇلنى مەخپىي تۇتمايلا قالماي، ئەكسىچە خىزمەتداشلىرىغا ئۆگىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالمىشىپ ئىشلەش، خىزمەت ۋەزىپىسى ئۆسۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئوماھان شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇق خىزمىتىگە ئادەم تەيىنلەيدىغان چاغدا، بۇ ۋەزىپىگە ھېلىقى پېشقەدەم خىزمەتچىنى قويۇش ئىشى مۇزاكىرە قىلىنماستىن، بەلكى كفورد تەيىنلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇتۇشتىكى تۇنجى قەدىمى ئىدى، كېيىن ئۇ قەدەممۇقەدەم يۇقىرى ئۆرلىدى ۋە 40 ياشقا كىرگەندە ئامېرىكا پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ لىدىرى بولدى. كفوردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇنىڭ باشقىلارنى ماھىرلىق بىلەن ئۆز خىزمىتىگە سالالايدىغانلىقىدىن بولغان.

«قول ئاستىدىكىلەرنى تەربىيىلەش دىرېكتورغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمىتى» دەيدۇ ساراس ماكجىمىك.

«قول ئاستىدىكىلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى قايسى؟ ئۇ بولسىمۇ قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇلارنى پايدىلىق ھەمكارلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## تىرىشچانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت ئورنى ئەڭ قىممەتلىك

بىر قىسىم ياشلار دادا، ئاكىلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياكى زاۋۇتنى ئۆزى قۇرغانلىقى ۋەياكى زاۋۇتتا ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ پېيى بولغانلىقى تۈپەيلى يۇقىرى خىزمەت ئورنىغا ئىگە بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنىغا قىلچە ماس

كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەر جايدا قىيىنچىلىقتا يولۇقۇپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن تۆۋەن خىزمەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقان كۆپلىگەن ياشلار ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشەلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيدۇ.

ئۇ بۇنداق چاغلاردا ئۆزىدىن نومۇس قىلماسمۇ؟ ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇندىكى خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ئىقتىدارسىز كىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى خەقنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئوغرىلايدىغان، پەسكەش ئادەمدۇر. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايلا قالماي، بەلكى كەمسىتىشكە ئۇچرايدىغان بۇنداق خىزمەت ئورنىدا ئولتۇرغاننىڭ نېمە ھاجىتى؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەككى، ئەگەر سىز ئېرىشكەن خىزمەت ئورنى سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزدىن ياكى ئەمگەك نەتىجىڭىزدىن كەلمىگەن بولسا، سىز چوقۇم ئىناۋىتىڭىزنى ساقلىيالمايسىز ـ دە، بۇنداق خىزمەت ئورنىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.

## كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى كۈچ ئۆزىڭىزدە

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى كۈچ دەل بالىلارنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. مېنىڭ شۇنداق كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىشىم، مەخسۇس مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ئىلھامىغا ئېرىشكەنلىكىمدىن بولغان. بۇ ئىلھام ھازىرغا قەدەر مېنى كۈرەش قىلىشقا ئۈندەپ كەلمەكتە. گودسىمىسىنىڭ ھەرقانداق دەرستىكى

نەتىجىسى تولىمۇ ناچار ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدا ئۈمىد يوق دەپ قارايت-
تى. پەقەت ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسىلا ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. سۆز - ھەرىكەتتە
ئۇنىڭغا دائىم ئىلھام بېرىپ تۇراتتى. نەتىجىدە ئۇ دۇنياغا داڭلىق كاتتا
شائىر بولۇپ كەتتى.

نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت ئىلگىرى پۈتۈنلەي ئۆز ئاتا - ئانىسى، ئوقۇت-
قۇچىسى، دوستلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئۇلار
قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، روھى جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ، ئالغا بېسىشتىن
ۋاز كېچىش ئويىدا بولغان چاغلاردا، باشقىلارنىڭ ئۈمىد - ئىلھاملىرىنىڭ
تۈرتكىسىدە روھى قايتىدىن جۇش ئۇرۇپ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كىشىلەرگە قىلىنىدىغان ئەڭ چوڭ ياردەم ئەمە-
لىيەتتە پۇل ياكى باشقا ماددىي بۇيۇم بولماستىن، بەلكى كىشىنى خۇشال
قىلىدىغان سۆزلەر، ئىشەنچ بېغىشلايدىغان پىكىر، ھېسداشلىق ۋە سەمى-
مىي ئىلھامدىن ئىبارەت. بۇلار دوستلارغا ياردەم بولۇپلا قالماي، بەلكى
ئۆزىمىزگىمۇ ناھايىتى زور ياردەم بولىدۇ، يەنى بەرگۈچىنىڭ ئېرىشكىنى
ئالغۇچىنىڭ ئېرىشكىنىگە قارىغاندا، تېخىمۇ مۇھىمراق بولىدۇ!

كىشىنىڭ تېنى ماشىنىغا ئوخشىشىدۇ. بۇ ماشىنا مۆجىزە يارىتىش
ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلىنغان. ئادەم تېنىنى ئاناتومىيە قىلىپ كۆرسەك،
ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقالايمىز، بىز-
نىڭ ھەربىر نېرۋىمىز، ھەربىر مۇسكۇلىمىز، ھەربىر ئەزايىمىز، ھەتتا
ھەربىر ھۈجەيرىمىز ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە. بۇلار ناھا-
يىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇلار سىزنى مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە
يېتەكلەيدۇ.

## قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى سەممىيەتلىك بىلەن تەربىيەلەڭ

بىر ئىشنى مېخانىك ئۇسۇلدا قىلغاندا تۈگەتسەملا بولدى دەپ قارىلى-

دۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق لەززىتى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشنى ئىجادىي روھ بىلەن قىلغاندا، كىشىنىڭ قەلبى شادلىققا تولىدۇ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇيدۇ، بىر ئىشتىكى ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ نەتىجىسى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىق بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت پەقەت مۇشۇ پەرقتىنلا مەيدانغا كېلىدۇ.

جاھىل، رەھىمسىز، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق خوجايىنلار خىزمەتچىلەرنى پۈتۈنلەي ماشىنا دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئەكسىچە كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان خوجايىنلار خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن ئەمەلىي مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرىدۇ؛ ئىدىيىسى سەزگۈر خوجايىنلار خىزمەتچىلىرى ئىش باشلىغاندا، ئۇلارنى شۇ ئىشقا قىزىقتۇرالايدۇ ھەمدە ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، دائىم دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆزئارا سەمىمىي ھەمكارلىشىدۇ، خىزمەتچىلىرىنى تۆمۈر ئادەم ھېسابلاپ خالىغانچە بىردەم بۇ ئىشقا، بىردەم ئۇ ئىشقا قويمايدۇ. كىشى ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز خاراكتېرىنى توغرا نىشانغا تىرىشىپ يېتەكلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش تېز بولىدۇ. خىزمەتچىلەر خوجايىنىنىڭ سەمىمىيىتىدىن تەسىرلەنسە، ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتى ۋە خىزمەت ئورنىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى خوجايىنىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە پىلانىنى ئورۇندىشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆھپە يارىتالايدۇ.

ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان جاھىل خوجايىنلارغا خىزمەتچىلەر قولىنىڭ ئۇچىدا، خۇشياقا ـ ياقماس ئىشلەپ ساداقەتسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ. خىزمەتچى خادىملار ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا بولغان پايدىلىق پىكرىنى ۋە زېھنىي كۈچىنى تەقدىم قىلمايدۇ. خوجايىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسى ئۈچۈن جىددىيلەشمەستىن، ئەكسىچە خوجايىنىنىڭ مەغ-

لۇپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىزمەتچىلەرنىڭ
خىزمىتى تەبىئىي ھالدا ناچار بولۇپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار كاللا -
ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان، پەقەت ئىككى قولى بىلەن ماشىنا ئادەمدەك
ئۆلۈك ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## نەتىجىسىز تىجارەت قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك

زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ كۆلىمى قانچە چوڭ بولسا، ئۇلار شۇنچىلىك
قائىدە - تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قانچىلىك خاتا ئىش
قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىمۇ بۇنداق ئەھۋال-
دىن خالىي ئەمەس. مەلۇم تۆمۈريول شىركىتى بىر كومىتېت تەشكىل-
لەپ، كۈنلۈك، ھەپتىلىك ۋە ئايلىق تەييارلىنىدىغان زور مىقداردىكى
دوكلاتلارنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن، نەتىجىدە يۈز نەچچە خىلى
ئەھمىيەتسىز بولۇپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن كومىتېت ئانچە مۇھىم بولمى-
غان شەكىللەرنى قىسقارتىۋەتكەن. بۇ ئارقىلىق باسما خىراجىتىدىنلا يىلدا
20 مىڭ دوللار تېجىلىپ قالغان.

ئەمما، بۇ نەتىجىنىڭ پايدىسى پۇل تېجەش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ،
بەلكى تېجەپ قېلىنغان ئەڭ مۇھىم نەرسە خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى-
دىن ئىبارەت. ئۇلار مۇھىم بولمىغان دوكلاتلارغا ۋاقىت سەرپ قىلىپ
ئولتۇرماستىن، بەلكى پۈتۈن زېھنىنى زۆرۈر خىزمەتكە قاراتقان. چوڭ
شىركەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ ھەقتە بىۋاسىتە تەسىراتى بولۇپ، بۇن-
داق قىلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئۇلار ئېنىق بىلىدۇ.

جون. ج. كاد ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا تېلېفون تىجارىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپتى. ھازىر ئۇ مۇدىر تېخنىك بولۇپ، ئۆزى ۋە خىزمەتداشلىرى
ياش ۋاقتىدا قىلغان نەتىجىسىز ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك

ۇمۇرلۇق ئەسلىمىسى بار:

دەسلەپتە بىز مەيلى قانداق مەسىلە بولسۇن، دائىم ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن بەزى پايدىسىز ئىشلارنى قىلغانتۇق. مەسىلەن، كالىلارنى پاراخوتقا بېسىپ باشقا ئورۇنغا يۆتكىمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن كالىلارنىڭ تاختاي كۆۋرۈك ئۈستىدە مېڭىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئىككى يىل ئىلگىرى مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ كالىلارغا دەرس ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. بىراق، ھازىرچۇ؟ ئەگەر باشلىق كالىلارنى پاراخوتقا بېسىڭلار دەيدىغان بولسا، بىز ئاپتوماتىك بېسىش ماشىنىسى بىلەن كالىلارنى دەرھال بىر - بىرلەپ پاراخوتقا بېسىپ كېتەلەيمىز، بۇنىڭدا ھەم ئاسان، ھەم زىيىن سەرپ بولمايدۇ.

ھازىرقى چوڭ زاۋۇتلار، نەتىجىسىز ئىش قىلىشتەك نۇقسانلارنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ياللىغان. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كەسپنى قانداق قىلغاندا ئاددىيلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى، كونا قائىدە-تۈزۈملەرگە ئېسىلىۋېلىپ ئىگىلىك پرىنسىپىغا ماس كەلمەيدىغان نۇقسانلارنى سادىر قىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت.

ئامېرىكا ماشىنىسازلىق تېخنىكا بىرلەشمىسى ۋە كىلور ئۇنىۋېرسىتېتى سانائەت بۆلۈمىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان جون. ي. رۇيىت يۇقىرى سۈرئەتلىك يار دۆڭگاتېلىنى لايىھىلەشتە كۆپ ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بارغان.

ئۇ ياساش پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىغا چوڭ خەت بىلەن «ئېكسكۇرسىيە قىلىپ يول كۆرسىتىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز» دەپ يېزىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەر خىل ئادەملەرنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلاتتى. گەرچە زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كەسپىياتچىلاردىن بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ كەلگەنلەرنىڭ پىكرىنى تاقەت بىلەن ئاڭلايتتى، شۇنداقلا كەلگەن مېھمانلارغا دائىم: «بۇ ئېھتىمال ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئەپچىل چارە بولسا كېرەك!» دەيتتى.

بىر قېتىم ماشىنىسازلىق تېخنىكا بىرلەشمىسىنىڭ ئۇنى خاتىرىلەش

ئۈچۈن بىرىلگەن كەپىلىك زىياپىتىدە، بىرلەشمە ئەزاسىدىن بىرسى سۆز قىلىپ: «ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى دائىم تىك سىزىقلىق ئىدى. ئۇنىڭچە بىر تۈز سىزىقنىڭ ئىككى نۇقتىسى ئارىلىقى بولىدىكەن. بىز ئىككىلىنىپ ھالقا شەكلىدە بىر دائىرىدىن چىقالمىغان چاغلىرىمىزدا، ئۇ تىك سىزىقنىڭ يەنە بىر نۇقتىسىغا يۈزلىنىپ بىۋاستە تەپەككۇر يۈرگۈزەتتى» دېگەن ئىدى.

## ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تېپىڭ

قابىلىيەت چوقۇم سىرتتىن كېلىدۇ دەپ قارىماڭ. دەرۋەقە، قابىلىيىتىڭىزنى يېتىلدۈرىدىغان نۇرغۇن ئۇسۇل بار، ئالايلۇق، سىزنىڭ مەلۇم بىر بىلىمگە ئىگە بولغىنىڭىز شۇ قابىلىيەتكە ئىگە بولغىنىڭىزدۇر. بۇنىڭدىن سىز قابىلىيەتنى چوقۇم ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ، دەپ قارايسىز-دە. ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويىسىز. بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزدە سىز تېخى سەزمىگەن چەكسىز يوشۇرۇن قابىلىيەت بار. ئەگەر سىز ئۇلاردىن پايدىلىنالىسىڭىز مۆلچەرلىگۈسىز مەنپەئەتكە ئىگە بولىسىز. ئۇلاردىن پايدىلانمىسىڭىز، ئۇلارنى جارى قىلدۇرمىسىڭىز، ئۇ يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىز چوقۇم ئاستا-ئاستا يوقىلىدۇ.

ھەممىگە ئايان بىر ئىش بار، بۇ بىزگە ئەڭ ياخشى ئەمەلىي مىسال بولالايدۇ. بىز پۇت-قولىمىزدىكى تىرناقنى ئۆستۈرمەي دائىم قىرقىپ تۇرىمىزغۇ؟ ئەمما، مىليون يىللار ئىلگىرى بىزنىڭ تىرناقلىرىمىز ياۋايى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە قاتتىق ئىدى. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تىرنىقى نېمە ئۈچۈن تا ھازىرغىچە شۇنداق ئۆتكۈر بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ياۋايى ھايۋانلار ئاشۇ تىرنىقىدىن مۇھىم قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەنلىكىدە. ئەمما، ئىنسانلار تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاجەت بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ تىرنىقى بارا-بارا

ـرىپ كەتكەن. بىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش،
ر سىز ئۇنى ئىشلەتمىسىڭىز، ئۇ تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ.
سىزدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان قابىلىيەت مۇۋاپىق مۇھىت، مۇۋاپىق
ـەت ۋە مۇۋاپىق خىزمەتكە موھتاج. جون ۋېرد ئوغلى ماكسىمنىڭ
ندا خېرىدار كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دۇكان جوجايىنى دەيۋىستىن:
ەندىم، يېقىندىن بېرى ئوغلۇم سىزنىڭ بۇ يەردە تىجارەت ئۆگىنىۋاتىـ
ئۇنىڭدا ئىلگىرىلەش باردەكمۇ؟» دەپ سورىغان.
دۇكان خوجايىنى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئۇزاق يىللىق
ـاس، كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن، ئوچۇقىنى دەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ڭ ياسالما گەپ بىلەن خۇشۇم يوق، ئوغلىڭىز ھەقىقەتەن ياخشى بالا.
ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق، تەمكىنلىكىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
ن، ئۇ بۇ يەردە قېرىغۇچە ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ ئىستىقباللىق سودىـ
بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مىجەزى سودىگەرلىك قىلىشقا ماس
ـەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى يېزىغا ئېلىپ كەتكىنىڭىز تۈزۈك
ـمىكىن».
بىراق كېيىنچۇ؟ ماكسىم ئۇلۇغ سودىگەر بولۇپ چىقتى.
بۇ زادى قانداق گەپ؟ ماكسىم باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغانمۇ؟ ياق،
اق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت مۇھىت ۋە پۇرسەتنىڭ
امىغا ئېرىشتى. ئۇ چېكاگودا نۇرغۇن نامرات بالىلارنىڭ جاپالىق
شىش، كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا، ھەممىسىنىڭ بىر - بىرلەپ باي
انلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ماكسىممۇ تىرىـ
ن يولىغا قەدەم قويدى. ئۇ دائىم ئۆزىگە: «مەن زادى چوڭ سودىگەر
پ چىقالمامدىمەن؟ مەن تۇغۇلۇشىمدىنلا خەقنىڭ ئارقىسىدا قالىدىغان
م بولۇپ تۇغۇلغانمۇ؟» دەپ سوئال قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەيرەتـ
كېلىپ، ئەسلىي ئۆزىدە بار بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئىشقا
ـىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

本书根据中国国际广播出版社1991年11月第一版北京1991年11月印刷版本翻译出版。

جاۋابكار مۇھەررىرى: روزى سەيدىن
جاۋابكار كوررېكتورى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: ئارزۇگۈل سىدىق

# كارنىگ ھېكمەتلىرى

تۈزگۈچى: جاۋيەنيۈن قاتارلىقلار
تەرجىمە قىلغۇچى: غالىب مەنسۇر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 10.875، قىستۇرما ۋارىقى: 1
2000 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5110

ISBN 7 — 5373 — 0797 — 0/Z.86
باھاسى: 13.50 يۈەن